ISSN 1002—9044

# تارىم

11

1994

ISSN 1002-9044

11>

9 771002 904009



6-نۆۋەتلىك «خانتەڭ-
ري ئەدەبىيات مۇكاپاتى»
ۋە 2-قېتىملىق يېڭى دەۋر
ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاك-
ىمە يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن
رەئىسى مىجىت ناسىر بېكمۇ قامەت،
قەييۇم تۇردى قاتارلىقلار بىلەن
بىللە.



مىجىت ناسىر يىغىن
قاتناشقان ئەدەبىي ژۇرنال
لار باش مۇھەررىرلىر
بىلەن بىللە.



ئۇچرىشىش

# تارىم


باش مۇھەررىر

مۇھەممەت شاۋۇدۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر

ئارسلان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

تەھرىر ھەيئەتلەر

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇ-
سالام توختى، ئابدۇرۇسول
ئۆمەر، ئابدۇراخمان ئەبەي،
ئارسلان، ئالىمجان ئىسمائىل،
ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، تۇرسۇنئاي
ھۈسەيىن، خالىدە ئىسرائىل،
زوردۇن سابىر، قەييۇم تۇردى،
مۇھەممەت شاۋۇدۇن، مۇختەر
مەخسۇت، ئوسمانجان ساۋۇت،
ئىمىن تۇرسۇن.


ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

44 - يىل نەشرى

11

1994

# بوستاندا

## نەسرىي ئەسەرلەر


ئەخمەت تۇردىيېۋ ........... باھاردىر جەڭچى (ئەسلىمە) ................ 4

ئەركىن روزى ............... يىراق ماكاندىكى قىممەتلىك ساراڭلار (ئەدەبىي ئاخبارات) ................ 8

سىدىق تۇرسۇن ............ ئاھ، كەپتەر (ھېكايە) ................ 19

غوپۇر نۇر ............... دەرۋازىۋەن (ھېكايە) ................ 34

زۆھرە ئابدۇۋايىت ........... پەردىسىز دېرىزە (ھېكايە) ................ 41

جالالىدىن بەھرام ........... قۇملۇقتىكى ئاتەش (پوۋېست) ................ 51

ئەرشىدىن توختى ............ كۆڭۈل كۆكىدە چاقنىغان يۇلتۇزلار (نەسىر) .... 102

قەيسەر مجىت ............. خىيال دېڭىزىدىن چەشمىلەر (نەسىر) ........... 106

ئابدۇۋەلى كېرىم ........... نەسرلەر ................ 108

ئەكبەر قادىر .............. قەلب خىتابى (نەسىر) ................ 114


## شېئىرلار


مەھەممەتجان سادىق ........ ئىككى شېئىر ................ 45

مەھەممەتجان راشىدىن ..... سېنىڭ روھىڭ ................ 46

تەلئەت ناسىرى ............ ئۆز تىلىم ................ 48

ئەركىن نىزامى ............ شائىر، باھار، تۇپراق ................ 49

غەنىزات غەيۇرانى ......... رۇبائىي ۋە قىتئەلەر ................ 95

جاپپار قاسىم .............. لىرىكىلار ................ 96

ئابلىز ھوشۇر ............. شېئىرلار ................ 97

ئىمىن تۇرسۇن ............ ئەلۋىدا، غۇلام ................ 100

رەھمىتۇللا جارى .......... دوستىمىز ھاجى غۇلام غوپۇرىغا يادنامە ........ 100

ئوسمانجان ساۋۇت ......... ھازا كۈيى ................ 101


## ئۈمىد چېچەكلىرى (13)

(شېئىرلار)


رابىيەم ئىسرايىل ........... ئۈنسىز سۆيۈش ................ 115

ئەكبەر نىياز پەتتارى ...... قوشماق كۇبلېتلار ................ 115

ئابابەكرى تۇيغۇن.......... قۇياشنى باشلاپ كەل يۇرتۇمغا ، بوۋا.......... 116
ئۆمەرجان مۇھەممدى........ شېئىرلار.................... 116


## ماقالىلەر


مىجىت ناسىر................ 6-نۆۋەتلىك « خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى » ۋە 2-قېتىملىق يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز......، 118
قەييۇم تۇردى.............. « خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى » پائالىيىتى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملاشسۇن ۋە مېۋە بەرسۇن...- 121


## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز


مەھەممەتتۇرسۇن ئېلى....... ئەدەبىياتنىڭ ئۇبىيېكتى توغرىسىدا.......... 125
ئۆچقۇنجان ئۆمەر.......... يۇمۇرلار ھەققىدە مۇلاھىزە............ 132


## نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى


لەتىپىلەر.............................. 143


## بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز


شائىر ئابدۇللا سۇلايمان................. 145


## قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن


ئەبدەنباي باجاي........... شېئىرلار........................ 148


## كۇرسانتلار ئەسەرلىرىدىن


توختاشگۈل ئۆمەر........... ئىككى ھېكايە...................... 152
پاشاگۈل ئىسمايىل.......... ئانا (نەسىر)...................... 154
ئەمەتجان مۇھەممەت، ئوسمانجان ئابدۇرېھىم، خەنگۈل مەخەت، ئابدۇرېشىت مىجىت، ئېلى ھوشۇر، مۇنىياز ئېلى...... (شېئىرلار)...................... 155


## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار


غۇلجىدا 6-نۆۋەتلىك « خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى » ۋە 2-قېتىملىق يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى... 158
مۇكاپاتلانغان ئەسەرلەر.................... 160


* * *


رەسسام ۋە خەتتات: مەھەممەت ئايۇپ
مەسئۇل كوررېكتور: قېيۇم تۇرسۇن



ئەخمەت تۇردىيېۋ

# باھادىر جەڭچى

(ئەسلىمە)

بەزى چاغلاردا، ئۇرۇشنىڭ تازا جىددىي پەيتلىرىدە بىرەر شەخسنىڭ ئۆلۈمدىن قورقماي كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقى پۈتۈن قىسىمنىڭ جاسارىتىنى ئاشۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ مۇھىم ئامىلى بولۇپ قالىدىكەن. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيە جەڭچىسى ھېسىم ئەمرۇللا ئەنە شۇنداقلارنىڭ بىرى ئىدى.

* * *

ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىنىڭ ئوتتۇرا يۆنىلىش قىسىملىرى شىخو ناھىيىسىگە ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم باشلىدى. سۇيدۇڭ بىرىنچى پىيادىلەر پولكى شىخونىڭ شىمالىدىن يەنى چۆچەك يولى تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلدى. پولك قوماندانلىقى بىزنىڭ بىرىنچى روتىغا ساسلىقتىن ئۆتۈپ دۆڭگە جايلاشقان گومىنداڭ پوتىيىنى ئىگىلەپ، شىخونىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان گومىنداڭ مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ ئوت مەركىزى بولغان چوڭ پوتخانىغا ھۇجۇم قىلىشنى تاپشۇردى.

شىخو — ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي، ئۈرۈمچى قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقان ستراتېگىيىلىك مۇھىم ئورۇن بولۇپ، گومىنداڭچىلار شىخونى ئۈرۈمچىنىڭ غەربىي دەرۋازىسى دەپ قاراپ، بۇ يەرگە پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلىپ قاتمۇقات ئىستىھكاملارنى قۇرۇپ، زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللاندۇرغان 10 مىڭدەك ئەسكىرىي كۈچىنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ئەكسىچە، شىخوغا ھۇجۇم قىلىدىغان مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ بولسا قوراللىرى ئاددىي، ئەسكىرىي كۈچى مىڭغا يەتمەيتتى. كۈچ سېلىشتۇرما پەرقى زور بولسىمۇ، جەڭچى-ئوفىتسېرلارنىڭ ئىنقىلابىي روھى، قۇربان بولۇشتىن قورقمايدىغان قەھرىمانلىقى غەلىبە قىلىشىمىزنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك مەنىۋى قورالى ئىدى. قىسىملىرىمىز

دۈشمەننىڭ قويۇق ئوت كۈچىنى يېرىپ ئۆتۈپ ھەدېمەيلا ئۇلارنىڭ 3-مۇداپىئە لىنىيىسىنى ئىگىلىدى. جەڭچىلەر پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، 2-لىنىيىسى (قارا دۆڭ مەھەللىسى)گە ھۇجۇم قىلغاندا، دۈشمەننىڭ ئىككى تانكىسى شىخو تەرەپتىن توپ ۋە پىلىموتتىن يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇپ، ناھايىتى سۈرلۈك ھۆركىرەپ چىقىپ كەلدى. يەر تۈپتۈز، كۆكتات تەرگەن چۆنەك قىرلىرىدىن باشقا پاناھلىنىدىغان ھېچقانداق بىرەر ئەپلىك ئورۇن يوق ئىدى. جەڭچىلەر نېمە قىلارىنى بىلەلمەي چۆچۈگەن ھالدا تېڭىرقاپ قالدى، بۇرۇن تانكا كۆرۈپ باقمىغان جەڭچىلەر ئۈچۈن بۇ بىر تاسادىپىيلىق بولۇپ تۇيۇلدى. بىزنىڭ سول قانىتىمىزدىكى 3-روتىنىڭ پەيجاڭى ھاجى جەڭچى ئابدۇراخماننىڭ قولىدىكى 20 كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى تانكا ئاتار (دەسلەپكى تانكا ئاتار قوراللىرىنىڭ بىرى)نى يۇلۇپ ئالدى-دە، كۈچلۈك قورال ئارقىغا تېپىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن ئىككى پۇتىنى چۆنەك قىرىغا تىرەپ، تانكىنى قارىغا ئالدى. «كېلە، يامان بولساڭ يېقىنراق كېلە!» دېدى ئۇ ۋارقىراپ تۇرۇپ ۋە ئىككى پاي ئوقنى كەينى-كەينىدىن ئاتتى. تانكىنىڭ ئالدىدىن ئىككى تۆشۈك ئېچىلىپ، تانكا توختىدى، ئۇنىڭ ھەيۋىسىمۇ يەرگە ئۇرۇلدى. بۇ ھال تېڭىرقاپ قالغان قىسىم جەڭچىلىرىگە قايتىدىن جاسارەت بېغىشلىدى. ئىشنىڭ ئەپلەشمىگەنلىكىنى بىلگەن گومىنداڭنىڭ بۇ تانكىستلىرى زەخىم يېگەن تانكىنى ئالمان-تالمان ئارقىدىكى ساق تانكىغا سۆرىتىپ، قويرۇقىنى ئىچىگە تىقىپ، تانكا ھىمايىسىدە كېلىۋاتقان چۆمۈلىدەك چېرىكلىرى بىلەن قارا دۆڭ مەھەللىسى ئارقىلىق شىخوغا كىرىپ كەتتى. قىسىملىرىمىز بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ئارقىدىن قوغلاپ، گومىنداڭنىڭ 2-لىنىيىسىنى ئىگىلىدۇق. جەڭچىلەرنىڭ غەيرىتى ناھايىتى ئۈستۈن ئىدى. ئۇلار كۈچلۈك ئوت كۈچىگە قارشى قاتمۇقات توساقلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، تۈگمەننىڭ جەنۇبىدىكى دۆڭ ئۈستىگە جايلاشقان، دۈشمەننىڭ بۇتخانىدىن قالسىلا 2-ئورۇندىكى ئوت كۈچى توپلاشقان پوتىيىنى ئىگىلىدۇق. دۈشمەن بۇ مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەي ئۆلەر-تىرىلىشىگە قارىماي غالجىرلارچە قايتارما ھۇجۇم قىلدى. جەڭچىلىرىمىز بەزىدە قوچاقلاشما جەڭ ئارقىلىق دۈشمەننى ئارقا-ئارقىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ، ئۇلارنى بۇتخانىغا بېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى. قىسىملىرىمىز بۇتخانىنىڭ غەربىدە 100 مېتىردەك ئارىلىقتا ئاكوپ كولاپ مۇداپىئە قۇرۇپ، يېڭى ھۇجۇمغا تەييارلاندۇق.

* * *

بۇ 1945-يىل 9-ئاينىڭ 8-كۈنى يەنى شىخوغا ھۇجۇم باشلانغان 4-كۈنى ئىدى. گومىنداڭنىڭ 3-مۇداپىئە لىنىيىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈش جېڭىدە لىيەنىمىزنىڭ كوماندىرى راشىدىن بىلەن مۇئاۋىن كوماندىرى ئارتىقۇۋلار يارىدار بولۇپ سەپتىن چىققاچقا، يۇقىرىدىن لىيەنگە قوماندانلىق قىلىشنى ماڭا تاپشۇردى. لىيەندە بار-يوقى 60 — 70 دەكلا ئادەم قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوق-دورىلىرىمىز قۇرۇقدىلىپ قالغاچقا، مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقاندۇق. يۇقىرى قوماندانلىقنىڭ «غەلىبىدىن ئېسەنكىرەپ بىھۇدە قارامىلىق قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك» دېگەن يوليورۇقى بويىچە، ئېھتىياتچان بولۇپ، جەڭچىلەرنىڭ دۈشمەننى داۋاملىق قوغلاپ زەربە بېرىش تەلىپىگە نىسبەتەن سەۋرچانلىق بىلەن خىزمەت ئىشلەپ، ئۇلارنى قايىل قىلدىم. ئەمما، مۇشۇ ئۇرۇشتا قۇربان بولۇپ كەتكەن نۇرغۇن سەبداشلىرىنى ۋە گومىنداڭ تەرىپىدىن كۆرە-سۆيدۈكلەردە كۆزى ئويۇۋېلىنغان، قورسىقى يېرىلىپ يۈرىكى سۇغۇرۇۋېلىنغان بىگۇناھ قېرىنداشلىرىنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمىنى

www.uyghurkitap.com



ئېسىگە ئالغان جەڭچى-ئوفىتسېرلەرنىڭ قەلبىدىكى قىساس ئوتى، لاۋۇلداپ يانغانلىقتىن، كۆزىگە ھېچنەرسە كۆرۈنمەيتتى. پۈتۈنلەي ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا بۇتخانىغا تېزدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈشنى قەتئىي تەلەپ قىلىشاتتى.

«مۇھتەرەم كوماندىر» دېگەن بوم ئاۋاز دىققىتىمنى بۇزدى. روتا مىناميوتىنىڭ ئىستانوكىدىن ئاجرىتىۋالغان ستۋولنى ئىككى قولى بىلەن چىڭ تۇتقان ھېبىم ئەمرۇللا ئاكۇپتىن خۇددى توك تەپكەندەك ئىرغىپ تۇرۇپ «مەن گومىنداڭ بۇتخانىسىغا ھۇجۇمغا ئۆتتۇم» دېگىنىچە ئالغا يۈگۈردى.

ھېبىم ئەمرۇللا بۇرۇسۇنلۇق بولۇپ، 23 ياشلاردا ئىدى. ئوتتۇرا بوي، كەڭ غوللۇق، مىجەزى ئېغىر-بېسىق، ھەمىشەم كۈلۈپلا تۇرىدىغان بۇ يىگىت ناھايىتى ئاچچىقى كەلدى دېگەندىمۇ چىشىغا تەگكەن سەبدىشىنىڭ بېلىدىكى ھەربىي كەمىرىدىن تۇتۇپ، بىر قولى بىلەن بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈۋالاتتى. ھېبىم ئەمرۇللا ئادەتتە ماڭغاندا بىر مۈرىسى ئېگىز، بىر مۈرىسى پەس تۇراتتى. بۇ ئۇنىڭ پالۋانلىق ئېغىر مىجەز-خۇلقىغا تولىمۇ يارىشاتتى. ھېبىمنىڭ ستۋولنى تۇتۇپ ئالغا يۈگرۈشى خۇددى بىر قانىتىنى پەس قىلىپ شۇڭغۇغان ھۇجۇمچى ئايروپىلاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۈمىدۋارلىق، قىزغىنلىق، پەتىيلىك، ھەرقانداق خەتەردىن قورقماسلىق ھېبىم ئەمرۇللانىڭ ۋۇجۇدىدىكى چاقناپ تۇرغان ئالاھىدىلىكى ئىدى. شۇڭا ليەن ئۇنىڭغا كۈچ تەلەپ قىلىدىغان مىناميوتچىلىق ۋەزىپىسىنى بەرگەنىدى. ئۇ بۇ ۋەزىپىنى شۇنداق ياخشى ئادا قىلدىكى، بىر تال ئوقى زايا كەتمەيتتى. مانا ئەمدى بولسا ئوقى تۈگىگەن مىناميوتنىڭ قۇرۇق ستۋولنى كۆتۈرۈپ دۈشمەنگە ھەيۋە قىلىپ ئالغا يۈگۈرمەكتە.

— ھېبىم! ئارقاڭغا قايت، يالغۇز ماڭما! — دەپ بۇيرۇق بەردىم مەن. بىراق ئۇ خېلىلا ئۇزاپ كەتكەنىدى. مەن ئىلاجىسىزلىقتىن جەڭچىلەرگە بۇتخانىغا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق بەردىم.

* * *

جەڭچىلەر بۇتخانا قورۇسىغا كىرگەندە گومىنداڭ چېرىكلىرى قوراللىرىنى يەرگە قويۇپ، قوللىرىنى كۆتۈرۈشۈپ تۇرۇپتۇ. مەن بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ: ئاپىرىن، مۆجىزىغۇ بۇ، دەۋەتتىم ئىچىمدە. شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن بومباردىمانچى ئايروپىلاندىن ئىككىسى شىخو ھاۋا بوشلۇقىدا ئايلىنىپ، شىخودىكى گومىنداڭ ھەربىي قىسىملىرىنىڭ مۇھىم ھەربىي بازىلىرىغا بومبا تاشلىدى. بومبىلارنىڭ پارتلىشى بىلەن ئوت لاۋۇلداپ ئاسمان-پەلەك كۆتۈرۈلدى. گومىنداڭ قىسىملىرى ساراسىمىغا چۈشتى. بولۇپمۇ مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ بوراندەك ئالغا بېسىپ، قەدەممۇ قەدەم قورشاۋ چەمبىرىكىنى قىسىپ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن گومىنداڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھەلقۇمغا كېلىپ قالغان جېنىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئەسكەرلىرىنى مۇداپىئەدە قالدۇرۇپ، مۇھاپىزەتچى قىسىملىرى بىلەن. شەرققە قاراپ قاچقاچقا، قوماندانلىرىدىن ئايرىلغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى قورقۇپ كەتكەنلىكىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قېلىپ، پۈتى كۆيگەن توخۇدەك بولۇپ قالغانىدى. بىز بۇتخانىنىڭ باشقا ئۆيلىرىدە پىلىموت ئېتىۋاتقان گومىنداڭ چېرىكلىرىنى ئوڭايلا تەسلىم قىلىپ، پۈتۈن بۇتخانىنى ئىگىلىدۇق. مەن ھېبىم تۇرغان بۇتخانا ئۆيىگە كىردىم. ئۇ يەردە مېڭىسى چۇۋۇلغان بىر گومىنداڭ چېرىكى

يېتىپتۇ. ھېبىم ئەمرۇللا ئۇزىنى تۇزەشتۇرۇپ ماڭا دوكلات قىلدى. كېيىن مەلۇم بولدىكى، ھېبىم مىنامىيوتنىڭ قۇرۇق ستۋولىنى كۆتۈرۈپ بۇتخانىغا كىرگەندە، قورۇ ئىچىدە ئەسكەرلەر مىغ-مىغ ئىكەن. «قورقانىغا قوش كۆرۈنۈپتۇ» دېگەندەك ھېبىمنىڭ قولىدىكى مىنامىيوتنىڭ ستۋولى ئۇلارغا نېمە كۆرۈندىكىن، ئۇق چىقارمايلا تۇرۇپ قاپتۇ. خۇددى باش قوماندانغا يول ئېچىپ بەرگەندەك، چېكىنلەر قورقۇپ تىترىگەن ھالدا ئوتتۇرىدىن يول ئېچىپ بېرىپتۇ. ئۇ ھېچبىر قارشىلىقسىزلا بۇتخانىنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ. دۈشمەنىنىڭ پىلىموتچىكى زېنىت پىلىموتتىن ساسلىقتىكى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا قارىتىپ ئوق ئېتىۋاتقان ئىكەن، ھېبىم قولىدىكى ستۋول بىلەن ئۇنىڭ مېڭىسىگە بىرنى ئۇرۇپ يىقىتىپتۇ-دە، پىلىموتنى ئىستانوكى بىلەن كۆتۈرۈپ (ئەمەلىيەتتە زېنىت پىلىموتنىڭ ئىستانوكىنى ئىككى ئادەم ئاران كۆتۈرەلەيدۇ) ئىشىككە ئەكىلىپ، بۇتخانىدىكىلەرگە: قورالىڭنى تاشلا، قولۇڭنى كۆتەر، دەپ بۇيرۇپتۇ. تەمتىرەپ كەتكەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ، تەسلىم بولۇپتۇ. مەن ھېبىمنىڭ مەيدىسىگە چاپلىشىپ قالغان مېڭە قېتىقىنى كۆرۈپ، ھەممىنى چۈشەندىم.

مەن دەررۇ ئەسىرگە چۈشكەن ئەسكەرلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش، قوراللىرىنى بىرتەرەپ قىلىشنى تەمىنات روتىسىنىڭ كوماندىرىغا تاپشۇرۇپ، ھېلىقى زېنىت پىلىموت ئاتقان تۆشۈكتىن ئالدىنقى سەپ — ساسلىققا قارىدىم. پاھ! مەن نېمە كۆرۈۋاتىمەن دېدىم كۆزۈمگە ئىشەنمىگەندەك. كۆز ئالدىمدىكىسى كىنولاردا كۆرگەن 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىكى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ بېرلىنغا ھۇجۇم قىلغان كۆرۈنۈشىدىن ھېچ قېلىشمايتتى. قوراللىرىنى مەھكەم تۇتقان، غەزەپتىن چىشلىرى كىرىشكەن، كۆزلىرىدىن ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان شېھىتلار ساسلىقتا سايىنىڭ تېشىدەك ياتاتتى. كىرپىت بەلگىلىك سومكا ئاسقان سانىتار قىزلار ئۆزلىرىگە كېلىدىغان خەۋپكە قارىماي، جان پىدالىق بىلەن بىردەم ئۆمىلەپ، بىردەم مېڭىپ يۈرۈپ، يارىدارلارنىڭ يارىلىرىنى تاڭاتتى، نوسىلكىغا سېلىپ بىخەتەر ئورۇنلارغا ئاپىراتتى. ئالغا ئىلگىرىلەشكە قاتتىق توسالغۇ بولۇۋاتقان بۇتخانىدىكى پىلىموتنىڭ ئۈنى ئۆچۈش بىلەن ساسلىقتا بېلىگىچە پاتقاققا پېتىپ ئېتىشىۋاتقان جەڭچى-ئوفىتسېرلار ئورۇنلىرىدىن دەست تۇرۇپ، ھۇررا ساداسى ئىچىدە ئالغا ئىلگىرىلىدى، ئالدىدىكىلىرى ساسلىقنىڭ قىرىغا ياماشتى.

شىخو ئازاد بولغاندىن كېيىن، شىخو ئۇرۇشىدا پىداكارلىق بىلەن قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن يۇقىرى ھېبىم ئەمرۇللانى ئالاھىدە تەقدىرلىگەندىن سىرت ئۇنى پولكىنىڭ مۇھاپىزەت ئەترىتىگە يۆتكەپ كەتتى. مەن يىل ئاخىرىسىدا پولك شتابىغا يىغىن مۇناسىۋىتى بىلەن بېرىپ ھېبىم بىلەن كۆرۈشۈپ قالدىم. ئۇنىڭ جەڭگىۋار ھالىتى ئۇرۇشتىن بۇرۇنقىدىنمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈندى. يېڭىغا ئېسىۋالغان ياغاچ قاپلىق ماۋزۇر ۋە ھەربىي فورمىسى قامەتلىك پالۋان بەستىگە تولىمۇ ياراشقانىدى.

ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ بەدەلسىز قالمايدىغانلىقىنىڭ نىشانى سۈپىتىدە، گومىنداڭ پىلىموتچىكىنىڭ مېڭە قېتىقى چاپلاشقان ئۇنىڭ مەيدىسىدە «باھادىر» لىق مېدالى نۇر چاقنىتىپ تۇراتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمايىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەركىن روزى

# يىراق ماكاندىكى قىممەتلىك ساراڭلار

(ئەدەبىي ئاخبارات)

## مۇقەددىمە

قەدىرلەشكە، ئاسراشقا تېگىشلىك كىشىلىرىمىزنى ھەمىشە تاپالمايمىز. ئاقىۋەتتە قىسقىغىنا ھاياتىمىزنى رەنجىش، ئۆكۈنۈش، غەيۋەت-شىكايەت بىلەن ئۆتكۈزىمىز.

مۇنداق بىر رىۋايەت پات-پاتلا ئېسىمگە كېلىپ قالىدۇ: يىراق بىر يېزىدا ھال-كۈنى يامان ئەمەس بىر دېھقان ياشايدىكەن. ئۇ بىر ئىت بېقىۋاپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە دېھقان بۇ ئىتنىڭ تولا قاۋايدىغانلىقىدىن زېرىكىپ، ئۇنى باشقا بىر كىشىگە سېتىۋېتىپتۇ. ھەمدە ناھايىتى ياۋاش، باشقىلار تاش ئاتسىمۇ جىم ياتىدىغان بىر ئىتنى تېپىپ كېلىپ، ئۇنى ئەتىۋارلاپ بېقىپتۇ. بۇ ئىتنىڭ خۇسۇسىيىتىنى بىلىۋالغان ئوغرىلار بىر كېچىدىلا ھېلىقى دېھقاننىڭ نۇرغۇن نەرسىلىرىنى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن دېھقاننىڭ ئىچى سىيرىلىپ، تولا قاۋاپ ئۇيقۇسىنى بۇزغان ئىلگىرىكى ئىتنى ھەمدە ئۇنىڭ تولا قاۋىشىدىكى سەۋەبنى ئويلاپ پۇشايمان قىپتۇ.

بۇ بىر ئاددىي رىۋايەت، لېكىن ئۇ بىزنى ئويغا سالىدۇ. ئىتنىڭ ئوغرىنى كۆرۈپ تولا قاۋىشىدىن، ئۇنىڭ سەزگۈرلۈكىدىن، خورازنىڭ تاڭ سەھەردە چىللاپ ئويغىتىۋېتىشىدىن زېرىكىپ، ئۇنى ئۆچ كۆرۈپ قېلىش قاملاشمىغان ئىش.

كۆپ ئىزدىنىدىغان، كۆپ پىكىر قىلىدىغان؛ خەلق ئۈچۈن، ئەۋلادلار ئۈچۈن كۆپرەك ئىشلەيدىغان؛ تۈننى تاڭغا ئۇلاپ ئىجاد قىلىدىغان كىشىلەردىن زېرىكىش، ئۇلارنى ياراتماسلىق، ئۇلارنى كۆزگە ئىلماسلىق ئىللەتلىرى جەمئىيەتتە ئۇچراپمۇ قالىدۇ، بەزىلەرنىڭ ھەتتا ئاشۇنداق «مىخ» لارنى سودىگەرلەرگە سېتىۋېتىپ، ئۇلاردىن قۇتۇلغۇسى كېلىدۇ.

قەدىرلىك كىتابخانلىرىمغا يۇقىرىقى رىۋايەتتىن باشقا يەنە كىشىنى تېخىمۇ ئويغا سالىدىغان يېڭى بىر رېئاللىقنى تەقدىم قىلىمەن. بۇنداق ئەھۋاللار ئومۇمىيۈزلۈك بولمىسىمۇ، لېكىن جەمئىيەتتە مەۋجۇت. بەزىلەر كۆڭلىنى پەس تۇتىدۇ، ئۆزىدىن ئارتۇقراق بىلىمى بار كىشىلەرنى چەتكە قېقىپ، ساراڭغا ئايلاندۇرۇپ، ۋەيران قىلىۋېتىدۇ.

«ساراڭ» دەپ ئاتالغانلارنىڭ سۈرىتىگە قاراڭ...

## 8. «ساراڭ» شائىر

— ئادەم ساراڭ بولمىسا، شېئىر توقۇيالمايدۇ دېگەن گەپ راست ئوخشايدۇ، قىپقىزىل ساراڭنىڭ ئۆزىكەن ئەمەسمۇ؟

— ئېيتاۋۇر مۇشۇ شائىر، يازغۇچى دېگەن نېمىلەر بارغۇ، جاھاننىڭ تۈرلۈك-تۈمەن ئىشلىرىنى كۆرۈپ بېشى ئايلىنىپ قالغان نېمىلەر.

— ساراڭ بولمىسا يالغان-ياۋىداق نەرسىلەرنى يېزىپ يۈرۈشەمتى؟...

بۇ بىر قىزىق سورۇندا بولۇۋاتقان پاراڭلاردۇر. بىر دوستىمىزنىڭ بالىسىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى قۇتلۇقلاش ئۈچۈن تۈزۈلگەن بۇ سورۇندا ھېلىقى بالا تۇغرۇلۇق، ئۇنىڭ قۇتلۇق كۈنى توغرۇلۇق بىرەر ئېغىزمۇ گەپ بولمىدى. ئەكسىچە دەل مۇشۇ ناھىيىدىكى بىر شائىر توغرىسىدىكى بايىتىنقى مۇلاھىزىلەر قىزىپ كەتتى.

— ئۇنى نېمە ئۈچۈن ساراڭ دەيسىلەر؟ خېلى ئادەمدەك قىلىدىغۇ، — دېدىم مەن، — نۇرغۇن ئەسەرلەرنى ئىجاد قىپتىغۇ؟

— ھە راست، — دېدى بىرەيلەن ماڭا قاراپ، — رەنجىپ قالماڭ، سىزنىمۇ يازىدۇ دەيدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ئوخشاپ قالماڭ.

مەن نېمىشقا رەنجىگۈدەكمەن؟ ئۇلارنىڭ لاۋزا غەيۋەتلىرى مېنى يىرگەندۈرۈپ قويدى.

ئۆز خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققاندىن سىرت قانچىلىغان كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈپ، ئۆز خەلقىنىڭ روھىي دۇنياسىغا بۆسۈپ كىرىپ، خامۇش روھىي ھالەتنى ئويغىتىش ئۈچۈن مەنىۋى ئوزۇق يارىتىۋاتقان بىر بىلىم ئىگىسىنى، يەنە كېلىپ بىلىم ئەھلى، ئىختىساس ئىگىلىرى كەمچىل بولۇۋاتقان خىلۋەتتىكى مۇشۇ ماكاندا ئىزدىنىۋاتقان، ئىجاد قىلىۋاتقان بىر شائىرنى ساراڭلار قاتارىغا چىقىرىپ، ئۇنى ياراتماسلىق، ئۇنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈش نەقەدەر بىمەنىلىك، نەقەدەر تەلۋىلىك-ھە!

مەن بىئارام بولدۇم. ھەرخىل سورۇنلاردا، ھەرخىل ئېغىزلار ئارقىلىق بۇ شائىرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىدىم. ئۇنى ساراڭ دېگۈچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنىڭ «ساراڭ» لىقىنى باشقىلاردىن ئاڭلىغانىكەن.

— ساراڭ بولمىسا ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپكە پاتماي، ئىشسىز قالامتى؟

— ئەگەر ئۇنىڭ نېرۋىسى جايىدا بولسا، ئۇنى يېزىغا يۆتكەپ ئىشلىتەمتى؟

— ...

مەن ئۇنىڭ ئىلگىرىكى خىزمەت ئورنى بولغان ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپكە باردىم.

— سىز ياسىن يۈسۈپ مۇئەللىمنى تونۇمسىز؟ — دېدىم مەن دەرسخانا ئالدىدا دەرس تەكرارلاۋاتقان بىر ئوقۇغۇچىغا، — ئۇ سىلەرگە دەرس بەرگەنمۇ؟

— مەن تونۇيمەن، — دېدى ئۇ ئالدىراپ، — ئۇ بىزگە دەرس بەرمىگەن. لېكىن ئۇ مەكتىپىمىزدە «ئىنتىلىش» گېزىتى چىقارغان. مەن شۇ گېزىتكە ماقالە يازاتتىم. شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ قالغان، ئۇ شائىر ئىدى.

— ئۇ قانداقراق ئادەم ئىدى؟

— بەك ياخشى. ھەممىمىز ئۇنىڭغا ئامراق ئىدۇق.

— ئۇ ھازىر نەدە؟

— بىلمىدىم. ياسىن يۈسۈپ مۇئەللىم تۇيۇقسىزلا مەكتەپتىن يوقاپ كەتتى.

مەن يەنە باشقا ئوقۇغۇچىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ياسىن يۈسۈپ توغرۇلۇق سۆزلەشمەكچى ئىدىم، لېكىن رايىم ياندى. مەكتەپتىن قايتىپ چىقىۋېتىپ، ئويلىنىپ قالدىم: «ئىنتىلىش» گېزىتى، ياخشى ئوقۇتقۇچى، شائىر...

ساراڭلار، روھىي كېسەللەر مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلالامدۇ؟

مىڭ بىر مۇشەققەتتە ياسىن يۈسۈپنىڭ قىسقا ئارخىپىنى تۈزۈپ چىقتىم:

ياسىن يۈسۈپ، ئۇيغۇر، روھىي كېسەللەرگە دائىر كېسەللىك تارىخى يوق. ئەسلى، C ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى، شائىر. ئاپتونوم رايون دائىرىسىدىكى ئەدەبىي ژۇرنال ۋە گېزىتلەردە 200 پارچىدىن ئارتۇق ئەدەبىي ئەسەر ئېلان قىلغان. 1991-يىلى «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن. 1985-يىلدىن 1987-يىلغىچە شىنجاڭ داشۆ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان مەزگىلدە باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ «ئىنتىلىش» ناملىق گېزىت چىقىرىپ، مەكتەپنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن كۈچ چىقارغان. ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

مەن C ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتىن تۈيۈقسىز يوقاپ كەتكەن بۇ «ساراڭ»نى ئىزدەشكە كىرىشتىم. بىرەيلەن ماڭا ئۇنىڭ ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە يۆتكەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

— ئۇ ئاخىرى كەلمىدى، — دېدى سەنئەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، — ئەسلىدە ئۇ خىزمەت تەلەپ قىلغانىدى. بىزگىمۇ دەل ئاشۇنداق ئىجادكار كىشى كېرەك ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئۆمىكىمىزگە كېلىپ كەسپىي ئىجادىيەتچى بولۇشىنى قارشى ئالىدىغانلىقىمنى بىلدۈرگەن ھەمدە ئالاقىدار ئورۇنلارغا يول ماڭغان ئىدىم. شۇ چاغدا بىرەيلەن ماڭا: «سىلەرگە ساراڭ كېرەكمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، سىلەرگە يەنە تۆت-بەش ساراڭ يۆتكەپ بېرەيلى» دەپ قالدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتىم ھەمدە ئۇنى ئۆمىكىمىزگە ئەكىلىۋېلىش نىيىتىمدىن ياندىم. ئۇنىڭ ھازىر نەدىلىكىنى مەنمۇ بىلمەيمەن.

قىزىق ئىش، بۇ زادى قانداق ساراڭدۇ؟

مەن يەنە بىرەيلەندىن ئۇنى ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشكە يۆتكەلدى، دەپ ئاڭلاپ، ئۇ يەرگە باردىم.

— بىز ئۇنى قوبۇل قىلالايلى دېگەن، ئىشخانىغا كاتىبات ئىشلىرى ئۈچۈن تازا باب كېلەتتى. لېكىن ئۇنىڭ يۆتكىلىش رەسمىيىتىنى بېجىرىشتىن ئىلگىرى، قائىدىمىز بويىچە ئۇنىڭ ئىلگىرىكى خىزمەت ئورنىغا ئەھۋال ئىگىلەش ئۈچۈن بارغانىدۇق. ئىگىلىشىمىزچە، ئۇ تازا بىر ساراڭ، جاھىل ئادەم ئىكەن، شۇڭا ئۇنى يۆتكەپ ئەكىلىش نىيىتىمىزدىن ۋاز كەچتۇق.

مەن بۇ «ساراڭ» شائىرغا تېخىمۇ قىزىقىپ قالدىم-دە، ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىگە باردىم. بۇ يەردىكىلەردىن ئاڭلىسام، ياسىن يۈسۈپ توغراقلىق يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە يۆتكىلىپ كېتىپتۇ.

— تازىمۇ ئىنتىلىشچان، تەلەپچان، ئىزدىنىش روھىغا باي ئادەم ئىدى، — دېدى مائارىپ ئىدارىسىدىكى بىر كادىر ماڭا چۈشەندۈرۈپ، — ئۇ ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلارغا ئەدەبىيات دەرسى بېرىدىغان غوللۇق ئوقۇتقۇچى ئىدى. لېكىنزە پرىنسىپال مەسىلىلەردە، ھەق-ناھەق مەسىلىرىدە، ئوقۇتۇش

ئىسلاھاتى قاتارلىق نۇرغۇن مەسىلىلەردە ئۆزىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى، يېڭى پىكىرلىرىنى، تەشەببۇسلىرىنى دادىللىق سۆزلەپ قوياتتى...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ساراڭ دەپ ئاتىلىپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئانچە-مۇنچە بىلگەندەك بولدۇم.

مەن ياسىن يۈسۈپنى ئاخىرى توغراقلىق يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىن تاپتىم. ئۇ پۈتۈن زېھنى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى تەكشۈرۈۋاتقان ئىكەن.

— سىز ناھىيە ئىچىگە سىغماي يېزىغا كېلىۋاپسىزغۇ؟ — دېدىم مەن چاقچاق قىلىپ.

— بۇ مەكتەپمۇ ناھايىتى ياخشىكەن. مەن زور قىزغىنلىق ۋە رازىمەنلىك بىلەن ئىشلەۋاتىمەن. ئالدىمىزدا بىلىم تەشنالىقىدا تەلمۈرۈپ ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى نامرات دېھقانلارنىڭ پەرزەنتلىرى، شۇنداقلا ئىگە-چاقىسىز يېتىملار. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىمىزنىڭ قەدىر-قىممىتىنى تېخىمۇ ھېس قىلالايدىكەنمىز.

— ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتىن نېمە ئۈچۈن يۆتكەلدىڭىز؟ ئاڭلىسام، ئۇ مەكتەپتە تولۇق ئوتتۇرا سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئەدەبىيات دەرسى بېرىدىغان غوللۇق ئوقۇتقۇچىكەنسىز.

— بۇنىڭ سەۋەبىنى مەن ئېنىق بىلىپ بولالمىدىم. ئىشقىلىپ مەن بىر مەزگىل ئىشسىز قالدىم. جاھاندا كۆڭۈللۈك ئىشلار ناھايىتى كۆپ بولىدۇ. لېكىن مەن ئۈمىدسىزلىنىپ قالمىدىم. ئۆزۈمنىڭ تاشلىنىپ قالمايدىغانلىقىمغا چوڭقۇر ئىشەنەتتىم. مەن بىر ئوقۇتقۇچى. ئوقۇتقۇچى بولغان ئادەم ئۆزىنى تونۇشى كېرەك. دەرسخانا — ئىشخانا — ئائىلىدىن ئىبارەت ئۈچ بۇرجەك مۇھىتتا بېشىمىزنى ئىچىمىزگە تىقىۋېلىپ يۈرۈۋەرسەك، قىزىقىمۇ يوق، سوغۇقمۇ يوق يىلمان روھىي ھالەتكە بەندە بولۇپ ۋاقىت ئۆتكۈزسەك بولمايدۇ.

مېنىڭچە، مەكتىپىمىزدە يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۆزىمىز تۈزۈۋالغان بەزى يەرلىك سىياسەت، قائىدە-تۈزۈملىرىمىز توغرۇلۇق ئويلىنىشقا تېگىشلىك. مەسىلەن، مەكتەپ بىلەن ئوقۇتقۇچىلار ئوتتۇرىسىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس ئۆزلەشتۈرۈش نىسبىتى، ئوقۇتۇش سۈپىتى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كېلىپ-كېتىشىدىكى يوقلىما قاتارلىقلار توغرىسىدا تۈزۈلگەن ھۆددىگەرلىك، مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرى پەقەت پۇلغىلا باغلىنىپ قالغان. دەرس ئۆزلەشتۈرۈش نىسبىتى قانچە تۆۋەن بولسا، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىش ھەققىدىن تۇتۇپ قېلىنىدىغىنى شۇنچە كۆپ بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلار ئىقتىسادىي جەھەتتە زىيانغا ئۇچرىغاچقا، ئۇلارمۇ ئۆزىنىڭ ئۇسۇللىرىنى ئىشقا سالغان. يەنى ئوقۇغۇچىنىڭ قانچىلىك دەرس ئۆزلەشتۈرگەنلىكى، قانچىلىك بىلىمگە ئىگە بولغانلىقى بىلەن كارى بولماستىن، ئوقۇغۇچىلارغا يۇمشاق قوللۇق قىلىش، ئۇلارنى زورمۇ زور يۆلەش، بىلمىگەننىمۇ بىلگەن قاتارغا چىقىرىپ كۆرسىتىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. بۇنىڭ بىلەن مەكتەپ، ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ئالداش-ئالدىنىش خاھىشى كېلىپ چىققان. ئاخىرقى ھېسابتا ئوقۇغۇچىلار ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان.

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر قاتار مەسىلىلەر، جۈملىدىن ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىمنى، ئىسلاھات ھەققىدىكى پىكىرلىرىمنى دادىللىق ئوتتۇرىغا قويدۇم ھەمدە تەكلىپ، تەسەۋۋۇرلىرىمنىمۇ چوڭ-كىچىك يىغىنلاردا بايان قىلدىم.

بۇلار بۈگۈنكى كۈندە ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر ئەمەسمۇ؟ ئىسلاھاتچىلار

ئۆچۈن يول ئوچۇقمۇ؟ بىز ئاخىرقى ھېسابتا، خەلق ئالدىدا، ئەۋلادلار ئالدىدا جاۋابكار بولۇشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە. ئۆزۈمنىڭ پىكىرلىرىنى، كۆز قاراشلىرىنى، تەكلىپلىرىنى تەكرار-تەكرار سۆزلەش بەدىلىگە ساراڭ، جاھىل، بويىنى قاتتىق، گەپ ئاڭلىمايدىغانلار قاتارىغا قوشۇۋېتىلگەنلىكىمنى بىلىمەن. شۇ سەۋەبتىنمۇ ئەسلىدىكى ئورنۇمدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. لېكىن مەن بۇنىڭدىن رەنجىپ قالمىدىم...

— سىز رەنجىمەپسىز، — دېدىم مەن، — لېكىن سىزنى، سىزدەكلەرنى رەنجىتىۋەرسەك بولمايدۇ-دە!

— ئۆز خىزمىتىمدىن ۋە ئۆزۈمدىن رازىمەن، مېنى بىئارام قىلىدىغىنى مىللەتنىڭ، ۋەتەننىڭ ئۇلۇغ خىزمەتلىرىگە شەخسىي غەرەزلەرنىڭ ئارىلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدۇر. بىز ئەزەلدىنلا مۇشۇ سەۋەبتىن زىيان تارتىپ كەلگەنمىز.

— سىزگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن، — دېدىم مەن ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم سىقىپ، — ئەۋلادلىرىمىزنىڭ «ساراڭ» بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، سىزگە ئوخشاش سانسىزلىغان ئادەملەر كېرەك.

## B. «ساراڭ» زىيالىي

بىز پەقەت ئىلىم-مەرىپەت ئارقىلىقلا ئۆزىمىزنى ئۆگشىيالايمىز. پەن-مەدەنىيەتنىڭ غايەت زور ئەجايىپ كۈچىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، پەن-مەدەنىيەت ئارقىلىق ئۆزىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرمەي تۇرۇپ، گۈللىنىشتىن سۆز ئاچالمايمىز.

جاھاننىڭ تېز يۈكسىلىۋاتقان ۋەزىيىتىدىن قارىغاندا، بىز ئىلىم-پەن ئۆگىنىشتىن، ئىزدىنىشتىن، ئىجاد قىلىشتىن، ئىلغار مەدەنىيەت ئۈرنەكلىرىنى قوبۇل قىلىشتىن ئۆزىمىزنى تارتساق، مەدەنىيەت جەھەتتە قايتا يۈكسىلىشكە قارىتا بىپەرۋالىق قىلساق، قاششاقلىق قىلىپ ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز مەنسىتمىسەك، شۈكرى-قانائەت قىلساق، ئاخىرقى ھېسابتا قالاقلىقتىن قۇتۇلالمايمىز.

بىز روھىي جەھەتتىن داۋالىنىشقا، ئوزۇقلىنىشقا مۇھتاجمىز. خەلقىمىز ئارىسىدا داۋالاش، ئوزۇق بېرىش ئىقتىدارى بار جاپاكەشلەر، مېھنەتكەشلەر مەۋجۇت. ئۇلار يەنە ئۆزلۈكسىز يېتىشىپ چىقىۋاتىدۇ. لېكىن تولىمۇ يېتەرسىز. قىسقىسى، ھازىر شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەردە مۇنتىزىم تەربىيە ئالغانلارغا نەزەر سالساقلا، ئۇنداقلار مىڭ ئۇيغۇرغا بىردىن توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە كارغا يارايدىغانلىرى زادى قانچىلىك؟ نامرات، چەت-ياقا جايلاردا زىيالىيلارنىڭ نەقەدەر كەمچىل بولۇۋاتقانلىقىنى ھەممىمىز بىلىمىز. شۇنداق تۇرۇقلۇق، بىزنىڭ بىلىم ئەھلىگە ھۆرمەت قىلىشىمىز يېتەرلىك بولمايۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىللار ئىلگىرى بىلىمگە، بىلىم ئەھلىگە ھۆرمەت قىلىش توغرىسىدا كەڭ كۆلەملىك تەشۋىقات ئېلىپ بېرىلغان ھەمدە ھازىرغىچە بۇ خىل تەشۋىقات، مۇراجىئەتلەر توختاپ قالغىنى يوق.

لېكىن ھازىر قارايدىغان بولساق، ئەھۋال يەنىلا شۇنداق، تۈرلۈك سىياسەتلەر، ۋاستىلەر قوللىنىلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بىز مەيدىمىزگە مۇشتلاپ قانائەتلەنگۈدەك نەتىجىگە ئېرىشكىنىمىز يوق. زىيالىيلارنى كەمستىدىغان، ئۇلارنى ياراتمايدىغان، ئۇلارنى ئانچە چوڭ بىلىپ كەتمەيدىغان ھەتتا تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن ئۇلارنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرىدىغان ئىللەت بىزدە بىرقەدەر كۆپرەك. بۇ خۇددى «ئورۇق كالىنىڭ پوقى يوغان» دېگەندەك بىر گەپ

ئەمەسمۇ؟ بۈگۈنكى دۇنيادا بولۇۋاتقان شىددەتلىك جەڭنىڭ ئىختىساسلىقلارنى تالىشىش جېڭى ئىكەنلىكى ئېسىمىزدە يوقمۇ؟

مەسىلەن، مەلۇم بىر ناھىيىنى ئالايلى: بۇ جاينىڭ شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چەت، ئەڭ نامرات ناھىيە ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. 50 مىڭغا يېقىن نوپۇسى بار بۇ ناھىيىدە ھەر مىڭ ئادەمگە بىردىن زىيالىي توغرا كەلمەيدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ جايدا زىيالىيلارغا قارىتا كۆز قاراش دېگەندەك ياخشى ئەمەس ئىكەن. كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك بايلىقى بولغان زىيالىيلارنى «سىغدۇرۇش» نى تېخى ئۆگەنمىگەندەك قىلىدۇ.

مەن بىر ماتېرىيال ئىزدەش ئۈچۈن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىغا باردىم. مەدەنىيەت يۇرتىدىكىلەر تازىلىق قىلىۋاتقان ئىكەن. ماڭا تونۇشراق بىر كادىر مېنى كۆرۈپ، قولىدىكى سۈپۈرگىنى تاشلىۋېتىپ، ئالدىمغا كەلدى ھەمدە ھەدەپ كارىدورنىڭ دېرىزىلىرىنى سۈرتۈۋاتقان 40 ياشلاردىكى ئەر كىشىگە قاراپ:

— ئىشخانا، مەجلىسخانىلارنىڭ ئەينەكلىرىنى پاك-پاكىز سۈرتۈپ ئۈستەل-ئورۇندۇقلارنى رەتلەپ قويۇپ ئاندىن قايتىسىز، — دېدى. ھېلىقى كىشى ئۈن-تىنسىز بېشىنى لىڭشىتتى.

— تازىلىق ئىشچىسىمۇ؟ — سورىدىم مەن ماڭا تونۇش ھېلىقى كادىردىن، — ياۋاش ئادەمكەن.

— ياۋاش بولامدۇ، قىپقىزىل ساراڭ، ئۇ بىزنىڭ ئىدارىنىڭ كادىرى. ئۆزىنى زىيالىي ئاتىۋېلىپ، تۈزۈكرەك ئىش قىلالمايدۇ.

«ساراڭ» دېگەن گەپنى ئاڭلىسام‌لا، قىزىقىدىغان بولۇپ قالدىم. شۇڭا ئەمدى ماتېرىيال ئىزدەشنى قويۇپ، تۇرسۇن بەكرى ئىسىملىك بۇ «ساراڭ» توغرۇلۇق ئانچە-مۇنچە ئەھۋال ئىگىلىدىم.

—يۇرتىمىزدىكى بىرىنچى دەرىجىلىك ساراڭ، — دېدى ناھىيىدە ئىشلەيدىغان بىر دوستۇم ماڭا چۈشەندۈرۈپ، — جاھىللىقىمۇ يەتكۈچە بار. رەھبەرلىك بىلەن قويۇق ئارىلاشمايدۇ، دوستلىرىنىمۇ ئىزدىمەيدۇ. تاماشا سورۇنلىرىغا، زىياپەتلەرگە تەكلىپ قىلسا بارمايدۇ، ھەمىشە يىگانە يۈرىدۇ. ھە دېسىلا كىتابتىن باش كۆتۈرمەيدۇ، ئىشخانىسىدىن چىقماي بىرنەرسىلەرنى يازىدۇ. يا تۈزۈكرەك كۆڭلىنى كۆرگىلى بولمىغان، بۇنداق كىشىنى ئوڭ دېگىلى بولامدۇ؟

— روھىي كېسەل ئەمەستۇ؟

— ياق، ئۇنداق ئەمەس. لېكىن بۇ ئادەمنىڭ مىجەزى ساراڭدەكلا، مىللىي مەدەنىيەت، تەپەككۇر، ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى، ئاڭ، رىقابەت، مەدەنىيەت تارىخى... دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ ئادەمنىڭ مېڭىسىنى قوچۇۋېتىدۇ. شۇڭا كىشىلەر ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا زېرىكىدۇ. بۈگۈنكىدەك بازار ئىگىلىكى، پۇل تەكىتلىنىۋاتقان كۈنلەردە بۇنداقلارنىڭ قۇرۇق گېپى قۇلاققا ياقامدۇ؟

ئېچىنىشلىق! بارغانلا يېرىمدە ئۇنىڭ «ساراڭ» لىقى توغرۇلۇق بىر تالاي گەپ ئاڭلىدىم. ئەجەبلىنىش تۇيغۇسى ماڭا ئارام بەرمىدى. ئاخىرى بۇ «ساراڭ» زىيالىينى ئىزدەپ مەدەنىيەت يۇرتىغا باردىم. مەدەنىيەت يۇرتىدا ئۇ يالغۇزلا ئولتۇرغان ئىكەن.

— يالغۇز قاپسىز، — دېدىم مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، — نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟

— يالغۇز قېلىش مەن ئۈچۈن قىممەتلىك پۇرسەت، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، —

بەزىلىرى رەخت ئالغىلى، بەزىلىرى كۆكتات ئالغىلى، يەنە بەزىلىرى ئۆزلىرىگە كېيىم ئۆلچەتكىلى كەتتى.

— يېزىۋاتقىنىڭىز نېمىكى؟ — سورىدىم مەن ئۇنىڭ ئۈستىلىدىكى قوليازمىلارنى كۆرۈپ.

— ناھىيىمىزنىڭ تارىخى ھەققىدە ئازراق ئىزدىنەي دېگەنىدىم. توپلىغان ماتېرىياللىرىمغا ئاساسەن، ناھىيىمىز تارىخىنىڭ تېزىسىنى تۈزۈۋاتىمەن. بىزنىڭ ناھىيە خاسىيەتلىك بىر جاي. ئەتراپىمىزدىكى چەكسىز قۇم بارخانلىرى ئاستىدا نى-نى سىرلار بار، بۇ سىرلارنى تا بۈگۈنگىچە تۈزۈكرەك ئاچالىغىنىمىز يوق.

— بۇ يەردىكىلەر، — دېدىم مەن ئۇدۇللا، — سىزنى غەلىتە كىشى دەيدىكەنغۇ؟ قارىسام سىز راۋۇرۇس ئادەمكەنسىز.

— بۇنىڭدىن خەۋىرىم يوقكەن. لېكىن مېنىڭ ئۆزۈمگە يارىشا ياشاش مەنتىقەم بار. ئادەم بولۇپ يارالغان ئىكەنمەن، مۇستەقىل پىكىر قىلىشىم كېرەك. مەن ماشىنا ئادەم ئەمەستە! مېنىڭ كېچە-كۈندۈز ئويلايدىغىنىم باشقىلارنىڭ مېنى نېمە دېيىشى، ماڭا قانداق لەقەملەرنى قويۇشى ئەمەس، بەلكى قىسقا ئۆمرۈمدە قانداق قىلىپ خەلقىمگە يۈز كېلەلەيدىغان ئىش قىلىش. باشقىسىنىڭ كارى چاغلىق.

مانا بۇ مۇشۇ ناھىيىدىكى يەنە بىر «ساراڭ»نىڭ يۈرەك ساداسى.

«ساراڭ»نىڭ ئارخىپى: تۇرسۇن بەكرى، ئۇيغۇر، 41 ياش، 1978-يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى تاماملىغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئىنستىتۇتتا قېلىپ ئوقۇتقۇچى بولۇشتىن ۋاز كېچىپ، ئانا يۇرتىنىڭ مەدەنىي مائارىپ ئىشلىرىغا تۆھپە قوشۇش ئارزۇسىدا بۇ ناھىيىگە قايتىپ كەلگەن. ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە تارىخ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا 100 پارچىدىن ئارتۇق ئەدەبىي ئەسەر ھەمدە «جەنۇبىي يىپەك يولىدىكى قەدىمىي جاي — چەرچەن»، «〈چەرچەن〉 ئاتالغۇسى ھەققىدە قايتا ئىزدىنىش»، «چەرچەندىن تېپىلىۋاتقان مەدەنىي يادىكارلىقلاردىكى قەدىمىي تاش قوراللار مەدەنىيىتى ھەققىدە»، «چەرچەن قاشتېشى»، «ئىستىقباللىق كان مەھسۇلاتى — تاشپاختا» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىپ، ياخشى باھاغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە «چەرچەن خەلق قوشاقلىرى»، «چەرچەن خەلق ماقال-تەمسىللىرى»، «چەرچەن خەلق چۆچەكلىرى»دىن ئىبارەت ئۈچ كىتابنىڭ باش مۇھەررىرى. «ساراڭ» ئاتىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن جەمئىي بەش ئورۇنغا يۆتكەپ ئىشلىتىلگەن. تۇرسۇن بەكرى ھازىر مۇشۇ ناھىيىدە مەدەنىيەت ۋە تارىخ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇ ساھەدە نەتىجە يارىتىۋاتقان بىردىن-بىر زىيالىي ھېسابلىنىدۇ.

## C . «ساراڭ» دوختۇر

بۇ ناھىيىدىكى يەنە بىر «ساراڭ» دوختۇرلۇق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن.

— ھە دېسىلا ئۆزىدىن چوڭ، تەجرىبىلىك دوختۇرلارنىڭ ساقلىنى غېرىچلايدۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالىدۇ. كېسەللەرگە دىئاگنوز قويۇشتا پېشقەدەملەرنىڭ گېپىنى يوققا چىقىرىپ، ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالىدۇ، ئۇچىغا چىققان ساراڭ.

— ئۇنى كەسپتە باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، تىرىشچان دەپ ئاڭلىدىمغۇ؟

— قانداقلا بولمىسۇن كىچىك دېگەن كىچىك، ئۇ تېخى تۇنۇگۈنكى سويما تۇرسا،

يىگىرمە - ئوتتۇز يىل دوختۇرلۇق قىلغانلاردىن ئۇستۇن تۇرىدۇ دېيىلسە، ئەقىلگە سىغامدۇ؟

مانا بۇ — دوختۇرخانىدا ئىشلەيدىغان بىرەيلەننىڭ باھاسى.

بۇ ناھىيىدە مانا مەن دەپ مەيدىسىگە مۇشتلاپ يۈرگەن كىشىلەر جەم بولغان كاتتا بىر سورۇنغا قاتنىشىپ قالدىم. قورۇملار تارتىلىپ، رومكىلار سوقۇشتۇرۇلماقتا. يەپ - ئىچىش ئارىلىقىدا ئادەت بويىچە ئۇنىڭ - بۇنىڭ گېپىگە چۈشتۇق. كىملەرنىڭ ئايالى بىلەن ئەپ ئۆتەلمەي ئاجرىشىپ كەتمەكچى بولغانلىقى، كىملەر بىلەن كىملەرنىڭ مۇھەببەتلىشىۋاتقانلىقى، كىملەرنىڭ كىملەرنى يۆلەپ ئۈستۈرۈپ قويۇۋاتقانلىقى، كىملەرنىڭ قايسى ئىدارىگە باشلىق بولۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقى قاتارلىق تالاي مەسىلىلەر توغرۇلۇق پاراڭ قىزىۋاتقاندا، مەن يېنىمدىكى يىگىتنىڭ ئاغزىنى تاتىلىدىم:

— بۇ يەردە ئىختىساس ئىگىلىرى كۆپ ئىكەن، بۇ يەرنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى باركەن.

— توغرا دېدىڭىز، — دېدى يىگىت بۇ گەپتىن تولىمۇ رازى بولغاندەك ئالدىراپ، — كۆزىڭىزدە ئوت باركەن جۇمۇ! ئىختىساسلىقلار يۇرتىمىزدا كۆپ، مانا بۈگۈن ئۇلارنىڭ تولىسى بۇ سورۇنغا جەم بولدى.

— ياش بىر دوختۇر بار دەيدىغۇ؟ ئۇنىڭ ئىچكى كېسەللەر، بولۇپمۇ يۈرەك كېسەللىكلىرى ئىلمىدە كارامىتى بار دەپ ئاڭلىدىم.

— قايسىنى دەيسىزكىن؟

— ئىسمىنى مۇتەللىپ روزى دېگەندەك قىلدى.

— نەدىكى گەپلەرنى قىلىدىغانسىز. ئەگەر ئۇنىڭ داڭقى بولسا، بۇ سورۇنغا كەلمەمتى؟ ئۇ دېگەن ساراڭ بىر نېمە، تولىمۇ سۆرۈن چىراي. كەسپىكى كارامىتىدىن خەۋىرىم يوقكەن. ساراڭنىڭ نېمە كارامىتى بولسۇن دەيسىز؟!

— ئۇنىڭ ساراڭلىقىنى قانداق بىلىسىز؟

— باشقىلاردىن ئاڭلىدىم، دېمىسىمۇ ئۇنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ئېپى يوق، قانداقلا ۋاقىتتا قارىسىڭىز چىرايىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدۇ. گەپلىرىمۇ يېقىمسىز، گاچىدەكلا سۆزلەيدۇ. باشقىلار ئۇنى ئانچە چوڭ بىلىپ كەتمەيدۇ.

يىقىنراق ئولتۇرغان بىرنەچچەيلەنمۇ ئۇنىڭ گېپىنى تەستىقلاپ كەتتى.

مانا بۇ «ئىختىساسلىقلار جەم بولغان كاتتا سورۇن» دىكىلەرنىڭ باھاسى!

«ساراڭ» نىڭ ئارخىپى: مۇتەللىپ روزى، ئۇيغۇر، 30 ياش. شىنجاڭ جۇڭيى شۆيۈەننى پۈتتۈرگەن. ھازىر ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا ئىشلەيدۇ. داۋالاشتا نەتىجىسى كۆرۈنگەن. ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىدۇ، ئۆگىنىدۇ، كېسەللەرگە توغرا دىئاگنوز قويالايدۇ.

بىرىنچى پاكىت: 1990 - يىلى ناھىيىنىڭ ھاكىمى تۇيۇقسىز يىقىلىپ قالغاندا، مۇتەللىپ روزى ئۇنىڭ كېسىلىگە توغرا دىئاگنوز قويۇپ، مېڭىگە قان چۈشۈش كېسىلى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەن. ئاپتونوم رايونلۇق تىببىي ئىنستىتۇت قارمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانىدىن ھاكىمنىڭ كېسىلىنى داۋالاش ئۈچۈن كەلگەن پروفېسسورلارنىڭ دىئاگنوزى مۇتەللىپ روزىنىڭ دىئاگنوزى بىلەن ئوخشاش چىققان.

ئىككىنچى پاكىت: 1993 - يىلى 1 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى تۇيۇقسىز يىقىلىپ قالغاندا، مۇتەللىپ روزى ئۇنىڭ يۈرەك

سانجىقى كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈپ، جىددىي قۇتقۇزغان. ئاپتونوم رايونلۇق تىببىي ئىنىستىتۇت قارىمىقىدىكى 1-دوختۇرخانا يۈرەك كېسەللىكلەر بۆلۈمىدىن ئەۋەتىلگەن دوختۇرلارنىڭ دىئاگنوزى مۇتەللىپ روزىنىڭ دىئاگنوزى بىلەن ئوخشاش بولغان.

## D. «ساراڭ» ئوقۇتقۇچى

بۇ كىشى ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى. ئۇ مۇشۇ بوستانلىقتا تۇغۇلۇپ، مۇشۇ يەرنىڭ سۈيىنى ئىچىپ چوڭ بولغان. ئۇ مۇشۇ يەردە «ساراڭ» دەپ جەزملەشتۈرۈلگەن يەنە بىر ئىنسان.

— مەكتىپىمىزدە ساراڭ ئىككى ئىدى. بىرى مەكتەپكە پاتماي ئاخىرى كېتىپ قالدى (ياسىن يۈسۈپنى دېمەكچى). مانا ئەمدى بىرىلا قالدى. ئۇ بولسىمۇ، سىز ھازىر فىزىكىۋاتقان ھېلىقى ساراڭ. ئۇنىڭمۇ مەكتەپتىكى كۈنلىرى ئۇزۇنغا بارماس. ھە دېسىلا ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىنىڭ گېپىنى قىلىپ، رەھبەرلىكنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ. تەكلىپىم، تەلىپىم، كۆز قارىشىم، مۇلاھىزەم دېگەندەك ماۋزۇلاردا سۆزلەيدىغان بولسا زېرىكىپ كېتىسىز. ھازىرقى ئوقۇتۇش شارائىتىمىزغا، مەكتىپىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى تۈزۈملىرىگە رازى بولمايدۇ، شۈكرى قىلمايدۇ...

مانا بۇ — ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتىكى بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ باھاسى.

— ئەپەندى دېگەنىڭىزغۇ ئۇقكى يوق، سىز گېپىنى قىلغان كىشى ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدىكى تازا ۋايىغا يەتكەن ساراڭ، ئىشەنمىسىڭىز ئارىلىشىپ كۆرۈڭ، — دېدى ئۇنىڭ ئەينى چاغدىكى يېقىن ئاغىنىسى، — بىز ئۇنى ئارىمىزغا ئېلىپ باردى-كەلدى قىلىپ ئۆتەيلى دەپ ئويلاشقان. لېكىن ئۇ ئادىمىگەرچىلىكنى قايرىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ ئىزدىنىشلىرى بىلەن بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بىر ئېغىز گېپىنى ئاڭلىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى رەسمىي ساراڭكەن دەپ ئۆزىنى تارتىشى مۇمكىن.

— فىزىكا كەسپىدە كارامىتى بار دەپ ئاڭلىدىمغۇ؟ يەنە جەمئىيەتتە زىيالىيلار ئارىسىدا خېلىلا ئىناۋىتى بار دېيىشىدۇ.

— قۇرۇق گەپ. ئاڭلىساق ھازىر تولۇق ئوتتۇرا سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىغا دەرس بېرىدىكەن. بەزى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دېيىشىچە، چۈشىنىكسىز گەپلەرنى قىلىپ ئوقۇغۇچىلارنىمۇ ساراڭ قىلىپ يۈرەرمىش. ئەگەر ئىناۋىتى بار دېيىلسە، بەلكى ئۆزىگە ئوخشاش ساراڭلار ئارىسىدا ئىناۋىتى باردۇ. زىيالىي دېگەنىڭ قايسى بىرى ساراڭ ئەمەس دەيسىز؟...

«ساراڭ» نىڭ ئارخىپى: تۇرسۇن ئۆمەر، ئۇيغۇر، 1983-يىلى شىنجاڭ داشۆنىڭ فىزىكا فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. ئانا يۇرتىدىكى سەبىي بالىلارنىڭ قەلبىگە مەرىپەت نۇرۇقىنى چېچىش ئىستىكىدە شىنجاڭ داشۆدە قېلىپ ئوقۇتقۇچى بولۇشتىن ۋاز كېچىپ يۇرتىغا قايتقان. ھازىر ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە تولۇق ئوتتۇرا سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىغا فىزىكا دەرسى بېرىدۇ. ئۇ ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس ئۆزلەشتۈرۈشىگە چىن كۆڭلىدىن ياردەم بېرىدۇ؛ ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرۇش، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش توغرۇلۇق پىكىر يۈرگۈزىدۇ؛ ئۆزىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ھەر خىل يىغىن، مۇھاكىمە سورۇنلىرىدا دادىل ئوتتۇرىغا قويالايدۇ. ئاتوم فىزىكىسى ۋە يورۇقلۇق فىزىكىسى جەھەتتە ناھىيە بويىچە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ.

مەن بۇ « ساراڭ » ئوقۇتقۇچىنى زىيارەت قىلدىم.

— سىز مۇشۇ ناھىيەدىكى ياش زىيالىيلارنىڭ بىرى ئىكەنسىز، ئوقۇتقۇچى ئىكەنسىز، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، — لېكىن كۆپ كىشىلەر، ھەتتا سىزنىڭ سەبداشلىرىڭىز سىزنىڭ مىجەز-خۇلقىڭىزدىن رازى ئەمەسكەن.

— توغرا دېدىڭىز، مېنىڭ مىجەزىم شۇنداقراق، لېكىن بۇ مىجەز ئەتراپىمدىكى مۇھىتنىڭ تەسىرىدە شەكىللىنىپ قالغان. مېنىڭ مىجەزىمنى ياراتمىغانلار بۇ مىجەزىمنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولۇپ قالغانلىقىنى سورىمايدۇ، سوراشنىمۇ خالىمايدۇ. جەمئىيەت، ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە تۈرلۈك ئامىللار ئادەمنىڭ مىجەزىنى ئۆزگەرتىۋېتىدىكەن. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋە يېڭى خىزمەتكە قاتناشقان چاغلىرىمدا مىجەزىمدىن ھەممە كىشى رازى ئىدى. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ئەقلىمدىن ئازدىممۇ ياكى يېڭى ئەقىل كىردىمۇ، ئەتراپىمدىكى تالاي ئىشلارغا، ھادىسىلەرگە دىققەت قىلىدىغان، پىكىر يۈرگۈزىدىغان بولۇپ قالدىم. گەۋدىلىكرەك بولغىنى مەندە بىر خىل مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى پەيدا بولۇپ قالدى. مەن بىر ئوقۇتقۇچى، ۋەتەن، خەلق ئالدىدا، ئەڭ مۇھىمى ئەۋلادلار ئالدىدا، ئۆزۈم ياشاۋاتقان دەۋر ئالدىدا جاۋابكار بولۇشۇم كېرەك. كۆپرەك ئىزدىنىشىم، ئۆگىنىشىم، ئىزدىنىشتىن، ئۆگىنىشتىن ھاسىل بولغان كۆز قاراش ۋە پىكىرلەرنى، قانۇنىيەتلەرنى باشقىلار ئالدىدا سۆزلىشىم، باشقىلار بىلەن كېڭىشىشىم كېرەك؛ ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان يېڭى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش قانداقتۇر باشقىلار بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرغانلىق ئەمەس...

* * *

خوش، بۇ « ساراڭ » لارنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى قانداق؟

ئىگىلىشىمچە، « ساراڭ » شائىر ياسىن يۇسۇپ ئۆزىنىڭ « ساراڭ » لىقى بىلەن داڭق چىقىرىپ، « ئويناشماڭ ئەرباب بىلەن، جايلايدۇ ھەر باب بىلەن » دېگەن ھېكمەتنى ئېسىدە تۇتماي، باشقىلارنى دەككە-دۈككىگە سالغانلىقى ۋە بىئارام قىلغانلىقى ئۈچۈن، ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتىن چىقىپ كېتىپ، بىر مەھەل ئىشسىز قالغان. خېلى تەسلىكتە ۋە نۇرغۇن « يول مېڭىش » لاردىن كېيىن، توغراقلىق يېزىسىنىڭ ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئورۇنلىشىۋالغان.

« ساراڭ » زىيالىي تۇرسۇن بەكرى ئۆزىنىڭ « ساراڭ » لىقى بىلەن يارامسىز ھالغا چۈشۈپ قىلىپ، جەمئىي بەش ئورۇنغا يۆتكەپ ئىشلىتىلگەن. ھازىر ئۇ، ئۈرۈمچىدىكى مەلۇم بىر تەتقىقات ئورنىغا يۆتكىلىش ئۈچۈن جىددىي « يول » مېڭىۋېتىپتۇ.

« ساراڭ » دوختۇر مۇتەللىپ روزى ئۆزىنىڭ ساراڭلىقى بىلەن يېتىم قىلىپ، روھىي بېسىمنىڭ تەسىرىدە خىزمەت ئورنىدىن ئىككى قېتىم ئىستىپا سورىغان. ئۇ ھازىر بۇ ناھىيەدىن قاياقلارغىدۇ يۆتكىلىپ كېتىش نىيىتىدە ھەرىكەت قىلىۋېتىپتۇ.

« ساراڭ » ئوقۇتقۇچى تۇرسۇن ئۆمەر ئۆزىنىڭ ساراڭلىقى، جاھىللىقى بىلەن « لاغايلاپ » قىلىپ ۋە روھىي بېسىمغا ئۇچراپ، ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىدىن ئايرىلىشنى ئويلاۋېتىپتۇ.

## خاتىمە

« ساراڭ » دەپ ئاتالغان بۇ كىشىلەر ئىزدىنىشتىن، ئۆگىنىشتىن، ئىنچىل ئىجاد قىلىشتىن، باشقىلارغا ئۆگىتىشتىن توختاپ قالغىنى يوق. ئۇلار ئىسلاھات دولقۇنىدا ئۆزلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يەنە بىر قېتىم چېنىقتۇرىدۇ.

ئۇلار ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان خىزمەتلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىققاندىن سىرت، باشقىلار شادلىق سورۇنلىرىنى تۈزۈپ، ئەيش-ئىشرەت لەززىتىدە مەست بولۇۋاتقاندا، ئاۋاترەك رومكىلارنىڭ جاراڭلىشىغا تەڭكەش بولۇپ ئۆزلىرىنىڭ مەنىسىز كۈلكىلىرىنى باشلىغاندا، سەيلى-ساياھەتنىڭ پەيزىنى سۈرگەندە... ئۆزلىرىنى ئۇنتۇپ ھېرىش-چاچاشتىن قورقماي ئىزدىنىپ، ئىجاد قىلىپ، ئەۋلادلارنىڭ كېلىچىكى، مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىلىم-پەن جەھەتتىكى ئاچارچىلىقتىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن تەر تۆكۈۋاتىدۇ.

ئۇلار ساراڭ ئەمەس! ئەكسىچە ھەقىقىي ساراڭلارنى ئوڭشايدىغانلاردۇر. بىزدە ئاشۇنداق كىشىلەر بولمايدىكەن، ئاقىۋەت ھەممىمىز ساراڭ بولىمىز. ئۇلارسىز ئېرىشكەن مال-دۇنيالىرىمىز، تاجۇ تەختىمىز ئاقىۋەتتە گۆرىمىزگە گۈمبەز بولىدۇ؛ ئۇلارسىز ياڭرىغان كۈلكىمىز ئاقىۋەت ماتەم ناخشىسى بولۇپ قالىدۇ.

بۇ «ساراڭ»لار ياشاۋاتقان ناھىيىنىڭ پارتكومى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى 1994-يىل 1-ئاينىڭ 24-كۈنى «شىنجاڭ ئىختىساسلىقلار ئۇچۇرلىرى» (人才信息报) گېزىتىنىڭ 4-سانىدا پۈتۈن مەملىكەتكە بايانات ئېلان قىلىپ، ھەر ساھە، ھەر قايسى كەسىپتىكى 180 نەپەر ئىختىساسلىق خادىمغا جىددىي ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى، ئۇلارنىڭ كېلىشىنى ئىلتىجا قىلدى ھەمدە ئۇلار بەھرىمەن بولىدىغان بارلىق ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ يۈرەكلىك ھالدا تاشلانغان يېڭى بىر قەدەم. ئەپسۇس، تولىمۇ ئەپسۇس. بۇ ناھىيىدىكى زىيالىيلار «ساراڭ» بولۇپ يۈرۈشىدۇ. ئەسلىدە بار بولغان، خېلى تەستە يېتىشىپ چىققان، تەييار ھەم ئەڭ ئەرزەن ئىختىساسلىق كىشىلەر قەدىرلىنىشى، ئېتىبارغا ئېلىنىشى كېرەك ئىدى، ئەلۋەتتە.

«ساراڭ» دەپ ئاتالغان بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ياش زىيالىيلار، بۇ مۇشۇ ناھىيىدە ساناقلىقلا ئەزىمەتلەردۇر. ئەگەر بۇ ناھىيىدىكى خەلق پەخىرلىنىشكە توغرا كەلسە، ئاشۇ كىشىلەر بىلەنمۇ پەخىرلىنىشى كېرەك. ئۇلار قىممەتلىك بايلىق. ئاشۇنداق كىشىلەرنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا بىر دەۋر كېتىدۇ! بىز ئۇلارنى ياراتمىساق، ئاللا تائالا ئاسماندىن ياكى باشقا سەييارىلەردىن بىزگە ئەۋەتىپ بېرەمدۇ؟

ئۆز مىللىتىنى سۆيمىگەن كىشى شۇ مىللەتكە ھەقىقىي تەۋە بولالمايدۇ ۋە شۇ مىللەت ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلالمايدۇ. يۇقىرىدا ساناپ ئۆتكەن كىشىلەر ئۆز مىللىتىنى سۆيگەنلىكى ئۈچۈن، خالىس تەر تۆككىنى ئۈچۈن ساراڭمۇ؟

بەلكى يەنە قانچىلىغان كىشىلەر ئاچچىق يۇتۇپ يۈرۈيدىغاندۇ. ئۇلار بىزگە قارىغاندا كۆپرەك بىلگەنلىكى ئۈچۈن، پىكىر يۈرگۈزگىنى ئۈچۈن، بىزدىن كۆپرەك سۆزلىگىنى ئۈچۈن، پىسخىك ئالاھىدىلىكى، مىجەز-خۇلقى، ياشاش لوگىكىسى بىزنىڭكىگە ئوخشىمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى «ساراڭ»لار دۆۋىسىگە تاشلىۋېتىمىزمۇ؟!

ئېسىمىزدە بولسۇنكى، پەقەت گاس ئادەملەرلا ھېچقانداق سادانى ئاڭلىيالمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئاڭلىيالماسلىققا كۆنۈپ كەتكەن؛ پەقەت كۆزى كور ئادەملەرلا جاھاننىڭ ھېچنېمىسىنى بايقىيالمايدۇ، چۈنكى ئۇلار بايقىيالماسلىققا كۆنۈپ كەتكەن.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

سىدىق تۇرسۇن

# ئاق كەپتەر

(ھېكايە)



## 1

1944 - يىلى، ئىلىنىڭ كۈز ئايلىرى.
كۈن پېتىش بىلەنلا باشلىنىدىغان
ئىتلارنىڭ ئەنسىز قاۋاشلىرى تۈن ئۆرۈلگەنـ
ـدە كۆتۈرۈلگەن قاتتىق بوران بىلەن
جىمىقىپ كەتتى. بوران كوچىلارنىڭ ئىككى
قاسنىقىدىكى كۆك تېرەكلەرنىڭ ئۇچلىرىنى
ئېگىپ، يەرگە ئۇرۇپ چاپلىۋېتىدىغاندەك
قەھرى بىلەن گۈرۈلدەيتتى. نەلەردىدۇ
دەرەخلەرنىڭ قاراس-قۇرۇس قىلىپ
سۇنغان ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى. بوران
ئۆيلەرنىڭ مەھكەم تاقالغان ئىشىكلىرىگە
شىددەت بىلەن ئۇرۇلۇپ، ئۇيقۇدا ياتقان
ئادەملەرنى ئويغىتىۋەتتى.

— ھوي، ھوي، ھوي، بارغانسېرى
كۈچىيىۋاتىدىغۇ بۇ كاساپەت! — دېدى
ۋاسىلاخۇن كۆزلىرىنى يوغان ئاچقىنىچە
بوراننىڭ گۈرۈلدىشىگە قۇلاق سېلىپ، —
دوقال بولامدۇ نېمە؟ دەرەخلەرنى
يىلتىزلىرى بىلەن قومۇرۇپ تاشلايدىغاندەك
قىلىدىغۇ بۇ بالاتەگكۈر...

— ئادەمنى چۆچۈتۈپ نېمانداق شۇم
گەپلەرنى دەيدۇ ماۋۇ ئادەم، ئۇنچىۋالامۇ
ئەمەستۇ؟ — پۇشۇلداپ ياتقان سېمىز
ئايال بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئېرىنىڭ ئەنسىز
كۆزلىرىگە قارىدى، — بىزنىڭ دەرەخلىرىمىز-
نىڭ يىلتىزى خېلى چىڭدۇ دەيمىنا.

— گەپ بولدىدە بۇ، — دېدى
ۋاسىلاخۇننىڭ سەپراسى ئۆرلەپ، —
قوشنىلارنىڭ دەرەخلىرى ئۆرۈلسە بىزنىڭ
دەرەخلەرگە زىيىنى بولماي قالامدۇ؟ ئەگ
بولمىغاندا غوللىرىنى، شاخ-شۇمبىلىرىنى
بولسىمۇ سۇندۇرۇپ چۇشۇپ كېتىدۇ... بىراق
ئۇنچىلىكمۇ بولۇپ كەتمەس، بىردەمدىن
كېيىن توختاپمۇ قالار.

— ئىلاھىم، شۇنداق بولغاي! —
دېدى ئايال خۇداغا ئىلتىجا قىلىپ.

مەلىكخان موماي بىلەن تەڭ نەۋرە-
لىرىمۇ ئويغىنىپ كېتىشتى، موماي شامنى
يېقىۋېتىپ سۆز ئاچتى:
— پاھ، كارامەت چىقىۋاتىدىغۇ بۇ
بوران. مانا، ئەتە تاڭ ئاتقاندا كۆرۈسە-
لەر، بۇ بوران كوچىدىكى قېرى دەرەخلەر-
نى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ تاشلايدۇ.
— هاي-هوي، ئەمسە ئەتە مەكتۇر كام
تازا جىق غازاڭ يىغىپ ئالىدىكەندە، —
دېدى ئەختەمنىڭ يېنىدا ياتقان ئالتە ياشلار
چامىسىدىكى ئاق پىشماق كەلگەن ئىنىسى
مۇرات پۈتۈن مەھەللىنىڭ غازاڭلىرىنى
بالا-ۋاقىلىرى بىلەن چىقىپ چالا قويماي
يىغىۋالىدىغان مەكتۇر ئاكىغا ھەۋىسى كېلىپ.
ئەختەم مۇراتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ
كۈلۈپ قويدى. ئۇ، بۇ يىل 15 — 16
ياشلارغا كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن مەھەللىدى-
كى تەڭتۇشلىرىنىڭ ئىچىدە قورقۇمسىزلىقى،
قاراملىقى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى.
— تىنچ ياتە مۇرات، مومام سۆزلە-
ۋاتقاندا، — ئۇ مۇراتنى بوش چىمدىۋې-
قويدى-دە، ئاندى مومىسىدىن سورىدى، —
موما سىز كىچىك چاغلىرىڭىزدا مۇشۇنداق
قاتتىق بوران چىقىپ باققانمۇ؟
— ئوهوي، ئۇنى بىر دېمە بالام،
مانا يېشىم 90غا بېرىپتۇ. تالاي-تالاي
بورانلارنى كۆرگەنمەن. هازىرقى بورانلار-
نىڭ ياۋاشلاپ قالغان چېغىمىكىن، ئۇ
چاغلاردا دېگەن ئۆچ-تۆت ئادەمنىڭ
قۇچىقى يەتمەيدىغان دەرەخلەرنى يىلتىزل-
رى بىلەن قومۇرۇپ تاشلايدىغان تەلۋىدەك
بوران چىقىدىغان...
— ئۇ چاغلاردىكى ئادەملەرمۇ يوغان-
يوغان ئادەملەردۇ-ھە، موما؟ — نېمىندۇر
ئويلىغاندەك تۇيۇقسىز سوراپ قالدى مۇرات.
— گەپنى تولا چۇخچىلاپ مومامنى چالغىتمىغىنا
مۇرات، مومام دەپ بېرىۋاتقاندىكىن، — دېدى
ئەختەم ئىنىسىنى تۈرتۈپ قويۇپ.

— بوپتۇ، كىچىك ئەمەسمۇ، خىيالىغا
كەلگەننى سوراۋېدۇ، — دېدى موماي
كىچىك نەۋرىسىنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ، —
بالام مۇرات، ئۇ چاغلاردىكى ئادەملەرنى
يوغان بولىدۇ دەپ ساڭا كىم ئېيتتى؟
— بولمىسا ئۇلارنى بوران ئۇچۇرتۇپ
كەتمەمدۇ؟
ئەختەم مومىسى بىلەن تەڭ ئۇكىسىغا
قاراپ كۈلدى.
— ھە، مۇنداق-دە، بالام، — دېدى
مومىسى كۈلكىدىن ئۆزىنى بېسىپ، — ئۇ
چاغلارنىڭ ئادەملىرىچۇ بالام، قورقماس، باتۇر
ئادەملەر ئىدى. ئۆي تۇرماق غارلاردا ياتسىمۇ،
ھەر قانچە قاتتىق بوراندىنمۇ قورقمايتتى.
— سادىر پالۋاندەك دېگىنە.
ئەختەمنىڭ ئۆزىمۇ سەزمەي ئاغزىدىن
شۇ گەپ چىقىپ كېتىۋىدى، مۇراتمۇ خۇددى
گۆھەر تېپىۋالغاندەك ئېچىلىپ سايراپلا كەتتى.
— سادىر پالۋاندەك؟ ھە، بىلدىم
سادىر پالۋاندەك... ئۇنى مەن بىلىمەن،
ئۇنى ماڭا ئاپام ئۆگىتىپ قويغان دەڭا، موما!
— ئاپاڭ ساڭا نېمىنى ئۆگىتىپ قويغانتى
ساقام؟
— ئېيتىپ باقە ئۇنى؟ قانچىلىك
بىلىدىكەنسەن؟
— ئېيتايمۇ، موما؟
— ئېيتىپ بەرگىن، قوزام، ئاكاڭ بىلىۋالسۇن.
مۇرات ئەختەمگە مەغرۇر قاراپ
قويدى-دە، ئېيتىشقا باشلىدى:

سادىرمەنۇ، سادىرمەن،
سادىر بولماي كىمدۇرمەن.
تاغ يوللىرىنى سورساڭ
بىرنى قويماي بىلۈرمەن.

تاغلاردا قېچىپ يۈرۈپ،
پۇتلىرىم يېغىر بولدى.
شالۋۇرنى كاۋاپ قىلسام
بىر تاتلىق بېغىر بولدى.

— ھە يەنچۇ؟ بىلىدىغانلىرىڭ ئاران شۇنچىلىكمۇ؟ — دېدى ئەختەم ئۇكىسىنى قىزىتىپ، — ئۇنچىلىكنى مەنمۇ بىلىمەن.

— ئەمسە يەنە دەپ بېرەي:

يامۇلنىڭ ياغاچلىرى
قىزىل قارىغاي چەگزە.
يامۇلدىن قېچىپ چىققان
سادىر ئۆزى خوخەنزە.

چوڭ يولدا كېتىپ بارسام
بىر مانجۇ: توختا دەيدۇ،
تۇتۇپ باشقا بىر سالسام
كېلىك ئاتقا مىنىڭ، دەيدۇ.

يەنە جىق بىلىمەن، ئېيتايمۇ؟

— بولدى، بولدى، بىلدۇق، بىلىدىكەنسەن، — دېدى ئەختەم كۈلۈپ تۇرۇپ، — سۇ ئىچكەندەك ئىچىپلا ئاپتىغۇ بۇ.

— ھوي سادىغاڭ كېتەي تىلى تاتلىق، ئەقىللىق بالام، قاراگىلار بۇنى، ئاكىسىدىنمۇ جىق بىلىۋاپتىغۇ؟ خۇدايىم بۇيرۇسا چوڭ بولغاندا سادىر پالۋاندەك باتۇر بالا بولىدۇ بۇ ساقام، — موماي خۇشلۇقىدىن نەۋرىسىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى.

ئۇ ئەختەمگە كۆرەڭلىك بىلەن لەپپىدە قارىدى-دە:

— سادىر پالۋاننى سىز كۆرگەن ھە، موما؟ — دېدى.

— مەنمۇ شۇنى سوراي دەپ تۇراتتىم، موما ئېيتىپ بېرىڭا؟ — ئەختەممۇ ئەمدى سادىر پالۋان ھەققىدىكى گەپلەرگە قىزىقىپ قالدى.

موماي گويا بوران ئۇنىڭغا 70 — 80 يىللارنىڭ ئالدىدىكى ئىشلارنى ئېسىگە سېلىۋاتقاندەك سىرتتىكى بوراننىڭ گۈرۈلدىشىگە بىر پەس قۇلاق سېلىپ تۇردى-دە، ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلىدى:

— كۆرگەنمەن بالام، كۆرگەنمەن. شۇ چاغلار مېنىڭ سەندەك ۋاقتلىرىم بولسا كېرەك. بىر كۈنى ئۆيىمىزگە بىر ئادەم مېھمان بولۇپ كەلگەنىدى. شۇ چاغدا مەن سىڭلىم ئومايخان بىلەن «سەپەر» ئويناۋاتاتتىم. بىرى چاقىرغاندەك قىلىپ قالدى. يۈگۈرۈپ قارىسام بېشىغا ئاق تارانچى مالخىيى كىيگەن، 60 ياشلار چامىسىدىكى قاڭشارلىق ھەم تەمبەل بىر ئادەم قورۇغا ئېتىنى يېتىلەپ كىرىپ كېلىۋېتىپتۇ. تۇيۇقسىز كۆتۈلمىگەن بىر ئىش بولدى، ناۋادا شۇ ئىش بولمىغان بولسا، بۇ ئادەم ھازىرقىدەك يادىمدا قالمىغان بولارىدى. بىزنىڭ شۇ ئەتراپتىكى ئىتلار بىلەن تالىشىپ داڭقى چىققان، قورۇيىمىزغا يات ئادەم تۇرماق ئۇچار قۇشلارنىمۇ يولاتمايدىغان يوغان، يامان بىر ئىتىمىز بولىدىغان. قانداق بولدى، ھېلىقى ئادەم: «ھاي ئەيسىراخۇن، ئۆيگە مېھمان كەلدى، مېھمان!» دېگىنىچە قورۇيىمىزغا ئەمدىلا كىرىشىگە، قاياقتىن كېلىپ قالدىكىن، ئىت ھېلىقى ئادەمگە ئېتىلماسمۇ، ياللا... ئومايخان ئىككىمىز قورققىنىمىزدىن چىرقىراپ، قولىمىز بىلەن كۆزىمىزنى ئېتىۋاپتىمىز، پەقەت بىر چاغدا دادامنىڭ ھودۇققىنىچە: «ۋاي نېمە ئالامەت بۇ؟ تازا سەت ئىش بوپتۇغۇ... ھاي، باللىرىم نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرۇشتۇڭلار؟» دېگەن ئاۋازى بىلەن كۆزۈمنى ئېچىپ تۇرۇپلا قالدىم. ھېلىقى ئادەم ئوڭ قولىدا ئىتنىڭ كارنىيىنى بوغقىنىچە پۇتىنى يەرگە تەگكۈزمەي كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئىتنىڭ كۆزى ھېلىلا سىرتقا ئېتىلىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك بولۇپ، ئۆزىمۇ خىرقىراپلا قاپتۇ. ھېلىقى ئادەم سول قولىدا ئىتنىڭ چۈلۈۋۈرىنى تۇتۇپ تۇراتتى. ئات بولسا گويا بۇ ئىشلار بىلەن كارى يوقتەك بېشىنى يىنىككىنە سىلكىپ، چۆپنى قورۇپ تۇراتتى.

www.uyghurkitap.com

ھېلىقى ئادەم خۇددى كەپتەرگە دان چاچقاندەك قولىنى بىر سىلكىۋىدى، ئۇست خېلى يىراقتا بېرىپ ئۇگدىسىغا چۈشتى-دە، كاگشىغىنىچە سامانخانىغا قاراپ بەدەر قاچتى.

«ئەستاغپۇرۇللا، ... ماۋۇ سەتچىلىكنى... ئالدىلىرىدا خىجىلمەن پالۋان... بەك سەت ئىش بولدى، — دادام خىجىللىقتىن شۇنداق دېگەچ ئالدىراپ بېرىپ ئۇنىڭ قولىدىن ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى ئالدى، — مۇشۇ باللار ئوغرى-يالغاندىن قورقۇپ بېقىۋاپتىكەن دېمەملا...»

«ئوغرىدىن ئانچە قورقمىغۇلۇق ئەيسىراخۇن، قورققۇلۇق بولسا ئىتلىرىدەك ماراپ چىشلەيدىغان ئاۋۇ غوجىلاردىن ھەزەر ئەيلىگۈلۈك...»

دادام ئوڭايسىزلىنىپ:

«ئەمدى مېنىڭ دەۋاتقىنىم... مۇشۇ باللىرىمنىڭ بېقىپ ئويناۋاتقان كەپتەرلىرى بار ئىدى دېسىلە پالۋان... شۇ كەپتەرلەرگە ئارام بەرمەيدىغان ئوغرىلارنى دەپ...» دېدى.

«باللارنىڭ ئەمەستۇ؟ ئۆزۈم بېقىۋاتقان كەپتەرلەر ئىدى دېسىلە ئەيسىراخۇن، — دېدى ھېلىقى ئادەم خۇش خۇيلۇق بىلەن كۈلۈپ، — بىز باياندای سېپىلنى ئالغاندا ئۆيدىكىلەرگە خۇش خەۋەر يەتكۈزگەن ھېلىقى كەپتەرلەر باردۇ؟!»

«بار بولمامدىغان پالۋان، بار، بار. ئۇلارنىڭ باشقىلىرىمۇ قاتارغا قېتىلىپ كەتتى. ئەمدى بۇ بىر ئۇدۇم، قېنىمىزغا سىڭىپ كەتكەن ھەۋەسەن دېسىلە. دادامنىڭ دېيىشىچە، بوۋىلىرىمىزنىڭ بوۋىلىرىمۇ كەپتەر بېقىپتىكەن. مانا ئەمدى مېنىڭدىن باللىرىمغا قالدى. شۇغىنىسى مانا ماۋۇ يان قوشنىمىز نېمىشقىكىنتاڭ، كەپتەرلىرىمىزنىڭ ئۇچقىنىنى زادىلا ياقتۇرمايدىكەن. ئەمدىلا ئۇچۇم بولغان نۆۋەسلىرىنىمۇ ئوغرىلاپ پەقەتلا ئاۋۇتمايۋاتىدۇ...»

دادام شۇنداق دېگىنىچە ئاتنى ئېغىلغا ئېلىپ ماڭدى. ھېلىقى ئادەم ئىنىلىرىم ئۇچۇرتۇپ ئويناۋاتقان ئاسماندىكى كەپتەرلەرگە دادام يېنىغا كەلگۈچە قاراپ تۇردى-دە، ئاندىن ئۆيگە كىرىپ كېتىۋېتىپ دادامغا:

«شۇ ئىشقىلا ھەيران بولىمەن، ئوغرىلاپ، قاناتلىرىنى بوغۇپ قىرقىپ تاشلايدىغىنى ئادەمنىڭ ئوغسىنى قايىنتىدۇ. ئۆزۈمنىڭلا بولسا دەيدىغان ئەجەپ بىر نومۇسسىزلار بار-ھە!؟» دېدى.

ئەنە شۇ چاغدا ئۆيىمىزگە مېھمان بولۇپ كەلگەن ھېلىقى ئادەم سادىر پالۋانىكەن، كېيىنمۇ ئۇ يەنە نەچچە قېتىم كېلىپ كەتكەن ئىدى.

— موما، بىزنىڭ كەپتەرلىرىمىزنىمۇ مۇشۇ ۋاسلاخۇنكام ئوغرىلاپ ئايرودروم تەرەپتە ئۆيى بار گومازى دېگەن بىر لىيوتچىككە ئاپىرىپ بېرىپتۇ. خەقلەر شۇنداق دەيدۇ... — دېدى ئەختەم ھەيران بولۇپ.

— ھەي، جېنىم باللىرىم، بۇ ئۇششۇقلارغا قانداق بولۇپ قوشنا ئولتۇرۇپ قېلىشىدۇقكىنتاڭ... يا بۇ يەرنى تاشلاپلا باشقا بىر ياقلارغا كېتەيلى دېسە، ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ تۇتقان ماكانى، تاشلاپ كېتىشكە ئادەمنىڭ يۈرىكى چىدىمىغان، يا بۇ ئىنساپسىزلار بۇ خۇيىنى تاشلىمىغان.

— كەپتەرلىرىمىز ئاسماندا ئۇچۇۋاتسا نەرى تاقىشىدىكىن بۇلارغا... — دېدى ئەختەم، — زادىلا چۈشىنەلمىدىم، بىزگە نېمىشقا بۇنچىۋالا ئۆچلۈك قىلىدىكىنتاڭ!؟

— ۋاي! — دېدى ئەختەمنىڭ گېپى بىلەن مومىسى ئېغىر ئۇھسىنىپ، — ئېيتساق گەپ جىق... ئۇلارنى نېمە دەيدۇ دېسە، تېپىۋالغىنى مۇشۇلا گەپ: ھە دېسە ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ كەپتەر

ئۇچۇرتۇپ كۆڭلىمىزنى ئارامىدا قويمايدۇ. ئۆزىنىڭ ئۆگزىسىدە يۈگەردى دېگەن بىلەن بىزنىڭ ئۆيلەرگە توپىسى چۈشۈۋاتىدۇ. بالىلىرىمىنىڭ كۆزى ئاسماندا، ئۆيىمىزنىڭ ئىشلىرىدىن تاۋى قاچىدۇ. شۇڭا كەپتەرلىرىنى تەزدۇرۇۋېتىمەن، دېگۈدەك.

— ئىتىنىڭ ئۆزىكەندە! — دېدى ئەختەم چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، — قېنى شۇ قىلغىنىغا بىزمۇ كەپتەرلىرىمىزنى تەزدۇرمەسمىز. تەزدۇرىمەن دەپ ئۆزلىرى تېزىپ كېتەر، ئىلاھىم!

— ئاكاڭ ئالىمغا ھەمشەم ئېيتىپ تۇرۇۋاتىمەن، سەنمۇ قۇلىقىڭدا تۇت، ئۇلارنىڭ بالىلىرى بىلەن ئارىلاشقۇچى بولما. ھېلىقى چوڭىنىڭ كۆزلىرى ئوغرى مۇشۇكتەك خەقنىڭ كەينىدىن تاپاندا پىلا يۈرىدۇ. ئاغرىمىغان بېشىمغا ئالتە تاياق، دەپ بېشىمىزغا سىركە قۇيۇۋالمايلى...

— قاراڭ موما، گاھى كۈنلىرى ئاشۇ ياقۇپ دېگىنىچۇ ئەختەم ئاكامنىمۇ ئىزلەپ كېلىپ پاراڭلىشىپ كېتىدۇ، — دېدى تېخىچىلا ئويغاق يېتىپ گەپ-سۆزلەرنى ئاڭلاۋاتقان مۇرات.

— ھەي سەن تېخىچىلا ئۇخلىمىغانمىدىڭ؟ — دېدى ئەختەم يوتقاندىن بېشىنى چىقىرىپ ياتقان مۇراتقا قاراپ قويۇپ، — راست، گاھىدا شۇ ياقۇپ دېگىنى ئۆزىچىلا: «مەھەللىدىكى بالىلار كۆرۈنمەيدىغۇ؟» دەپ سوراپ كېتىدۇ. گاھىدا مېنى كۆرۈپلا دەرۋازىسىنى قاتتىق يېپىپ كىرىپ كېتىدۇ. ئۆزىمۇ ھېچ چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىر قىسمىلا بىر نېمە...

— پات-پات مۇشۇلارنىڭ ئۆيىگە پوت-پوت مىنىپ كېلىپ، بالىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ يۈرىدىغان ھېلىقى بىرى بارغۇ...

— گومازى دېگەن ليوتچىك ئاشۇ، موما، — دېدى ئەختەم ئىزاھلاپ.

— ھە، ئەمىسە ئاشۇ، ئۇنىڭ مۇشۇلارنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىۋېلىپ كەپتەرلەرگە قىلتاق قويۇۋاتقانلىقىنى نەچچە قېتىم كۆرۈپ قالدىم. تېخى بىزنى بىلمەيدۇ دېسە كېرەك. ئۇلارنىڭ مەيلىچە بولسا بېشىمىزدا ياڭاق چېقىپ ئوينىغۇسى بار. خۇدايىم بۇيرۇسا ئۇنداقمۇ بولما...

ئەختەمنىڭ مومىسى شۇنداق دېگىنىچە ئىچىدە نېمىلەرنىدۇر ئوقۇپ ئاندىن ئەۋرەلىرىگە دېدى:

— بىر توقايلا پاراڭلارنى قىلىۋەتتىم، ئەمدى ئۇخلاڭلار بالىلىرىم. ھېلىلا تاڭ ئاتىدۇ.

مومىسى چىراغنى ئۆچۈرۈپ ياتقاندىن كېيىن ئەختەمنىڭ كۆزىگە ئۇزۇنغىچە ئۇيقۇ كەلمىدى. چۈشىمىكىن، بىر چاغدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا خۇددى مومىسى سۆزلەنلەپ بەرگەندەك سادىر پالۋان پەيدا بولدى. ئۇلار بىرلىكتە كەپتەر ئۇچۇرۇپ يۈرگۈدەك...

2

مەكتەپ دارۋازىسىنىڭ ئىككى يېنىدا قوللىرىغا توگو* تۇتقان ئىككى جېسەكچى ئوقۇغۇچى تۇراتتى. تەنەپپۇس قىلىش، مەكتەپ قورۇسىغا چىققان ئوقۇغۇچىلار ھەرخىل ئويۇنلارنى ئويناشماقتىدى. مەكتەپ بىناسىنىڭ يېنىدىكى مەسچىتنىڭ ئالدىدا بىر توپ ئوقۇغۇچىلار چەمبىرەك بولۇشۇپ، چاۋاكلىرىنى ناخشىغا تەڭكەش قىلغىنىچە ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى.

يامان يولۋاس يولدا يېتىپ،
شىرغا يول بەرمەس:
........

شۇ تاپتا ئەختەمنىڭ قولى چاۋاك بىلەن بەنت بولسىمۇ، كۆزلىرى مەكتەپكە ئانچە يىراق بولمىغان قورۇسىنىڭ ئاسمىنىدا

* توگو — گۈرجەك سېپىدەك مەخسۇس ياسالغان ياغاچ ساپ.

www.uyghurkitap.com

ئۇچۇۋاتقان كەپتەرلەردە ئىدى، ئەنە
قەشقەر بالداق. ئۇ، غول قويرۇقىغا
تاقالغان سوزلۇق غوڭنى * چاڭ كەلتۈرۈپ
كەپتەرلەرنى كۆكتە باشلاپ يۆگەپ
ئۇچماقتا. قەشقەر بالداق شۇ يۆگىگەنچە
بىرىپ ساي مەھەللىدىكى باقى بىلەن
گىنكانىڭ كەپتەرلىرى بىلەن گىرەلىشىپ
كەتتى. گىرەدىن ھاسىل بولغان بۇ چوڭ
توپ ئوتتۇرىسىدا «ئويۇنچى»لار ھەرخىل
شەكىل بىلەن ئويىنماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ
ئىچىدە كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرۇدىغىنى
يەنىلا ئەختەملەرنىڭ قوش پۆپەك، قىزىل
«قەشقەر پەلەك»ى ئىدى. ئۇنىڭ
رەڭگى دەمدەگە ئوخشىغانلىقتىن، كەپتەرۋاز-
لار ئۇنى «دەمدە پەلەك» دېيىشەتتى.
لېكىن ئۇنىڭ ئانىلىرىنى ئەختەمنىڭ
بوۋىلىرى قەشقەردىن ئېلىپ كەلگەنلىكى
ئۈچۈن، ئۆيدىكىلەر ئۇنى قەشقەر پەلەك
دەيتتى. ئۇ گويا ساداقتىن ئېتىلىپ چىققان
ئوقتەك، تۈيۈقسىز توپ ئىچىدىن كۆتۈرۈلۈپ
چىقاتتى-دە، ئاندىن ئىككى قانىتىنى
جۈپلەپ ھاۋا بوشلۇقىدا بىردە ئۇڭ
تەرەپكە، بىردە سول تەرەپكە چاقپىلەك-
تەك ئۈچ-تۆتنى پىرقىرىۋېتەتتى.

— جانىۋارىم! — دەپ پىچىرلىدى
ئەختەم كۆكتىكى كەپتەرگە قاراپ، —
جۈپتۈك بولغان بولسا قانچىلىك ئويناپ
كېتەر ئىدىڭ. ئۇلار ھەقىچان جۈپتۈكنىڭ
قانىتىنى قىرقىپ تاشلىدى، بولمىسا ئۇ
ئاللىقاچان قېچىپ كېلەرىدى...

ئەختەمنىڭ كۆز ئالدىغا ھېلىقى
كۈندىكى ئىشلار كېلىشكە باشلىدى. شۇ
كۈنى ئۇلار چۈشلۈك تاماق يەۋاتاتتى.
توساتتىن بىرىنىڭ ئۆگزىدە ماڭغان تىۋىشى
ئاڭلاندى. ئاكا-ئۇكىلار بىر-بىرىگە قاراپ
ھەيران بولۇپ تۇرۇشىغا قورۇدىن مومىسىنىڭ
ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ھاي، قايسىڭاي ئۆگزىدە يۈگۈرۈپ
يۈرگەن!

ئەختەم بىلەن مۇرات يەۋاتقان
تامىقىنى تاشلاپ كەپتەرخانىغا قاراپ
يۈگرەشتى. قونداقتىكى كەپتەرلەر ئۈركۈپ
ئاسمانغا ئۇچۇپ كېتىشكەنىدى، ئەختەم
ئۆگزىگە چىقىشىغا ئۆگزىدىن سەكرەپ ئۆز
قورۇسىغا چۈشۈپ بولغان ۋاسىلاخۇننىڭ
چوڭ ئوغلى ياقۇپ قولىدىكى نەرسىنى
ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلگەن گومازىغا بېرد-
ۋاتاتتى. گومازىنىڭ كۆزلىرى ئەختەم بىلەن
دوقۇرۇشۇپ قالدى-دە، دەرھال ئۆزىنى
كوچىغا ئاتتى.

— ئاكا، «قەشقەر پەلەك» نىڭ جۈپتى
يوق تۇرىدۇ، — دەپ ۋارقىرىدى ئالدىراپ
كەپتەرخانىدىن چىققان مۇرات ئۆگزىدىن
سەكرەپ چۈشكەن ئەختەمگە قاراپ.

ئەختەم كوچىغا قاراپ يۈگەردى. گومازى
بىلەن كوچىغا چىققان ياقۇپ ئۇنى كۆرۈپلا يەنە
غىپپىدە قورۇسىغا كىرىپ كەتتى. گومازى ھېچ
نىمە كۆرمىگەندەك ئۈچ چاقلىق موتسىكلىتىدە
ئولتۇرغان ئىككى ئىنىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ بىر
نىمىلەرنى پىچىرلىدى. ئۇلار دەررۇ موتسىكلىتىنى
ئىرغىپ چۈشۈشتى.

ئەختەم گومازىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ
باردى-دە، ئاچچىقىنى بېسىپ تۇرۇپ دېدى:

— كەپتىرىمنى بېرىۋەت!

— قايسى كەپتەرنى دەيسەن؟ ماڭا
ئۆتكۈزۈپ قويغان كەپتىرىڭ بارمىتى؟! —
دەپ ۋارقىرىدى گومازى.

— ئاۋۇ قوينۇڭدىكى مېنىڭ كەپتىرىم
بولماي نىمە؟ مال ئىگىسىدىن ئوغرى
كۈچلۈك دەپ مېنىڭدىن بەك ۋارقىرايسەنغۇ

* سوزلۇق غوڭ — سوز قومۇشتىن، غوڭ ئۆرۈكنىڭ چوڭلۇقىدەك قاپاقتىن ياسىلىدۇ. سوزلۇق غوڭ قاپاقنىڭ ئىچىگە ياكى ئارقىسىغا ياسالغان قومۇش چاپلىنىدۇ.

تېخى؟! چىقار كەپتەرنى! ئاناڭنى...
— ھەي، ئاغزىڭنى بۇزما جومۇ، ھېلى بىكار ئاغزى-بۇرنۇڭنى نو قىلىۋەتمەي! — گومازى ئەختەمگە دېۋەيلىدى.

ئاچچىقى كەلسە كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدىغان ئەختەم ئۇستىدىكى ئۇزۇن چىبەرقۇت چاپىنىنى يېشىپ پىرقىرىتىپ تاشلىدى. ئۆزىدىن ئون نەچچە ياش چوڭ گومازىنىڭ يولسىزلىقى ئۇنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرگەنىدى.

— قېنى كىمنىڭ ئاغزى-بۇرنىنى نو قىلىۋېتىدىكەن؟ كەپتەرنى بېرەمسەن-بەرمەمسەن؟!

ئەختەمنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ گومازى سەل چۆچۈدى.

— بەرمەيمەنغۇ... قېنى، بىگىسلىك بولسا ئېلىپ باققىنىڭنى كۆرەي...

— بەرمەمسەن؟!

— بەرمەيمەن... تۇتۇۋالدىم. ھە، تۇتۇۋالدىمغۇ!؟

— ئۇيالماستىن دەۋاتقان گېپىنى ماۋۇ ئۇششۇقنىڭ...

— ھوي... ھوي... ھوي... نېمە ۋاراڭ-چۇرۇڭ بۇ؟! — ھېچنېمىنى ئۇقمىغاندەك ئوغلى ياقۇپ بىلەن چىقىپ كەلگەن ۋاسلاخۇن ۋارقىرىدى.

ئۇلارنى كۆرۈپ باشقىدىنلا روھلانغان گومازى قويىنىدىن «قەشقەر پەلەك» نى چىقىرىپ ئوڭ قولىدا مىجىقلىغىنىچە دېدى:

— قېنى مانا، ماۋۇ ئۆزۈڭنىڭ يېقىن قوشناڭ دەپ باقسۇن، بۇ كەپتەر كىمنىڭكى؟!

— ئاكا، كەپتەرنى يامان مىجىقلاپ كەتتى ئاۋۇ... — باياتىن بېرى قاراپ تۇرغان مۇرات كەپتەرگە چىدىماي يۈگۈرۈپ بېرىپ، گومازىنىڭ قولىغا ئېسىلدى، — ئەكە كەپتەرنى...

گومازى مۇراتنىڭ يۇمران قوللىرىنى قولىدىن بوشاتتى-دە، ئۇنى ئىتتىرىۋەتتى. مۇرات تۇڭغلاق يەرگە يىقىلدى.

ئۆكسىنى يەرگە يىقىتىۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئەختەمنىڭ سەۋر قاچىسى سۇندى-دە، گومازىغا ئېتىلدى.

گومازى چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، كەپتەرنى قويىنىغا سالدى-دە، ئىنىلىرىغا ۋارقىرىدى. ئەختەمگە دىققەت قىلىپ تۇرغان ئۇنىڭ ئىككى ئىنىسى ئېتىلىپ كەلدى-دە، ئەختەمنىڭ قولىنى ئىككى ياقتىن قايرىپ تۇتۇۋالدى.

— باياتىن گەپ قىلماي قويۇپ بەرسەم ھەر گەپلەرنى قىلدۇيا ماۋۇ، كىچىك ئىكەن دەپ ئايىغاننى بىلمەي... ئەمدى ئاكاڭ قارىغاينى كۆرۈپ قوي! — گومازىنىڭ چوقۇر يۈزلىرى چوقۇرلىرىغىچە قىزىرىپ، كۆزلىرىگە قان تولۇپ دېۋەيلەپ كەلدى.

ئەختەم ئۇنى ئۆزىگە يېقىن كەلتۈرمەسلىكە تىرىشتى. گومازى ئەختەمگە بىر مۇشت ئاتتى. ئەختەم يۇلقۇنۇپ بېشىنى يانغا قاچۇرغان ئىدى، ئۇنىڭ بېشى ئوڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرغان گومازىنىڭ چوڭ ئىنىسىنىڭ يۈزىگە قاتتىق تەگدى-دە، ئوڭ قولى بوشاپ كەتتى. ئەختەم يەنە پىرقىراپ تۇرۇپ سول قولىنى تۇتۇۋالغان گومازىنىڭ ئىككىنچى ئىنىسىنىڭ ئېڭىكىگە بىرنى سالدى-دە، گومازىغا ئېتىلدى.

ئەتراپقا ئادەملەر ئولىشىپ كەتكەنىدى. گومازى دەررۇ يېنىدىن تاپانچىسىنى چىقاردى.

بىرى خەۋەر قىلغان بولسا كېرەك، دەل شۇ چاغدا ئەختەمنىڭ مومىسى ھاسىسىنى قولىغا ئېلىپ چىقىپ كەلدى.

مومايىنى كۆرۈپ ۋاسلاخۇن بىلەن ياقۇپ ئارىغا كىردى-دە، ئەختەمنى تۇتۇۋېلىپ ۋارقىرىدى:

— ھوي، ھوي، ھوي... بولدى قىلىڭلار دەيمەن، بولدى. قانداق دېگەن گەپ بۇ؟ ۋاھ، ھوي بالاموي سېنى خېلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىر رايىش بالا دەپ يۇرسەم سىڭگمۇ
مۈڭگۈزۈك ئۈچگدىمۇ نىمە؟ بىر كەپتەرگە
نىمانچىۋالا قىلىپ كىتسەن؟!

پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن گومازد-
نىڭ ئىككى ئىنىسى ئارقا تەرەپتىن كىلىپ
ئەختەمنى بىرنەچچە مۇش ئۇرىۋەتتى.

ئەختەم غەزەب بىلەن ئۇلارغا
ئىتىلماقچى بولۇۋىدى، ئىككى قولىنى ئامبۇر-
دەك چىڭ قىسىۋالغان ۋاسىلاخۇننىڭ قولىدىن
ئۆزىنى بوشىتالمىدى-دە:

— قويىۋىتىڭ، مىنى قويىۋىتىڭ
دەيمەن... — دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى.

— بولمايدۇ، بولمايدۇ. بىكار ئىش
يوغناپ كەتسە، ئۆزۈڭنى بالاغا تىققاننى
ئاز دەپ بىزنىمۇ ئوتقا تىقسەن، —
ۋاسىلاخۇن ئەختەمنىڭ يۇلقۇنىۋاتقانلىقىنى
ئۆزىگە نىسبەتەن بىر ھۆرمەتسىزلىك بىلدى
بولغاي، ئەمدى غەزەب بىلەن ۋارقىراشقا
باشلىدى، — ھوي، ھوي، ھوي، قانداق
بەغەرەز بالسەنۋي، ۋاھ، كىمگە قول
ياندۇرىۋاتسەن؟ ئۇ كىم، سەن كىم؟

ياقۇپمۇ ئىشنىڭ يوغناپ كىتىشىدىن
ئەنسىرەپ، ئىتتىك كىلىپ گومازىنىڭ
ئىنىلىرىنى توسقاندەك قىلىۋىدى، گومازى
بىردىنلا ئاسمانغا قارىتىپ ئارقا-ئارقىدىن
ئىككى پاي ئوق ئاتتى:

— ياقۇپ سەن بۇ ئىشقا ئارىلاشما. بۈگۈن
مەن جىنىمنى تىكىپ قويدۇم. گەپ قىلماي تۇرۇپ
بەرسەم ئاكاڭ قارىغايغا پۇت ئىتىۋاتقىنىنى قارا
ماۋۇ سولتەكنىڭ، قىنى كىلە...

ئۇ شۇنداق دىگىنىچە ئەختەمگە
تاپانچىسىنى تەڭلەپ دىۋەيلەپ كىلىۋىدى،
ئۇنىڭ مەيدىسىگە ئەختەمنىڭ مومىسىنىڭ
ھاسىسى تىرەلدى:

— ھوي دەيۈز، نىمانچىلا يوغناپ
كەتتىڭ سەن؟ نىمەڭگە ئىشىنىپ شۇنچە-
ۋالا چوڭچىلىق قىلىسەن ھە!؟ بۇ بالا
ھەر قايسىڭنىڭ ئۇرۇپ ئوينايدىغان ئويۇن-
چۇقىما؟ بوزەك قىلساق بۇنىڭ ئىگىسى يوق
دىيىشتىڭما يا؟ قىنى، تاپانچاڭ بىلەن
ئۇنى ئاتامسەن...

— راست گەپتە، ئۇيالماستىن
كىچىككىنە بىر بالىغا ئۈچ-تۆتەيلەننىڭ
چىققىنىنى كۆرمەمسىلەر...

— ھەممە گەپ مۇشۇ ۋاسىلاخۇندا،
جىننى ئۇسسۇلغا سالىدىغان قىرى ئۇ...

— قورقمىسلا چوڭ ئاپا، مانا بىز بار...
يىغىلىۋاتقانلار تەرەپ-تەرەپتىن ۋارقىرىشىپ،
ئۇلارنى ئارىغا ئىلىشقا باشلىدى.

ئىشنىڭ ئەپلەشمەيۋاتقانلىقىنى كۆرگەن
ۋاسىلاخۇن دەررۇ گومازىغا:

— تاتە ھوي، تاپانچاڭنى. كوچىنى
قالايمىقان قىلماي ماڭ مەلەڭگە كەت،

— دىگىنىچە ئاكا-ئۇكىلارنى دولىسىدىن
ئىتتىرىپ موتىسىكلىتىغا چىقاردى، ئىشنىڭ
ئۆزىگە پايدىسىزلىقىنى سەزگەن گومازى
ئارتۇق بىر نەرسە دىيەلمەي موتىسىكلىتنى
ئوت ئالدۇرۇپ تىكىۋەتتى.

— ھەر قايسىڭنىڭ كوكونچىلىقىنى
قىلىۋاتسام مىنى نىمە دەپ چىشلەپ
تارتىشسەن، ماڭا نىمە دەپ ھۆركىرىشسەن-
ھە، — ۋاسىلاخۇن ئەتراپتىكىلەرگە
ھۆرپىيىپ ۋارقىرىدى، — چىغىڭلارنى
چاغلاپراق ئىش قىلساڭلار بولارمىكىن...

— ئوش... قوشنام، كارنايلىرىڭىزنى
كىرىپ، شاللىرىڭىزنى بۇنچىۋالا ئىقتىپ
كەتمەڭ، — ۋاسىلاخۇننىڭ گەپلىرىگە
ئەختەمنىڭ مومىسىنىڭ ئاچچىقى كەلدى، —
سىزنى كىم كوكونچىلىققا قويدى؟ قوشنام
بۇلارغا ئۇنچىۋالا چاپان يىپىپ كەتمەڭ...
يا ھۇشۇقلىرىنى ئالچۇ چۇشۇرەي دەمدىلا؟
بولمىسا سىلىگە نىمە دەز كەتتى!؟

مومايىنىڭ سۆزلىرىدىن ۋاسىلاخۇننىڭ
سەپراسى قوزغىلىپ بىر نەرسە دەي
دەپ تۇراتتى، تۇيۇقسىز مەكتەپ تەرتىپ
مۇدىرى ئىرپاننىڭ چالغان پۇشتىكى

ئەختەمنىڭ خىيالىنى ئۈزۈۋەتتى، ئۇ ئەتراپقا قاراپ مەيداندا يالغۇز قالغانلىقىنى سەزدى-دە، سىنىپقا قاراپ يۈگۈردى ۋە زالغا كىرىدىغان پەلەمپەيگە يېتىپ كېلىپ كەپتەرلىرىگە يەنە بىر قارىدى. ئۇنىڭ قورۇسى ئۈستىدە تويۇقسىز بىر لاچىن پەيدا بولغانىدى.

3

1944-يىل 6-نويابىر.

بامداتقا يېقىن شەھەرنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىن تاراسلاپ ئېتىلغان ئوق ئاۋازلىرى سۈكۈت ئىچىدە ياتقان شەھەرنى ئويغاتتى.

ئەختەمنىڭ دادىسى بامدات نامىزىغا چىقىپ كەتكىنىچە تېخىچىلا قايتىپ كەلمىگەن ئىدى. كوچىدا مەھەللىنىڭ چوڭلىرىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئەختەم ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. يېقىندىن بېرى گومىنداڭ مەمۇرلىرى ئۆزلىرىگە ئۇلىشىۋالغان ۋەھىمە بىلەن خەلقنى چۆچۈتۈپ، «ئوغرى» لاردىن مۇداپىئەلىنىشكە كوچا-كوچىلارغا ئاكوپلارنى كولىتىپ، پوتەيلەرنى سالدۇرغانىدى.

جىلتىسىنى ئېسىپ مەكتەپكە ماڭغان ئەختەمنى بېشىنى دەرۋازىسىدىن چىقىرىپ قاراپ تۇرغان ياقۇپ چاقىرىۋالدى.

— ھەي ئەختەم، ئۇياققا ئۆتمە، قورۇغا كىرىۋال!

— نېمىشقا؟

— ئوق تېگىدۇ، ئوق. ئاڭلىمىدىڭمۇ، چوڭ كوچىدا ئېتىشىۋاتىدۇ، چاپسان بۇياققا كەل!

ياقۇپنىڭ سۆزىنى تەستىقلىغاندەك يېقىنلا يەردىن كەينى-كەينىدىن ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئىنقىلاب باشلىنىپتۇ-دە. ئەختەم ھاياجانلىنىپ كەتتى-دە، خۇشاللىقىدىن ئىككىلا تاقلاپ ياقۇپلارنىڭ قورۇسىغا كىردى. قورۇدا ياقۇپنىڭ يەنە ئىككى ئاغىنىسى بار ئىدى. ئۇلار قورالىق ئىدى.

— ئاڭلىمىدىڭمۇ، ئىنقىلاب باشلاندى، — دېدى ياقۇپ ئەختەمنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ، — ئەمدى مەكتەپكە بارالمايسەن، خالىساڭ بىز بىلەن يۈر، ئىنقىلابچىلارنىڭ شىتابىغا بارىمىز...

— ئىنقىلابچىلارنىڭ شىتابى؟ ئۇ قەيەردە؟ — ئەختەم مۇشۇنچىۋالا چوڭ ئىشلاردىن ياقۇپنىڭ خەۋەردارلىقىدىن ھەيران بولۇپ سورىدى.

— ئاكاڭ بىلەن داداڭ ساڭا ئېيتمىغانمىدى؟ — ياقۇپ ھەيران بولۇپ ئەختەمدىن سورىدى، — ھېلىقى سەن بىلەن ئوقۇيدىغان تۇيغۇنلارنىڭ قورۇسىدىغۇ. بىز بىلەن بارساڭ، قالغانىنى ئۆزۈڭ شۇ يەردە بىلىۋالىسەن...

— مېنىڭ قورالىم بولمىسا...

— شۇڭلاشقا بىز بىلەن بار دەۋاتىمەنغۇ. قېنى ئەمسە كەتتۇق، — ياقۇپ يېنىدىكى قورالىق ئىككى ئاغىنىسىغا بېشى بىلەن ئىشارەت قىلىپ، بېلىدىن تاپانچىسىنى چىقاردى-دە، كوچىغا چىقىپ تام ياقىلاپ يۈگۈردى. ئەختەممۇ كوچىغا چىقىپ جىلتىسىنى پىرقىرىتىپ ئۆگزىسىگە ئاتتى-دە، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يان كوچىغا بۇرۇلۇپ يۈگۈردى. تۇيغۇنلارنىڭ قورۇسى قورالىق ئادەملەر بىلەن تولغانىدى. كىمدۇر بىرى ئۇلارنى نەگىدۇر باشلاپ ئېلىپ چىقىپ كېتىۋاتاتتى. كىمدۇر بىرلىرى قورۇغا يېڭىدىن كىرىپ كېلىۋاتقانلارغا مىلتىقلارنى تارقىتىپ بېرىپ:

— مىلتىق ئېتىشنى بىلىدىغانلار بۇ تەرەپكە كېلىڭلار، — دەيتتى.

ياقۇپ بىلەن ئىككى ئاغىنىسى دەرھال توپ ئىچىگە قېتىلىپ كەتتى. پېشايۋاندىكى ئۈستەلدە نېمىلەرنىدۇر ئالدىراش يېزىپ، كىملەرگىدۇ بىر ئىشلارنى تاپىلاۋاتقان، بۇرۇتلىرى تەكشى قىرقىلغان، بېشىغا كۆلرەڭ قۇلاقچا، ئۈستىگە ياقىلىق كالتە جۇۋا كىيىۋالغان بىر ئادەم ئولتۇراتتى. تۇيغۇننىڭ دادىسى مۇشۇ ئادەمكەندە، ئەجەبمۇ

ئوخشايدىكەن... ئەختەم خىيالىدىن شۇنى ئۆتكۈزۈپ تۇراتتى، شۇ چاغدا ھېلىقى كىشى پېشايۋاننىڭ ئالدىغا كېلىپ، قورۇدىكىلەرگە:

— ئاراڭلاردا ئۇچەرۋازلىق، شەنگەنباغلىق باللار بولسا مېنىڭ ئالدىمغا كەلسۇن، — دېدى.

شۇ زامان ئەختەمگە تونۇش ئۇچ-تۆت بالا سەكرەپ پېشايۋانغا چىقتى. ئەختەممۇ ئالدىدىكى ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن قىسىلىپ ئۆتۈپ، ھېلىقى ئادەمنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئالدىدا چىققان باللار ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىپ ئورۇنلىرىغا قايتىشتى. ھېلىقى ئادەم ئەختەمگە سوئال نەزەرى بىلەن قارىدى:

— ھە، سەنچۇ بالام؟

— مەنمۇ ئۇچەرۋازلىق.

— كىمنىڭ بالىسسەن؟

— تۇرسۇن ئاخۇننىڭ.

— ھە، تۇرسۇنكامنىڭمۇ؟! ياخشى. سەن ھازىر دەرھال مەھەللەڭگە بېرىپ، ئىنقىلابچىلار ئۈچۈن نان يىغىپ كەل. قانچىلىك جىق بولسا شۇنچە ياخشى. ئېھتىيات قىل، كوچىدا گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە ئۇچراپ قالما.

— ماڭا قورال بەرگەن بولسىڭىز؟

— ئالدىرىما بالام. ئاۋۇ ئاكىلىرىڭغىمۇ قورال يېتىشمەيۋاتىدۇ. يۈگۈر، مەن دېگەن ئىشنى دەررۇ ئورۇندىغىن بالام. بولسا ئۆيۈڭلەردىكى هارۋا بىلەنلا ئېلىپ كەلگىن.

ئەختەم خۇشلىقىدىن گويا شۇ دەم ئۆزىگە قانات پۈتكەندەك، ئارقا كوچىلار بىلەن ئۇچقاندەك ئۆيىگە قايتىپ كەلدى-دە، ئېغىلدىن ئاتنى ئېلىپ چىقىپ خادىكىغا قاتتى. ئاندى ئالدىراش ئۆيىدىن چىقىپ كەلگەن مومىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— موما، ئىنقىلاب باشلىنىپتۇ. نىلقىدىكى ئىنقىلابچىلار شەھەرگە كىرىپتۇ. شىتابى ئىلاخۇنكاملارنىڭ ئۆيىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تۇيغۇنلارنىڭ قورۇسىدىكەن. مەنمۇ ئۇلارغا قوشۇلدۇم. تۇيغۇننىڭ دادىسى مېنى ئىنقىلابچىلارغا نان يىغىپ كەل، دەپ ئەۋەتتى. هارۋىدا ئاپىرىمەن. ماڭا نان بېرىڭ! — دېدى.

— يىقىندىن بېرى كۆرگەن چۈشلىرىم بىكار ئەمەسكەندە، بوۋاڭ رەھمەتلىك: باللار سەپەرگە ماڭىدىغان بولدى، ئۇلارنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن دۇئا قىل، دەۋاتقۇدەك... بارغىن بالام، بارغىن. ساڭا نانمۇ بېرەي، دۇئامۇ بېرەي، بوۋاڭنىڭ روھى خۇش بولسۇن. يۈرگىن، بىلگەندەكلا تونۇگۈن ئاپاڭغا نان ياقتۇزۇپتىكەنمەن. هاي شەرۋانە، ئىشىكنى قويۇپ بۇياققا چىق! — دېدى مومىسى.

ئانىسىنىڭ كەينىدىنلا ئۆيىدىن چىقىپ كەلگەن مۇرات گەپ-سۆزلەرنى ئاڭلاپ قىن-قىنىغا پاتماي كەتتى.

— ئەمدى ئاكام مىلتىق ئاسىدۇ ھە، موما، — دېدى ئۇ مومىسىنىڭ ئارقىسىدىن قالماي مېڭىپ، — مىلتىق بولغاندىكىن ئەمدى كەپتەرىمنى تارتىپ ئالىدىغان بولدۇق-ھە...

— ئەلۋەتتە تارتىپ ئالىمىز بالام، — موماي مۇراتنىڭ بېشىنى سىلاپ قويدى ۋە ئارقىدىن ئەختەمگە ئېيتتى، — بالام ناننى ئامباردىكى ئىزمىلىق يوغان تاغارغا ئالغىن، چېچىلىپ كەتمەيدۇ.

ئەختەم ئامبارغا يۈگۈرۈپ كىرىپ تاغارنى ئېلىپ چىقتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ پۇت-قولى پەيدەك يەڭگىللىشىپ، گويا ھازىرلا ئۇچقۇسى كەلگەن نۆۋەستەك ئالدىرايتتى.

— موما، ئەختەم ئاكام بىلەن مەنمۇ بىللە بارايچۇ؟

موماي مۇراتقا گەپ قىلىشقا تەمشىلىۋىدى، تۇيۇقسىز چوڭ كوچا تەرەپتىن تا-تاتلاپ ئېتىلغان ئوق، گومبۇرلەپ پارتلىغان

بومبا ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ياق، بولمايدۇ بالام، ئاكاڭ ئۇ يەرگە كەپتەر ئۇينىغلى كېتىۋاتقىنى يوق. ئەنە ئاڭلاۋاتامسەن، مۇرات كەلسە بولمايدۇ دەۋاتىدۇ، — دېدى تاغارغا نان سېلىپ بېرىۋاتقان ئەختەمنىڭ ئاپىسى شەرۋانەم.

— ئەسسالام چوڭ ئانا...

هويلىغا دەستە-دەستە نانلارنى داستىخانغا يۆگىشىپ، مەھەللىدىكى 7-8 ئايال كىرىپ كېلىشتى.

ئەختەم مومىسىغا ئوخشاشلا ھەيران بولۇپ ئۇلارغا قارىدى.

— ئۆيىدىكىلەر بامداتتىن قايتىپلا شۇ يەرگە بارغانىكەن، ھېلىلا كېلىپ كەتتى، — دېدى ئۇلاردىن ئېگىز بويلۇق، قارا قاشلىق ئايال، — ئەختەمنىڭ شۇلارغا نان ئاپىرىدىغانلىقىنى بۇلارغىمۇ خەۋەر قىلدىم، باللىرىمىزغا ئاز بولسىمۇ بۇ كۆڭلىمىزنى ئالغاچ كەتسۇن...

شۇ گەپنىڭ ئۈستىگە يەنە 5-6 ئايال يوغان داستىخانلىرىدا نانلارنى كۆتۈرۈشۈپ كىرىپ كېلىشتى. ئاياللار نانلىرىنى بىردەمدىلا ھارۋىغا رەتلىك قىلىپ بېسىپ، باغلاپ بولۇشتى.

— مۇشۇنى ئاپىرىپ كەلگىن بالام، ساي مەھەللىدىكىلەرمۇ نانلىرىنى تەق قىلىپ تۇرىدۇ، — دېدى ئاياللاردىن بىرى ئەمدى خادىكقا بۇنىڭدىن ئارتۇق ناننىڭ پاتمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ.

ئەختەم مېڭىشقا ئالدىراپ ھارۋىغا ئولتۇردى-دە، مومىسىغا قارىدى. موماي پىچىرلاپ ئايەت ئوقۇدى-دە، ئاندىن ئۈنلۈك قىلىپ:

— خۇدا، باللىرىمىزنىڭ يىلىكىگە كۈچ، دىلىغا ئىمان سالغايسەن. زالىملارنىڭ جاجىسىنى بېرىپ، ئاجىز بەندىلىرىڭنى يورۇق كۆڭلەرگە ئىگە قىلغايسەن. شۇ يولدا باللىرىمىزغا ئۆزۈڭ باشپاناھ بولۇپ، ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن. تىلەكلىرىنى ئىجابەت، تېنىنى سالامەت قىلىپ، مۇراد-مەقسەتلىرگە يەتكۈزگەيسەن، ئامىن!

— ئامىن!

ئاياللار مومايغا ئەگىشىپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى.

موماي ئەختەمنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى-دە:

— ئەمدى ماڭغىن بالام، خۇدايىمغا ئامانەت! — دېدى.

ئاتلار ئەختەمنىڭ ئالدىراۋاتقانلىقىنى بىلگەندەك، ھارۋىنى ناھايىتى تېزلا قورۇدىن ئېلىپ چىقىپ، ئوڭغا بۇرۇلدى. ئاتلار ھارۋىنى گويا بەيگىگە چۈشكەندەك ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. ئەختەم چوڭ كوچىغا چىقىپ، يان كوچىغا بۇرۇلۇشىغا چوڭ كوچىدىن ئوق ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. ئېتىشىش بارغانچە كۈچەيدى. ئاتلار قۇلاقلىرىنى ئارقىسىغا يۈپۈرۈپ تېخىمۇ تېز چېپىشقا باشلىدى.

— توختا، توختا دەيمەن!

تۇيۇقسىز سول تەرەپتىكى كوچىدىن 7-8 گومىنداڭ ئەسكىرى قوراللىرىنى تەڭلىشىپ، ۋارقىراپ چىقىپ كېلىشتى. ئەختەم ئاتلىرىغا قامچا سالدى. كەينى-كەينىدىن ئېتىلغان ئوق ئۇنىڭ يان-يېنىدىن ۋىژىلداپ ئۆتۈپ كەتتى. قاياقتىندۇر ئېتىلغان ئوقتىن ئەختەمنىڭ ئالدىغا يۈگرەپ كېلىۋاتقان ئەسكەرلەردىن ئۈچ-تۆتى ئارقا-ئارقىدىن يىقىلدى. بىر ئەسكەر ھارۋىنىڭ ئالدىغىلا كېلىپ قالغانىدى، ئەختەم قولىدىكى ئۇزۇن قامچىسىنى ئاتقا تارسىدە بىرنى سالدى. ھېلىقى ئەسكەر ئۆزىنى ئوڭشىغىچە نوراندەك كېلىۋاتقان ھارۋىنىڭ ئاستىدا قالدى. ھارۋا ئۇنى بېسىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئارقىدىنلا ئاتلىرىنى بولۇشىغا چېپىپ يېتىپ كەلگەن ئۈچ-تۆت ئاتلىق كىشى قېچىپ كېتىۋاتقان ئىككى-ئۈچ ئەسكەرنى قوغلاپ بېرىپ قىلىچ ئۇردى. ئەختەم قورقۇپ كېتىپ كۆزىنى يۇمۇۋالدى.

— يارايسەن ئوغلۇم، — دېدى بىرى

www.uyghurkitap.com


ھارۋىغا يېتىشىپ كېلىپ.

تەرلەپ كەتكەن ئاتنىڭ ئاچچىق تەرى ئەختەمنىڭ دىمىقىغا ئۇرۇلدى. ئۇ ئاستا كۆزىنى ئاچتى.

يايلىلىق جەدە ئات مىنگەن، قوڭۇر كۆزلۈك، كەڭ غوللۇق، بوتىلاق تېرىسىدىن تىكىلگەن قۇلاقچىسىنى ئارقىغا راق كىيىۋالغان بەستلىك بىر ئادەم ئۇنىڭغا گەپ قىلغانىدى.

— ھارۋىدىكى نېمە ئۇ؟

— ئىنقىلابچىلارغا نان ئەپكېتىۋاتىمەن، — دېدى ئەختەم ھېلىقى ئادەمگە ھەۋەسى كېلىپ.

— ۋاھ، قورسىقىمىزنىڭ ئاچلىقىنى بىلىپتىكەنسەندە، يارايسەن! — ئۇ كەينىدىكىلەرگە ۋارقىرىدى، — هاي يىگىتلەر، غەنىمەت ئالغان مىلتىقلارنى ماۋۇ ھارۋىغا تاشلاڭلار! ماۋۇ بالىغا ھارۋا بىلەن يىقىتقان چېرىكنىڭ مىلتىقىنى بېرىڭلار...

ئەختەم ئۆزىگە تەۋە مىلتىقنى قولىغا ئېلىپ، خۇشاللىقىدىن بېشى كۆككە يەتكەندەك بولدى.

## 4

ئەمدى شەھەر ئىنقىلابچىلارنىڭ قولىغا پۈتۈنلەي ئۆتكەنىدى. شەھەر ئىچىدىكى گومىنداڭچىلار قېچىپ ھەرەمباغ ۋە ئايرودرومدىكى ھەربىي گازارمىسىغا بېكىنىۋالغانىدى. كېچە-كۈندۈزلەپ توختىماي ئېتىلىۋاتقان مىلتىق ئاۋازى شەھەرنىڭ بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىغىچە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھەرەمباغ تەرەپتىكى گازارمىدىن ئېتىلىۋاتقان ئوقلار كېچە قاراڭغۇلۇقىدا ياتقان بۇ قەدىمىي شەھەر ئۈستىدىن گويا كۆچكەن يۇلتۇزلاردەك ئۇچۇپ ئۆتەتتى. غايىب ئوقلارنىڭ تېگىپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلغان كىشىلەر ھەرەمباغ تەرەپكە قارايدىغان كوچا ۋە قورۇلىرىدىكى دېرىزىلىرىگە نەم كىگىزلەرنى تارتىپ قويۇشقانىدى.

شۇ كۈنلەردە ئەختەم تىت-تىت بولۇپ يۈرەتتى. ئاكىسى ئالىم ئەسكەرلىككە تىزىملانغان باللار بىلەن بىر ئەترەت بولۇپ، ئايرودروم ئەتراپىدىكى يوللارنى قامال قىلىپ، تاللىقتىكى ئورمانلىقتا كېچە-كۈندۈزلەپ تۇرۇۋاتاتتى.

— ئاكا، كەپتىرىمىزنى قاچان ئەكېلىۋالىمىز؟ — دەپ سورايتتى مۇرات ھەر كۈنى دېگۈدەكلا ئەختەمدىن، — ئەمدى ئالىم ئاكامنىڭمۇ مىلتىق بار، ھېيتەم ئاكامنىڭمۇ، يەنە ئىبراھىم ئاكامنىڭمۇ مىلتىقى بار، ئەمدى قورقمايمىز ھە؟

— ھەي ئەختەم، بۈياقتا كېلە بالام، بۈگۈن ئىككى كۈن بولدى، ئالىم ئاكاڭدىن ھېچ خەۋەر يوق، نېمە بولغاندۇ؟ — ئەختەم كەپتەرخانىنىڭ قېشىدا كەپتەرلىرىگە دان بېرىۋاتقاندا، مومىسى ئۇنى چاقىردى، — ئاكاڭ تاماقمۇ كەلمىدى، سوغۇقتا قانداق قىلىۋاتقاندۇ؟ مەھەللىدىكىلەردىن خەۋەر ئۇقتۇڭمۇ؟

— ئۇلار كەچكە يېقىن تاماق ئاپىرىدىكەن. موما، مەنمۇ ئاكامغا شۇلار بىلەن تاماق ئاپىرىپ كېلەيمىكىن؟! — دېدى ئۇ مومىسىغا.

— بولمايدۇ، بالام. يەنە ئالدىنقى كۈندىكىدەك پېشكەللىككە يولۇقۇپ قالساڭلار... ياق، بالام بولدى، سىلەر بارماڭلار!

مومىسىنىڭ سۆزى بىلەن ئەختەم ئالدىنقى كۈندىكى يۈز بەرگەن ئىشنى ئەسلەپ قاپاقلىرى تۈرۈلدى. شۇ كۈنى ئۇ مەھەللىدىكى ئاغىنىلىرى بىلەن ئاكىلىرىغا تاماق ئاپىرىپ قايتاشىدا، تۇيۇقسىز چوڭ بىر ئايروپىلان ئۇلارنىڭ باش ئۈستىدە پەيدا بولدى.

— قېچىڭلار، گومىزنىڭ ئايروپىلانى، — باللاردىن بىرى ئەنسىزلىك بىلەن ۋارقىرىدى.

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا ئايروپىلاندىن تاتاتلاپ ئېتىلغان پىلىموت ئوقلىرى

ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا يېغىشقا باشلىدى. باللار قورقىنىدىن چۇرقىرىشىپ، تەرەپ-تەرەپكە پىتراپ قېچىشتى. ئەختەم ساي مەھەللىگە كىرىشتىكى «كۆكچىلىك» نىڭ بېقىنىدىكى كونا تامنىڭ ئارقىسىغا ئۆتىۋالدى. ئايروپىلان كېتىپ يەنە ئايلىنىپ كەلدى. بۇ قېتىم ئۇ تېخىمۇ پەس — تېرەك بويى دېگۈدەك ئۇچۇپ كېلىۋاتاتتى.

— ئەختەم، تامنىڭ بۇ تەرىپىگە ئۆتىۋال، كۆرۈپ قالىدۇ، — دېدى چوڭ ئاپىسىنىڭ ئوغلى بىلال ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ.

ئەختەم چاققانلىق بىلەن كونا تامنىڭ ئارقا تەرىپىگە سەكرەپ ئۆتىۋالدى. تا-تاتلاپ ئېتىلغان ئوق بىلەن تەڭ شۇرقىراپ چۈشكەن تامنىڭ توپىسى ئەختەمنىڭ باش ئۈستىگە قويۇلدى. مىلتىقمىنى ئېلىۋالمىغان بولسا، مۇشۇنداق پاكار ئۇچۇپ كېلىۋاتقىنىدا قۇشقاچنى چەنلىگەندەك ئېتىۋېتەتتىم-دە، دېدى ئەختەم مىلتىقنى كوماندىر ياقۇپنىڭ باشقىلارغا بېرىۋەتكەنلىكىگە ئەپسۇسلىنىپ.

ئۇلاردىن 50 قەدەم نېرىدا ئۇتلاۋاتقان بىر كالىغا ئوق تەگكەن چېغى، ئۇ قاتتىق مۆرىگىنىچە دەلدەڭشىپ بېرىپ يىقىلدى. ئايروپىلان ئوق ئۈزگىنىچە مەھەللىدىن كېتىپ قالدى.

كەچقۇرۇن مەھەللىدىكى باللاردىن ھېچقايسىسى ئاكىلىرىغا تاماق ئاپىرىشقا بارالمىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەختەم ئويلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئەگەر بۈگۈن ئاكىسىنىڭ قېشىغا تاماق ئاپارغان بولسا، ئاكىسىنى كۆندۈرۈپ، گومازىدىن كەپتىرىنى ئېلىۋالماقچىدى.

ئۇ قورۇغا چىقىپ ئۇياق-بۇياققا ماڭغاندەك قىلدى-دە، كوچىغا قاراپ ماڭدى.

— ھە، بۇ كەچتە نەگە ماڭدىڭ؟ — ئامباردىن كۆمۈر ئېلىشقا چىققان ئاپىسى شەۋانەم سورىدى، — كەچكىچە تالادا يۈرۈپ كوچىغا تويمىدىڭمۇ بالام؟!

— چوڭ ئاپاملارنىڭكىگە كىرىپ چىقىمەن. بىلال كىرگىن دېگەنتى، — ئەختەم يالغاننى قاملاشتۇرۇپ ئېيتقىنىغا ئۆزىمۇ ھەيران قالدى.

— كەچ قالما، موماڭ ئەنسىرەيدۇ.

— بىردەم ئولتۇرۇپ چىقىمەن.

ئەختەم چوڭ ئاپىسى خەيرىنساخاننىڭ ئۆيىدە بىلال بىلەن ئازلا پاراڭلاشتى. بىلال ئەختەمگە ئوخشاش قورقۇمسىز بالا ئىدى. تونەك تونەپ ئۇينىغان كېچىلىرى ئۇ مەھەللىدىكىلەرنىڭ دەرۋازىلىرى ئوچۇق تۇرسىمۇ، تامدىن ئوغرىلىقچە ئارتىلىپ چۈشۈپ، باغدىكى مېۋىلەردىن قوينىغا تولدۇرۇپ چىقاتتى.

ئەختەمنىڭ كەپتەر ھەققىدىكى سۆزلىرى ئۇنىڭ قانلىرىنى قىزىتىپ قويدى.

— بولدى، ئۇنداق بولسا ھازىرلا بارايلى، يارىنىمۇ ئېلىۋالايلى. مەن ئۇنى باشلاپ چىقاي.

— ئابدۇرېھىمنىمۇ ئېلىۋالامدۇق؟

— ياق، بولدى قوي، ئۇ بىزدەك يۈگۈرەلمەيدۇ.

— ھەي، يەنە نېمە پىچىر-پىچىر بۇ. بىلال سەن ئەختەمنى بىر يەرگە باشلاپ بارغۇچى بولما جۇمۇ، قۇلاقلىرىڭنى يۇلۇۋالىمەن! — خەيرىنساخان ئانا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ۋارقىراپلا قالدى.

ئارىدىن ئىككى سائەتتەك ۋاقىت ئۆتكەندە ئەختەم، بىلال ۋە يارىلار گومازىنىڭ ئۆيىنىڭ تام تۈۋىدە پەيدا بولدى. كېچە جىمجىتلىقنى يېقىنلا يەردىن ئېتىلىۋاتقان مىلتىق ئاۋازى بۇزۇپ، ئوقلار يورۇق سىزىقلارنى قالدۇرۇپ ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇلار تامنىڭ تۈۋىدە تۇرۇپ بىر ھازاغىچە قورۇ ئىچىگە قولاق سالدى. شۇ تاپتا ئەختەم بىرلا نەرسىنى ئويلايتتى. بىلال ئۇنى ئاستا نوقۇپ پىچىرلىدى:

www.uyghurkitap.com

— يارى، ئىككىڭلار بۇ يەردە قاراپ تۇرۇڭلار...

— مەن ئۆزۈم چۈشەي. ئۆزۈمنىڭ كەپتىرىم بولغاندىكىن.

— ئۇنداق دېمە، ساڭا قارىغاندا بۇ ئىشقا مېنىڭ پەمىم بار.

— بولدى، تالاشما، بىرى ئاڭلاپ قالىدۇ. كەپتىرىمنى سەن تونۇمايسەن... قېنى يارى، مېنى يۆلىۋەتكىن.

ئەختەم يارىنىڭ غولىغا دەسسەپ تامنىڭ ئۈستىگە كۆتۈرۈلدى. قورۇ ئىچى جىمجىت ئىدى. يېپىقلىق تۇرغان دېرىزە قاپقىقىنىڭ يوچۇقىدىن ئۆي ئىچىدىكى چىراغنىڭ يورۇقى چۈشۈپ تۇراتتى. ئەختەم تامدىن سىيرىلىپ كاتەكنىڭ ئۈستىگە ئاستا چۈشتى. ئاندىن يەرگە چۈشۈپ، كاتەكنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئىشىككە خېلىلا يوغان قۇلۇپ سېلىقلىق ئىدى. ئەختەم ئۇياق-بۇياققا تىمىسقىلاپ يۈرۈپ، بىر لوم تۆمۈرنى تېپىپ ئەكەلدى-دە، قۇلۇپ ئۆتكۈزۈلگەن ئىككى ھالقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىقىپ بىر قايرىۋىدى، ھالقا غىچ قىلىپ سۇغۇرۇلۇپ چىقتى.

دەل شۇ چاغدا تاراققىدە قىلىپ ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلدى-دە، ھەربىي فورما كىيگەن بىرى قورۇغا چىقتى. ئەختەم لوم تۆمۈرنى تۇتقىنىچە قىمىر قىلماي تۇرۇۋالدى. ھېلىقى ئادەم ئەتراپقا بىر ئاز قۇلاق سېلىپ تۇردى-دە، ئىشىكنى ئاستا يېپىپ كىرىپ كەتتى. ئۆي ئىچىدىن بىرنەچچە يىلەننىڭ گۇدۇڭلاشقان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر ئاۋاز ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئەختەم بۇ ئاۋازنى تونۇغاندەك قىلدى.

ئەختەم ئۆي ئىچىدىكى ئاۋازلارغا قۇلاق سالغاچ كاتەكنى ئېچىپ ئىچىگە كىردى. ئۇ قولىغا ئۇرۇلغان ھەر بىر كەپتەرنى ئېلىپ، كاتەكنىڭ ئوچۇق ئىشىكىدىن چۈشۈپ تۇرغان خىرە يورۇققا تۇتۇپ قارايتتى. بىراق، قېرىشقاندەك ئۇلارنىڭ ئىچىدىن «قەشقەر پەلەك» چىقمىدى. ئۇنى ئايرىم بىر يەرگە — ئۆيىگە تىقىپ قويغانمىدۇ يا؟ ئەختەم شۇ خىيال بىلەن ئىككىلىنىپ قالدى. ئۇ كاتەكتىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ ئېڭىشىۋىتىپ، ئىشىكنىڭ باش تەرىپىدىكى ئۇۋىدا بىر نەرسىنىڭ مىدىرلىغىنىنى سېزىپ، ئۇنى قولىغا ئالدى-دە، خۇشاللىقىدىن ۋارقىرىۋېتىشكە تاس-تاس قالدى. قولىدىكى «قەشقەر پەلەك» ئىدى. ئەختەم ئۇنى تۇتقىنىچە ئالدىراپ كاتەكتىن چىقتى. شۇ چاغدا كۆتۈلمىگەن بىر ئىش يۈز بەردى. ئەختەم ئۆزى تاشلاپ قويغان لوم تۆمۈرگە دەسسەۋېلىپ تېيىلىپ يىقىلدى. شۇ ھامان ئۆيدىن ئىككى-ئۈچ كىشى ئېتىلىپ چىقتى. ئەختەم دەررۇ ئۆزىنى ئوڭشاپ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بايىقى ئاۋازنىڭ ئىگىسىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. بىراق، ھازىر ئۇنى ئويلاپ تۇرغۇدەك ۋاقىت يوق ئىدى. ئۇ بىر سەكرەپ كاتەكنىڭ ئۈستىگە چىقتى-دە، تامغا ياماشتى.

— تېز قېچىڭلار! — ئۇ شۇ گەپنى قىلىپلا تامدىن ئۆزىنى ئاتتى.

— پاڭ-پۇڭ! — ئەختەمنىڭ كەينىدىن بىرنەچچە پاي ئوق ئېتىلدى.

ئەختەم كەپتىرىنى ئاۋايلاپ، سول قولى بىلەن يەرگە تىزلىنىپ يىقىلدى.

— بىلال، تېز قېچىڭلار! — ئەختەم بىلالغا ۋارقىرىغىنىچە سول پۇتىنى سۆرەپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردى. ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدىن نەچچە پاي ئوق ئۆتۈپ كەتتى.

ئاپلا، بىلالغا ئۇنىڭ كىملىكىنى دەۋەتكەن بولسامچۇ، بىلالغا ئوق تېگىپ كەتمىسە بولاتتى، دەپ ئۇلاردىن ئەنسىرىدى ئەختەم. بىر ئازدىن كېيىن ئۇلارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ

بېلى چىملا قىلىپ كۆيگەندەك بولدى-دە،
«كۆكچىلىك» تىكى ھېلىقى ئوق تەگكەن
كالدەك مۆدۈرۈپ بېرىپ يول ياقىسىغا
يىقىلدى.

ئوق تېگىپتۇ، ئوق تەگكەن مۇشۇنداق
بولىدىكەندە... ئەختەم يىقىلىۋېتىپ كاللىسىغا
شۇ ئوي كەلدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرماقچى
بولۇۋېدى، بېلى ئاغرىپ تۇرالمىدى. شۇ
چاغدا ئۇ ئۆزىگە قاراپ يۈگرەپ كېلىۋاتقان
گەۋدىلەرنى كۆردى-دە، كەپتەرنىڭ
قانىتىدىكى يىپنى چىشلەپ ئۈزۈشكە
باشلىدى. كەپتەرنىڭ كىچىك قانىتىنى
ئىنتايىن چىڭ بوغۇپ، چوڭ قانىتىغا قوشۇپ
باغلىۋەتكەنىدى. ئاخىرقى بىر
تۈگۈنچەك يېشىلەيلا دەپ
قالغانىدى.

— سەن شۇمنىڭ مۇشۇن-
داق قىلىدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم.
موماڭ شۇنداق ئۆگەتكەندە
سېنى... مۇرادىڭغا يەت،
مانا شۇ كەپتىرىڭ بىلەن
ئۆل!

ئەختەم كەپتەرنىڭ قانى-
تىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ قار-
دى. ياقۇپ ئۇنىڭغا تاپانچىنى
تەڭلىگىنىچە تۇراتتى. ئۇنىڭ
يېنىدا گومازى بىلەن باشقا
ئىككى ئادەم بار ئىدى. ئەختەم-
بىر نېمە دېمەكچى بولۇۋېدى،
ياقۇپ ئۇنىڭغا قارىتىپ ئارقا-ئارقىدىن ئىككى
پاي ئوق ئۈزدى.

ئەختەم ئاچچىق ئىڭرىغىنىچە قولىدىكى
كەپتەرنى قويۇۋەتتى. قانىتى تولۇق
يېشىلمىگەن كەپتەر پالاقلىغىنىچە تۈن
قوينىدا غايىب بولدى.

قانىتىنى يېشىۋالسىلا ئۆيگە بارالايتتى...
ئاھ، كەپتەرىم!

ئەختەمنىڭ كاللىسىدىن ئاخىرقى قېتىم
شۇ ئوي چىقتى-دە، بېشى بىر يانغا
قىيسىيىپ جىم بولدى.

بىردىنلا تاللىق تەرەپتىن ھۆررا
ئاۋازى ئاڭلاندى. ياقۇپ يېنىدىكىلەرنى
دەررۇ يولغا سېلىۋەتتى.

— يولداشلار! تېز كېلىڭلار، دۈشمەن
بۇ ياققا قاچتى، — ياقۇپ شۇنداق
دېگىنىچە ھەرەمباغ تەرەپكە قاراپ ئوق
ئۈزدى، — دۈشمەننى قوغلايلى، ئالغا!



كەلگەنلەر ئالىمنىڭ ئەترىتىدىكى
پىدائىيلار بولۇپ، ئۇلارنى بىلال باشلاپ
كەلگەنىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر **كامىل تۇرسۇن**



غوپۇر نۇر

# دەرۋازىۋەن

(ھېكايە)

— ھوي ئالىم!

ئارقامدىنلا ئاڭلانغان ئاۋازدىن چۆچۈپ كەينىمگە قارىدىم. دەرۋازىدىن چىققان ئوتتۇرا بويلۇق ئاقباش ئادەم يېنىمغا كېلىپ گالستۇكىنى تۈزەتتى-دە:

— تونۇمىدىڭمۇ، مەن ساۋاقدىشىڭ ھەسەنغۇ؟ — دەپ دولامغا قاقتى.

مەن ئۇنى ئاۋازىدىن تونۇدۇم. ئۇ مەكتەپتىمۇ غەلىتە بىر ئاۋازدا كىسىلداپ سۆزلەيتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا «ھەسەن چوكان» دەپ لەقەم قويۇلغانىدى. مەن قوۋۇزلىرى ساڭگىلاپ چۈشكەن چېچەك يۈزلۈك بۇ ئاق سېرىق ئادەمگە يەنە بىر قېتىم تىكىلىپ قارىدىم ۋە:

— مانا، كۆرۈشمىگىلى 30 نەچچە يىل بوپتۇ، — دېدىم.

ھەسەن يانچۇقىدىن بىر تال تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇرۇپ دېدى:

— مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا كۆرۈشتۇقمۇ؟

توغرا، مەن ئۇ چاغدا ئاپامنى يوقلاش ئۈچۈن بۇ شەھەرگە كەلگەنىدىم. بىر كۈنى ھەسەننى چوڭ بىر كوچىنىڭ دوقمۇشىدا «تەشۋىقات ئەترىتى» دېگەن خەت يېزىلغان قىزىل بايراق ئاستىدا ئۇچراتتىم، قولىغا قىزىل يەڭ بەلگىسى تاقىۋالغان ھەسەن «ئىسيان كۆتۈرۈش يوللۇق» دېگەن ناخشىغا بېرىلىپ غەجەك تارتىۋاتاتتى...

— ئۇ چاغلار قالتىس زامانلار ئىدى-- ھە، ھەممە نەرسە شۇنچىلىك قىزىق ۋە ھەيۋەتلىك، — دېدى ئۇ ھۇزۇرلانغان قىياپەتتە، — بولدى، ئۇ گەپلەرنى قوي، جۆرە!

ئۇ مېنىڭ قولۇمدىن سۆرەپ، ئىدارىنىڭ يېنىغا جايلاشقان كەچلىك بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئاشخانىغا ئېلىپ كىردى-- دە، ئالدىغا پەشتاما تارتىۋالغان بەستلىك بىر ئادەمگە مېنى تونۇشتۇردى:

— ئۇستام، بۇ ساۋاقدىشىم قوغداش بۆلۈمىمىزنىڭ يېڭىدىن كەلگەن مەسئۇلى بولىدۇ. ئاشخانىغا كىرىپ قالسا ھېساباتىنى ماڭا يېزىپ قويۇڭ.

ئاشپەز ئۇستام بىردەمدىلا ئۈستەلنى يېمەك-ئىچمەك بىلەن تولدۇرۇۋەتتى. ھەسەن بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، چېقىر كۆزلىرىنى ماڭا تىكتى:

— مىجەزىڭ قانداقراق؟

— ئاۋۋال تاماق يەۋالاي، — دېدىم مەن ئۇنىڭ ماڭا ئۇتقان رومكىسىنى رەت قىلىپ، — ئىچسەك ئاۋازىڭغا تەسىر قىلمامدۇ؟

— بەزىدە ئاۋازىم پۈتۈپ قالىدۇ. لېكىن ئامال قانچە دەيسەن. سەندەك كونا دوستلار بىلەن ئۇچراشقاندا ئىچمەي بولمايدىكەن، — ئۇ ئېغىر تىنىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — 68- يىلى بۇ ئىدارىغا مۇئاۋىن باشلىق بولۇپ تەيىنلەنگەندىم. خىزمەتلەرنى كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئىشلىدىم. رەھبەرلىككە پۇت ئاتىدىغان بىرنەچچە گەدەنكەشنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، ئىدارىنى تىنجىتتىم. لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر مېنىڭ بۇ ئىشىم يۇقىرىدىكى بەزى كىشىلەرگە ياقمىدى. مانا كۆرۈپ تۇرۇپسەن، ئۇلار مېنىڭ دەرىجەمنى تۆۋەنلىتىپ، خوجىلىق بۆلۈمىگە مەسئۇل قىلىپ قويدى.

ئۇنىڭ كىسىلداپ چىقىۋاتقان ئاۋازىدىن قاتتىق ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى چۈشەندىم. شۇڭا خەيرخاھلىق بىلەن:

— ئامەت ئەللىكتە، دەيدۇ، ئالدىرىما ساۋاقدىشىم، ئەمەل سەندىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، — دېدىم.

ھەسەننىڭ چىرايىدىكى بۇلۇتلار تارقاپ، كۆزلىرىدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى ياندى.

— رەھمەت ساۋاقداش، رەھمەت، — ئۇ لىق ھاراق تولدۇرۇلغان رومكىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دېدى، — بىر-بىرىمىزنى قوللاش ئۈچۈن ئىچەيلى.

بىز پاراڭ بىلەن ئاشخانىدا بىرنەچچە سائەت ئولتۇرۇپ قاپتۇق. مەن قول سائىتىمگە قاراپ:

— ئاپتوبۇستىن قالماي، رەھمەت ئاداش، — دەپ ئورنۇمدىن تۇردۇم.

ھەسەن ئەجەبلەنگەن ھالدا:

— ھوي، راست ئۆيۈڭنى نەگە ئورۇنلاشتۇردۇڭ، — دەپ سورىدى.

مەن ئەھۋالنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇ:

— قوغداش بۆلۈمىمىزنىڭ بۇرۇنقى باشلىقى ئەمدى ئىدارىنىڭ ئىچىدە ئولتۇرمىسمۇ بولىدۇ، سەن ئۇنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ كەل ئاداش، — دېدى.

ئىدارىنىڭ ئىچىگە كۆچۈپ كېلىش مەن ئۈچۈن ئاسماندىن چەلپەك ياغقاندەك ئامەتلىك ئىش ئىدى. لېكىن پېنسىيىگە چىققان ئاغرىقچان بىر ئادەم كۆز ئالدىمغا كېلىپ، يۈرىكىم مۇجۇلدى:

— ھازىرچە قاتناپ ئىشلەپ تۇراي، كېيىنچە بىر گەپ بولار.

ھەسەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ دولامغا قولىنى قويۇپ تۇرۇپ سورىدى:

— ئۇنداقتا ئىدارىدا مەسىلە كۆرۈلسە ئۆيۈڭگە ئىزلەپ بارىدىكەنمىزدە؟

مەن ئۈنچىقمىدىم. بىز تالاغا چىقتۇق. ئاسماندا يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى. ئىدارە دەرۋازىسىنىڭ ئىككى يېنىدىكى چىراغ خۇددى تولۇن ئايدەك ئەتراپنى يورۇتۇۋەتكەن ئىدى. يېنىمىزدىن غۇيۇلداپ ئۆتكەن بىر يېنىك ئاپتوموبىل دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى، ئۇنىڭدىن چۈشكەن شوپۇر ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، ئىدارنىڭ ئىچىگە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭغا كۆزى چۈشكەن ھەسەن قولتۇقىمنى قويۇۋېتىپ، چىرقىرىغان ئاۋازدا ئۇنى چاقىردى:

— قۇدرەت، ھەي ئوغلۇم!

ئارا بويلۇق ياش يىگىت ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئېرەنچەكلىك بىلەن ھەسەننىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئوغلۇم، بۇ مېنىڭ ساۋاقدىشىم ئالىم تاغاڭ بولىدۇ، بىزنىڭ قوغداش بۆلۈمىمىزنىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن باشلىقى، — دەپ تونۇشتۇردى.

ئۇ يىگىت بىردىنلا مۇلايىملاشتى، ئۇ ئەدەپ بىلەن ماڭا قول بېرىپ:

www.uyghurkitap.com



— ياخشىمۇسىز، ئالىم تاغا، دادام سىزنىڭ گېپىڭىزنى كۆپ قىلاتتى، — دېدى.

— بالىلىرىڭىزنىڭ چوڭىمۇ؟ — سورىدىم ھەسەندىن.

— ھەئە، ئىدارىدىن يېنىپ چىقىپ، ئۆز ئالدىغا ماشىنا ھەيدەۋاتىدۇ.

— سىلەر بىر ئۆيدە تۇرامسىلەر؟

— ياق، — دېدى قۇدرەت ھىجايغان ھالدا، — ئارىلاپ چوڭلارنى سېغىنىپ كېلىپ قالىمەن. ھازىر ماشىنا ئوغرىسى كۆپ بولغىنى ئۈچۈن... — ئۇ ماشىنىغا يەنە بىر قېتىم قاراپ قويدى.

— ئەنسىرىسىڭىز ماشىنىڭىزنى ئىدارىنىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ قويسىڭىز بولىدۇغۇ؟

— سىزگە كۆپ رەھمەت تاغا، ئەسلىدە شۇنداق قىلساقمۇ بولاتتى...

ھەسەن مېنى باشلاپ خەۋەرلىشىش ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ چىرقىراق ئاۋازدا توۋلىدى:

— ھەي رەخىم، دەرۋازىنى ئېچىۋەت!

ئۆيدىن ئارا بوي، ئورۇق، ئاقساق يىگىت چىقىپ ماڭا ئەجەبلىنىپ قارىدى، ھەسەن مەسخىرە ئاۋازدا سورىدى:

— ھوي، دەرۋازىۋەن، يېڭى باشلىقىڭنى تونۇمايۋاتامسەن؟

رەخىم ماڭا باشتىن-ئاخىر قاراپ قويۇپ، قورۇنغان ھالدا دېدى:

— بەلگىلىمىدە كېچىدە ھەرقانداق ماشىنىنى ئىدارىغا كىرگۈزۈشكە بولمايتتى.

ھەسەن ئوغلى بىلەن ماڭا سىناق نەزەرىدە قارىدى، ھاراق ئۆزىنى كۆرسەتتىمۇ، بىردىن جۇدۇنۇم تۇتتى:

— دەرۋازىنى ئاچ دېگەندىن كېيىن ئاچامسەن؟

رەخىم گەپ-سۆز قىلماي پۇتىنى سۆرىگىنىچە بۆلۈمگە كىرىپ، ئاچقۇچ بىلەن سىرتى مايلىشىپ كەتكەن قېلىن بىر دەپتەرنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

— مانىڭغا بۇيرۇقلىرىنى يېزىپ بەرسىلە، — دېدى ئۇ دەپتەرنى ئالدىمدا ئېچىپ.

ھەسەننىڭ بىردىنلا سەپرايى ئۆرلىدى، ئۇ غەزەپ بىلەن رەخىمگە بېگىز قولىنى سانچىپ:

— ھوي، نېمە دەۋاتىسەن؟ بۇ كىشى ئىدارە قوغداش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى. ئۇ ئەمدى كېلىپ سېنىڭ بۇ تىزىملاش دەپتىرىڭگە خەت يېزىپ يۈرەمدا؟ — دەپ ھۆركىرىدى.

دەرۋازىۋەن مېنىڭ غەزەپ بىلەن تۈرۈلگەن چىرايىمغا قاراپ شۈركۈنگەندەك داجىدى ۋە بۇرۇلۇپلا ئاچقۇچنى سېلىپ، دەرۋازىنىڭ قاناتلىرىنى يوغان ئېچىۋەتتى. قۇدرەت يايرىغان ھالدا باش بارمىقىنى ماڭا كۆرسىتىپ قويۇپ، ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇپ قورۇغا كىرىپ كەتتى. مەنمۇ ھەسەن بىلەن خوشلىشىپ ئۆيۈمگە قايتتىم.

* *

مەن يېڭى ئىدارىغا كەلگىلى خېلى ۋاقىتلار بولۇپ قالدى. قوغداش بۆلۈمىنىڭ سابىق باشلىقى كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئازادە ئۆيىگە ئورۇنلىشىۋالدىم. «ئۆيدىن ئۆيگە كۆچسەڭ، ئوغلاقلىق ئۆچكەڭگە زىيان» دېگەندەك ئائىلە بىساتلىرىمنى بىر تەرەپ قىلىۋەتكەنلىكىم ئۈچۈن، مانا ئەمدى باشقىدىن ياسىتىشقا توغرا كەلدى. ساۋاقدىشىم ھەسەن «بۇ دېگەن شەھەر، باشلىقلارنىڭ ئۆيىگە قاراپ باق، ئۇلارنىڭ شەخسىي ئورمانزارلىقى يوق، سەنمۇ ئېلىپ ئىشلەتسەڭ نېمە بوپتۇ، دەپ ئەڭ تۆۋەن باھادا ئىككى كۇبمېتىر تاختاي سېتىپ بەرگەننىڭ ئۈستىگە، ئۆزى ياغاچچىخانىغا ئاپىرىپ، ئۆيۈمدىكى پۈتۈن سايمانلارنى بىكارغىلا

ياساتقۇزۇپ بەردى، ئۇغلى قۇدرەت ئۆيۈمنى كۆچۈرۈپ قويدى، ساۋاقداشلىقنى ئۇبدان يەتكۈزدى.

بىراق، تۈنۈگۈن نىياز جويجاڭ يۈزمىڭ يۈەنلىكتىن ئوشۇق پۇلات، ياغاچ ماتېرىياللىرى توغرىسىدا ھەسەننىڭ ئۈستىدە يېزىلغان ئىنكاسنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى. مانا، ئەتىگەندىن بېرى بۇ ماتېرىياللارنى كۆرۈۋاتىمەن، ئىسكىلاتچىلارنىمۇ تەكشۈردۇم. ئىسكىلات دەپتىرىدە قۇدرەتنىڭ ماشىنىسىنىڭ نومۇرى قاتار يېزىلغانىدى. ياق، ھەسەن مەكتەپتىلا پارتىيىگە كىرگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يېرىم كارخانىلىشىۋاتقان بۇ مەمۇرىي ئىدارىغا نۇرغۇن تاپاۋەت قىلىپ بېرىپتۇ. بۇنداق ئادەملەر ئەلۋەتتە ئېھتىياتچان كېلىدۇ. ياكى نىياز جويجاڭ يەتمىشىنچى يىللاردا يۈرىكىدە قالغان داغنىڭ ئاداۋىتىنى ساقلاۋاتامدۇ يا؟ بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلالمايۋاتسام يېڭى بىر ماتېرىيالنى ئەكىلىپ بەردى. ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خۇلاسىسىنى پارتكوم يىغىنىغا قويغۇدەكمەن. مەن بۇ ماتېرىيالنى تېزلىك بىلەن بىر قۇر كۆرۈپ چىقتىم، ماتېرىيال بىلەن بىرگە كەلگەن تەستىق قەغەزگە قاراپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدىم.

— نېمىگە باش قاتۇرۇپ ئولتۇرۇپ كەتتىڭ؟

مەن چۆچۈپ بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، ھەسەن ھېجايغان ھالدا ماتېرىيالغا قاراۋېتىپتۇ، مەن ماتېرىيالنى يىغىپ تارتمامغا سالدىم.

— ئاۋۇ خەتنى مۇنداق قىلە.

ھەسەن تەستىق چۈشۈرۈلگەن ئالاقە قەغىزىنى كۆرۈپ قالغان ئىدى. پرىنسىپ جەھەتتىن بۇنى ھەسەنگە كۆرسىتىشكە بولمايتتى. بىراق بۇ ساۋاقدىشىمغا يۈز كېلەلمەي قەغەزنى ئۇنىڭغا بەردىم.

« يولداش ھەسەننىڭ ئىنكاسىغا ئاساسەن، رەخمىنى تەكشۈرۈپ، بىر-بىرلەپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قاتتىق بىر تەرەپ قىلىڭلار». ھەسەن بۇ قۇرلارنى ئۈنلۈك ئوقۇدى. ھەسەن ئىشخانىدا ئىككى قېتىم پىرقىراپ كەتتى، ئۇ ئالقانلىرىنى بىر-بىرىگە سۈركىگەن ھالدا:

— تەستىق دېگەن مۇشۇنداق يېزىلسا، ئۈچ قېتىم قىلغان ئىنكاسىنىڭ ئۈنۈمى، مانا ئەمدى ھاردۇقۇم چىقتى، — دېدى. ئۇنىڭ چېچەك باسقان يۈزلىرى خۇددى قىزىل گۈلدەك ئېچىلىپ، كۆزلىرى گۆدەك بالىنىڭكىدەك چاقنايتتى، — ئەمدى قانداق قىلىسەن؟ — دېدى ئۇ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ تۇرۇپ.

ئۆتكەن ھەپتە رەخمىنى دەرۋازىۋەنلىكتىن قالدۇرۇشنى ئويلاشقان بولساقمۇ، دوختۇرخانىنىڭ ئۇنىڭ سالامەتلىكى ھەققىدە چىقارغان خۇلاسە ئىسپاتى رەخمىنىڭ جىسمانىي ئەمگەك قىلالمايدىغانلىقىنى كۆرسەتكەنلىكتىن، ئۇ يەنە ئۆز خىزمىتىدە قالغانىدى. ھەسەننىڭ بۇ ماتېرىيالدا رەخمىگە ئالتە خىل جىنايەت ئارتىلغان بولۇپ، بېشىمنى تازىمۇ قاتۇرۇپ قويغانىدى. مەن ئېغىر ئۇھ تارتىپ:

— قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قالدىم، — دېدىم.

— تەستىقتا ئېنىققۇ. قاتتىق بىر تەرەپ قىلساڭلا يۇقىرىنىڭ يولىيورۇقىنى ئەمەلىيلەشتۈرگەن بولىمىسەن، — دېدى. مەن ئۇنىڭ چىرايىغا سەگەكلىك بىلەن تىكىلىپ قارىدىم ۋە:

— ئۇنداق قىلساق رەخمىگە ئۇۋال قىلغان بولۇپ قالمىز، — دېدىم. ھەسەن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ قولىنى شىلتىغان ھالدا قايناپ كەتتى:

— ئۆيۈڭگە ئىشلەتكەن تاختايلارغا پۇل تۆلەپ ئالغانتىڭمۇ، ئۆزۈڭنىڭ تاختىيىنى ياغاچچىغا بەرسەڭ ئۇنىڭ دەرۋازىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


ئەپچىقلىق قويماي قىلىپ كەتكەن ئەسكە-
لىكنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ شۇ ئىشقا نىياز
جۇيجاڭمۇ ئارىلاشتىغۇ. سېنىڭچە بۇنىڭ
ئارقا كۆرۈنۈشى يوقما؟

مېنىڭ دېمىم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى.
رەخىم ھەسەن بەرگەن ياغاچلارنى
دەرۋازىدا توسۇۋېلىپ، نىياز جۇيجاڭنى
چاقىرىپ، مېنى خېلىلا ئوسال قىلىپ
قويغانىدى. ھەسەن تاماكىسىنى كەينى--
كەينىدىن ئۇلاپ چېكىپ، پۈشۈلداپ خېلى
ھازاغىچە ئولتۇردى. بىردىنلا ئۇنىڭ
كۆزلىرى چاقناپ، بىرنەرسە تېپىۋالغاندەك
جانلىنىپ:

— ئۇ داۋاملىق يۇقىرى رەھبەرلىكنى
ھاقارەت قىلىدۇ، — دېدى.

— قاچان؟ نېمە دەپ ھاقارەتلەپتۇ؟
كىملەر ئىسپات بولالايدۇ؟

— مانا مەن ئىسپات بولالايمەن،
ئۆتكەندە ئۇنىڭ «يۇقىرى رەھبەرلىك
باشلىقلارنىڭلا سۆزىنى ئاڭلايدۇ، پۇقرالارنىڭ
دەردى بىلەن چاتىقى يوق» دېگىنىنى
ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغان. ھەتتا نىياز
جۇيجاڭمۇ ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپ «ئايرىم
رەھبەرلەر ھوقۇقنى قانۇننىڭ ئۈستىگە
قويىدۇ، قارىغۇلارچە تەستىق سالىدۇ»
دېگەن ئىدى. مانا بۇنىڭدىن ئۇشۇقمۇ
پاكىت بولامدۇ؟

مەن ئارىسالدا بولۇپ قالدىم.

— بۇنىڭغۇ ئەمەلىيلەشتۈرگىلى بولىدۇ،
لېكىن قانۇن ئورۇنلىرىچۇ؟ مۇشۇ مەسىلىلەر-
نى جىنايەت دەپ بېكىتەرمۇ؟

ھەسەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە
دولامنى شاپىلاقلاپ:

— سەن ماتېرىيالنى ياز، مەن
يۇقىرى رەھبەرلىككە ئاپىرىپ تەستىقلىتىپ،
قانۇن ئورۇنلىرىغا ئىجرا قىلدۇراي، —
دېدى زور ئىشەنچ بىلەن. مەن قوشۇل-
دۇم.

* *

مەن دېرىزىدىن خەۋەرلىشىش ئۆيىنىڭ
ئالدىدا ئولتۇرۇپ تاماق يېۋاتقان رەخىمدىن
كۆزۈمنى ئالالمايتتىم. تاختاي باسقان بىر
يۈك ئاپتوموبىلى ئىسكىلات تەرەپتىن كېلىپ،
دەرۋازىنىڭ ئالدىدا توختىدى. رەخىم
يەۋاتقان تامقىنى ئورۇندۇق ئۈستىگە
قويۇپ، شوپۇرنىڭ قولىدىن ئىشىكتىن چىقىش
قەغىزىنى ئالدى. مايلىشىپ كەتكەن
دەپتەرگە ماشىنا نومۇرىنى يازدى،
ماشىنىنىڭ ئارقا تەرىپىگە كېلىپ، تاختايلار-
نى بىر-بىرلەپ ساناپ چىقتى. ئۇ ئىنجىقلاپ
ماشىنىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ يېرىم مېتىردەك
تاختاي پارچىسىنى كۆتۈرۈپ چۈشتى-دە،
ئۇنى خەۋەرلىشىش ئۆيىگە ئەكىرىپ قويۇپ،
ماشىنىنىڭ كابىنكىسىنى كۆزدىن كەچۈرگەنـ
دىن كېيىن دەرۋازىنى ئېچىپ بەردى.
ماشىنا كۆزدىن غايىب بولدى.

مېنىڭ كۆزۈمگە بىردىن تۈنۈگۈن
قەبرىستانلىقتىكى ئىشلار كۆرۈنگەندەك
بولدى. تۈنۈگۈن دەم ئېلىش كۈنىدىن
پايدىلىنىپ دادامنىڭ تۇپراق بېشىغا چىققان
ئىدىم، قۇلىقىمغا ئاچچىق يىغا ئاۋازى
ئاڭلاندى. بۇرۇلۇپ قاراپ، قەبرە تېشى
ۋە ئۇنىڭدىكى خەتلەرگە كۆزۈم چۈشتى--
دە، يۈرىكىم جىغىدە قىلىپ قالدى. بۇ
مېنىڭ قەدىرلىك ئۇستازىم رەخمەتۇللا
مۇئەللىمنىڭ تۇپرىقى ئىكەن، شۇ تۇپراقتا
بىر يىگىت يۈزىنى يېقىپ يىغلاۋاتاتتى. مەن
ئالدىراپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدىم. ئۇ يىگىت
شەپىنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتەردى، مەن
داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدىم، ئۇ يىگىت ئۈنچىقـ
ماي بىر پۇتىنى سۆرىگىنىچە كېتىپ قالدى.

مانا مەن ھازىر دەرۋازىۋەنگە قاراپ
تۇرماقتىمەن، ئۇ قولىغا سۈپۈرگە ئېلىپ،
ھېلىلا ماشىنا توختىغان جاينى پاكىز
سۈپۈرۈۋەتتى، ئاندىن كېيىن دېجۇرنى

بۆلۈمگە كىرىپ قولىنى سۇرتكىنىچە چىقىپ، ئالىلىقاچان سوۋۇپ كەتكەن تامىقىنى قولىغا ئالدى. مەندە ئۇنىڭغا قاتتىق ھېسداشلىق تۇيغۇسى قوزغالدى.

— ئا كېچاك، نېمىگە قېتىپ تۇرۇپ قالدىڭ؟

مەن ئارقامغا بۇرۇلۇپ، يىگىلا كىرگەن نىياز جۇيجاڭنى كۆردۈم. ئۇ ئادەتتە ئىشخانامغا مۇھىم ئىشى بولمىسا ئانچە كىرمەيتتى، ئۇنىڭ قولىدىكى كونۋېرتقا قاراپ، يۈرىكىم قاتتىق سوقۇپ ئەندىكىپ كەتتىم.

— ئەكىرگىنىڭىز يەنە نېمە ئۇ؟

— سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈمنامىسى.

دېمىم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى. مەن ئەدلىيە ئورۇنلىرىدا 20 يىلغا يېقىن ئىشلىدىم، ناھەق ئەنزىلەرنى ئاز ئۇچراتمىدىم. بۇ ھۆكۈمنامىمۇ شۇلارنىڭ بىرىدۇر، دېگەن خىياللار كاللامدىن چاقماق تېزلىكىدە ئۆتتى.

مەن نىياز جۇيجاڭنىڭ قولىدىكى كونۋېرتنى ئېلىپ، ئىچىدىكى قەغەزگە تەقەززالىق بىلەن كۆز يۈگۈرتتۈم. چىرايىمغا بىردىنلا قان يۈگۈرۈپ، ۋۇجۇدۇم ئىللىغاندەك بولۇپ قالدى.

— 70 - يىلى، — دېدى نىياز جۇيجاڭ ماڭا رەخىم توغرۇلۇق سۆزلەپ، — سىنىپىيات ئۇنسۇر قىلىنىپ « 7 - ماي » ئەمگەك مەيدانىدا ئىشلەۋاتقان ۋاقتىمدا ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بىر ئەسكى تام تېگىدە بىر يېتىم بالىنىڭ بېسىلىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. بالىنى بىر ئامال قىلىپ قۇتۇلدۇرۇپ، پىيادە 30 كىلومېتىر يول بېسىپ، دوختۇرخانىغا ئەكەلدىم. بىراق مېنى قېچىپ كېتىپتۇ، دەپ ئويلىغان خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر كەينىمدىن ماشىنىلىق كېلىپ، دوختۇرخانىدىن مېنى باغلاپ ئېلىپ كېتىشتى. 80 - يىلى خىزمىتىم ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، خەلق ئىشلار ئىدارىسى بۇ بالىنى بىزگە تونۇشتۇردى. مانا، 14 يىلدىن بېرى ئۈچ ئادەم قاراشقا تېگىشلىك دەرۋازىغا بۇ بالا يالغۇز ئۆزى قاراپ كېلىۋاتىدۇ، — دېدى.

— ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنى بىلمەمسىز؟

— ياق! — دېدى نىياز جۇيجاڭ دېرىزىدىن ھويلىغا قارىغىنىچە.

— رەخىم مېنىڭ مەرھۇم ئۇستازىم رەخمىتۇللا مۇئەللىمنىڭ پەرزەنتى ئىكەن، — دېدىم مەن تىترەك ئاۋاز بىلەن.

— ھە؟! ئۇنداقتا ئۇ كىشى ھەسەنىڭمۇ ئۇستازى بولامدا؟!

— شۇنداق، ئۇستازىمىز بىزگە دەرس ئۆتكەندە « پەن - تېخنىكىنىڭ دۆلەت تەۋەلىكى يوق » دېگەن بىر سۆزنى قىلغانىدى. ھەسەن بۇ گەپنى تۇتۇپ ئېلىپ بىر پارچە چوڭ خەتلىك گېزىت يېزىپ چاپلىدى. شۇ سەۋەبلىك كۈرەشتىن قۇتۇلالمىغان بىچارە ئۇستازىم ئاخىرى ئېسىلىپ ئۆلۈۋېلىپ قۇتۇلغانىدى.

نىياز جۇيجاڭ قولىدىكى چالا چەككەن موخۇركىسىنى مىجىپ يەرگە تاشلاپ:

— تۈزكور! — دېدى چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، — جۇرۇڭ، بۇنى رەخىمگە يەتكۈزەيلى.

ئىككىمىز دەرۋازىغا قاراپ ماڭدۇق.

— ھە، قانۇن - تۈزۈمنىڭ ھۆرمىتى بارغانچە ئېشىۋاتىدۇ، — دېدى نىياز جۇيجاڭ پەلەمپەيدىن چۈشۈۋېتىپ، — قانۇن ئورۇنلىرى يۇقىرى رەھبەرلىكنىڭ تەستىقى ئاستىدا « سوت مەھكىمىلىرى سوت قىلىش ئىشلىرىنى مۇستەقىل ئېلىپ بارىدۇ، ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ئارىلىشىشىغا يول قويۇلمايدۇ » دېگەن سۆزنى يېزىپلا قايتۇرۇۋېتىپتۇ.

مەن بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق سۆيۈنۈپ كەتتىم. كۆز ئالدىمغا دۆلەت گېربى چۈشۈرۈلگەن شەپكە، ئىككى مۇرىسىگە

ئادىللىقنىڭ سىمۋولى بولغان تارازا بەلگىسى قادالغان سوت فورمىسىنى كىيگەن سوتچىنىڭ يارقىن ئوبرازى كەلدى، بىز پاراڭلاشقاچ دەرۋازا تۈۋىگە كېلىشىمىزگە بىزنى كۆرگەن رەخىمنىڭ چىرايىدا قان دىدارى قالمىدى. نىياز جويجاڭ كېلىپ ئۇنىڭ بېشىنى ئاتىلارچە سىيلاشقا باشلىدى. مەن سوتنىڭ كېسىمىنى رەخىمگە بەردىم. رەخىم ئۇنى كۆرۈپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. مەنمۇ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمىدىم.

— سېنىڭ ئۈستۈڭدىن يېزىلغان ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى پاكىتقا ئۇيغۇن بولمىغانلىقى ئۈچۈن رەت قىلىندى. ساڭا تۆھمەت قىلغانلارنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىنىدىغان بولدى.

ئۇنىڭ چىرايىدىكى ۋاقىتسىز چۈشكەن قورۇقلار، يۈزىدىكى تاياق زەربىسىدىن قالغان تاتۇقلار، ۋاقىتسىز ئاقارغان چاچلار بۇ ئوتتۇز نەچچە ياشلىق يىگىتنى بوۋايغا ئوخشىتىپ قويغانىدى. ئۇنىڭ قوي كۆزلىرىدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى. ئۇ ھاياجان بىلەن قولۇمنى تۇتۇپ:

— پارتىيىگە رەھمەت! قانۇنىمىزغا رەھمەت! — دېدى.

— ئالدىرىماڭلار!

ھەممىمىز ئارقىمىزغا بۇرۇلدۇق. يېپيېڭى كاستۇم-شىم كىيىپ، گالستۇك تاقىغان، مەيدە يانچۇقىغا تۆت تال قەلەمنى قاتار قىستۇرغان ۋە شىمىنىڭ ئالدى تەرىپىگە بىر توپ ئاچقۇچ ئېسىۋالغان ھەسەنگە كۆزىمىز چۈشتى. ئۇنىڭ چىرايىدا تەكەببۇرلۇق ۋە ئىشەنچ ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ قولتۇقىغا ئارخىپ خالتىسىغا سېلىنغان قانداقتۇر ماتېرىيالنى چىڭ قىسىۋالغانىدى.


— خىزمەتلىرىڭنى ئۆتكۈزۈپ بەرمەپسەنغۇ؟ — نىياز جويجاڭ ئۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ سورىدى. ھەسەن ئۇنى مەسخىرە قىلغاندەك مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ:

— بىر كوممۇنىستنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ ئۇنداق ئاسان ئەمەس، يېڭى كەلگەن يۇقىرى رەھبەرلەر بىلەن ئالاقىلاشتىم، — دېدى-دە، ئىدارە دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتتى.

— ئۇ يەنە بىر ئىشەككە يۈك بولغىدەك پىتنە-پاساتنى كۆتۈرۈپ ماڭدى، — دېدى نىياز جويجاڭ مەسخىرە كۈلكىسى بىلەن، ئاندىن ئۇ رەخىمگە بۇرالدى، — دەرۋازىۋەن، خاتىرجەم بول، تېخىمۇ يۈرەكلىك ئىشلە.

رەخىم يېنىك بىر تىن ئېلىپ، ھۆكۈمنامىنى ئاۋايلاپ قاتلاپ، كونىراپ ئۆڭۈپ كەتكەن يېلىك چاپىنىنىڭ مەيدە يانچۇقىغا سالدى. ئۇ قولىغا يوغان سۈپۈرگىنى ئېلىپ دەرۋازىنىڭ ئالدىنى سۈپۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ پات-پات يەر ئاستىدىن ھەسەن كەتكەن تەرەپكە قاراپ قوياتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر **ئالىمجان ئىسمايىل**



زۆھرە ئابدۇۋايىت

# پەردىسىز دېرىزە

(ھېكايە)

مەن ئاشۇ دېرىزىدىن كۈندە سېنى كۆرۈپ تۇرىمەن. سەن دېرىزەڭگە نېمىشقىدۇر پەردە تارتمايسەن. بەلكى شۇ دېرىزىدىن بولسىمۇ سىرتنى كۆرۈپ تۇراي دەيدىغانسەن. مېنىڭ نەزەرىمدە سېنىڭ ئۆيۈڭ چىرايلىق قەپەسكە ئوخشايدۇ، سەن ماڭا شۇ قەپەستە تىپىرلاۋاتقان قۇشتەك بىلىنىسەن.

مەن ھەركۈنى سېنىڭ قازان ئەتراپىدا پىرقىراپ يۈرگەنلىكىڭنى ئاشۇ پەردىسىز دېرىزىدىن كۆرۈپ تۇرىمەن. ئاپاڭ ئاغرىپ قالغاندا بىر چىنە سۇيۇق ئاشنى قاملاشتۇرۇپ ئېتەلمىگەن ئەتىۋارلىق قەدىرىيە سەن شۇ، شۇ تاپتا سەن بەلكى يولدىشىڭنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۇنىڭ ھاراقكەش ئاغىنىلىرىغا ھەرخىل سەيلەرنى قورۇۋاتىسەنغۇ دەيمەن.

ئەنە، دېرىزىدە يولدىشىڭنىڭ بېشى كۆرۈندى. بايا ئۇنىڭ بىرنەچچە ئاغىنىسىنى باشلاپ كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدىم. ئۇ ساڭا قوللىرىنى شىلتىپ بىر نېمىلەرنى دېدى. سەن بىردەمدىلا جاۋۇردا خېمىر يۇغۇرۇشقا باشلىدىڭ. شۇ چاغ مېنىڭ ئېسىمگە سېنىڭ ئىشىكىڭلار ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ دېگەن گەپلىرىڭ كەلدى:

— خالىق، بىزنىڭ يېزىدا ئاياللار شەھەرلەردىكىدەك ئەركىن ئەمەس، ئۆتكەندە زۆھرەت ھەدەمنىڭ ئۆيىگە ئاشكۆكى سوراپ كىرسەم يولدىشى ئىككىسى ئەمدىلا ئېتىزدىن كېلىپ تۇرۇپتىكەن. ياقۇپكام سۇپىدىكى كۆرپىدە يانپاشلاپ يېتىپ «سوغۇق چاي ئەپكەل» دەپ بۇيرۇدى. بىچارە زۆھرەت ھەدەم ئېغىر ئاياغ تۇرۇپ يەنە ماقۇل دەپ ماڭدى. كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ كەتتى. يېزىدا ئاياللار جىسمانىي جەھەتتىن ئاجىز تۇرۇپ ئەرلەر بىلەن ئوخشاش ئېتىزدا ئىشلەيدۇ. ئۆيگە قايتىپ كېلىپ يەنە تاماق ئېتىدۇ، كىر يۇيىدۇ، تۈگىمەس ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىدۇ. شەھەردە بۇنىڭ تەتۈرىسى ئىكەن. ئۆتكەندە شەھەرگە سەيدۇلكاملارنىڭكىگە كىرىپ ھەيران قالدىم، ئۆينىڭ ھەممە ئىشىنى ئىككىسى تەڭ قىلىدىكەن. شەھەرنىڭ ئاياللىرى شۇڭا قېرىمايدىكەن، دەپ قالدىم. ئاياللار قىز بالىدەك ياسىنىشىپ، ئولتۇرۇش، ئويۇن-تاماشىدىن قۇرۇق قالمايدىكەن. مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ يېزىدا تۇغۇلۇپ قالغانلىقىمغا ئېچىنىمەن. خالىق كۆرۈۋاتىسەن ئېتىزدا ئىشلەشتىن باشقا نېمە ئىش بار بۇ يەردە. كۈنلىرىمىز زېرىكىش، ئىچ پۇشقى بىلەن ئۆتىدۇ.

بىز ئىستىقبالىمىزنى ئويلىمامدۇق خالىق، بىزنىڭ كەلگۈسىمىز يەنە مۇشۇ يەردە، مۇشۇنداق زېرىكىش بىلەن ئۆتەمدۇ؟! مەن بۇ يەردە تۇرمايمەن. سەيدۇلكاملارغا دەپ قويدۇم. شەھەردە بىرەرىنىڭ بالا باقىدىغان ئىشى بولسا كىرىپ كېتىمەن. ئاپاملار بۇنى ئۇقۇپ قاپتىكەن، مېنىڭ تويۇمنى قىلىۋېتىشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ. خۇشۇمنى كەتكۈزۈپ مېنى ئەلى قارىلاققا سايە قىلىۋاتىدۇ. ئۆتكەندە كەپىدە يالغۇز ئولتۇرسام ئەلى بىر تاۋۇزنى كۆتۈرۈپ ھىجىيىپ كىرىۋاتىدۇ، قاپقىنىمۇ ئاچمىدىم. تاۋۇزنى ئوتتۇرىدىن ئىككى پارچە قىلىپ، بىر پارچىسىنى تىلىپ مەن تەرەپكە سۈرگىلى تۇردى، جۇدۇنۇم تۇتۇپ، يېرىم كاسا تاۋۇزنى يۈزىگە ئېتىپ قېچىپ كەلدىم. مەن يېزىمىزدىكى باشقا ئاياللاردەك خەقنىڭ بۇيرۇقىغا بوي سۇنۇپ، ئۇنىڭغا توققۇز تەزىم قىلىپ ياشىمايمەن...

سەن ئوقۇغان چاغلاردا بەك جۈرئەتلىك ئىدىڭ. بىر قېتىم ئاچچىقى يامان فىزىكا مۇئەللىمىمىز باللارغا قولىنى شىلتىپ سۆزلىگەندە، بۇ ئىش ئۈچۈن سەن باللارنى پىكىر قىلىشقا ئۈندىگەن ئىدىڭ، ھازىر ئېرىڭنىڭ ئۈستىدىن ئۈنسىز شىكايە تىلا قىلىسەن، سەن بەلكى شەھەر ئاياللىرىدەك ئەركىن يۈرىمەن دەپ ئويلىغان بولغىيتتىڭ. لېكىن ئۇنداق يۈرەلمىدىڭ. ئاتا-ئاناڭنىڭ بىر تال ئارزۇلۇق قىزى ئىدىڭ، تۆت ئاكاڭ خۇددى سېنى قوغداشقىلا تۇغۇلغاندەك ساڭا كىم ئالايسا، ئۈستۈڭدە تىك تۇراتتى. كىچىكىمىزدە ئويناۋاتقان چاغلاردىمۇ ھامان ئەتراپىمىزدا ئاكىلىرىڭدىن بىرەرى بولاتتى. ئاتا-ئاناڭ شۇنچە ئارزۇلىغان، ئاناڭ دائىم دەپ يۈرىدىغان دۆڭگە-دارائلىق تويۇڭ بولمىدى. سېنى ئۆزىدىن ئەتىۋار بىلگەن كىشلەر سەن ياتلىق بولۇۋاتقاندا ئۈستۈڭدە تۇرمىدى. بالا باققان ئۆيۈڭدىن خوجايىن ئايالنىڭ تىل-ئاھانىتى ئاستىدا ئېغىر ئاياغ ھالدا ئۆزۈڭدىن يىگىرمە نەچچە ياش چوڭ كىشىگە نىكاھلىنىپ كەلدىڭ. سەن ئۇنىڭ ساڭا جەننەتتەك تۇرمۇش ئاتا قىلماقچى بولغان يالغان ۋەدىلىرىگە ئالدىنىپ ئۆزۈڭنى بېغىشلىغان ئىدىڭ. ئۇنىڭ كەينىدىن سەن ئۆزۈڭ ئارزۇ قىلغان قەۋەتلىك بىنادىكى ئۆيگە كەلدىڭ. سەن بۇرۇن « بىنالاردا ئولتۇرسا ئەجەب ياخشى، سەيدۇلكاملار بىنادا ئولتۇرىدۇ» دەيتتىڭ. لېكىن سەن ئاۋۇ تارغىنا ئۆي ئۈچۈن نېمىنى قۇربان قىلغىنىڭنى بىلەمسەن؟ سەن كۈن ئارىلاپ ئۆيىڭدىن چىقىپ يولنىڭ ئۇ تەرىپى بىلەن مېڭىپ، كۆكتات سېتىۋالغىلى بارىسەن. قانداق تېز بارغان بولساڭ، شۇنداق تېز يانىسەن. سېنىڭ ھېيت-بايراملاردىمۇ سىرتقا چىققىنىڭنى كۆرمىدىم. كەچلىرى رېمونتخانىغا ياندىش كىچىك ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىن سېنىڭ يەنە ئاشۇ ئۆيدە مىدىرلاپ يۈرگىنىڭنى كۆرىمەن. بەزىدە يېرىم كېچىلەرگىچە چىرىغىڭ ئۆچمەيدۇ. سەن ئارزۇ قىلغان راھەت شۇمۇ؟ سەن بىلەن ئىككىمىز كىچىكىمىزدىن بىرگە ئويناپ چوڭ بولدۇق، تەقدىر يەنە ئىككىمىزنى شەھەردە بىر كوچىغا ئەكىلىپ قويدى. ئارىلاپ ئۆيۈڭگە كىرگەن چاغلىرىمدا يولدىشىڭنىڭ ‹ ھە، سەھەرلىق كىرىپ قاپسەنغۇ › دەۋاتقاندەك ھاكاۋۇر چىرايىنى كۆرەتتىم. پەقەت سېنىڭ كۆڭلۈڭ ئۈچۈنلا تىكەندە ئولتۇرغاندەك ئولتۇرۇپ، بىر چىنە تامىقىڭنى زەھەرنى يېگەندەك يەپ قايتىپ چىقاتتىم.

ئىككىن كۈن بۇرۇن ئەتىگەندە سەن رېمونتخانامغا كىرىپ كەلدىڭ. قولۇڭدىكى سۇلياۋ خالتىدا پىشۇرۇلغان ئىككى باش قوناق بار ئىدى. سەن ئۆزۈڭنىڭ يېزىنى، بىز داۋاملىق چۈمۈلگىلى بارىدىغان سايىنى سېغىنغىنىڭنى، لېكىن بېرىشقا يۈزۈڭ چىدى-

مايدىغانلىقىنى سۆزلەۋاتقان چېغىدا، مەن ئاناڭنىڭ «بىزنىڭ قەدىرىيە قوناققا بەك ئامراق، ئەتىيازدا ئۇتنغۇچنى قولىغا ئېلىۋېلىپ باغدا بىكار يەر بولسىلا كولاپ قوناق تېرىيدۇ. يازىچە چۆگۈننى كۆتۈرىۋېلىپ سۇ قويۇپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ قونىقى 9-ئايلاردا باش چىقىرىپ دان تۇتماي مەدەك پېتى قېتىپ قالىدۇ. تېخى شۇ مەدەكنى تەمە قىلىپ كۈندە بىر قېتىم بېرىپ قاراپ باقىدۇ» دېگەنلىرى ئېسىمگە كەلدى.

ساڭا تىكىلىپ قاراپ باقمىغىنىمغا ئۇزۇن بوپتىكەن. ئەسلى شەھەردە تۇرغان كىشىلەر ئاقىرىپ، سەمرىپ كېتىدىغان، سەن ئۇنىڭ ئەكسىچە ياداپ، قارىداپ، ياڭاق سۆڭەكلىرىڭ چىقىپ قاپتۇ. شالاڭلاپ بىر تۇتاملا قالغان چاچلىرىڭنىڭ ئارىسىدىكى بىرنەچچە تال ئاقمۇ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. دېڭىزدەك تىنىق كۆزلىرىڭگە ھەسرەتلىك تولغانىدى.

سەن شۇ چاغدا خىيالىمنى بىلىپ قالغاندەك:

— ئادەم قايتا تۇغۇلىدىغان ئىش بولسا ئىدى خالىق، مەن باشقىچە بىر خىل ياشاپ باققان بولاتتىم. نېمىشقا ھايات ئادەمگە بىرلا قېتىم بېرىلىدۇ. بۇ بەك ئادالەتسىزلىك ئىكەن، — دېگەن ئىدىڭ.

ساڭا ئادالەتسىزلىك قىلغىنى تەقدىرمۇ؟ ئۆزۈڭمۇ؟ ياكى باشقا بىرىمۇ؟ مەنمۇ ئېنىق بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ ساڭا ئادالەتسىزلىك قىلىندى.

شۇ كۈنى كەچتە مەن سېنىڭ ئىلتىماسىڭ بويىچە قىزىمايدىغان بولۇپ قالغان توك دەزمىلىڭنى رېمونت قىلىپ بەرگىلى ئۆيۈڭگە كىردىم. سەن ماڭا تاماق ئېتىپ ئەمدىلا ئالدىمغا ئەكىلىپ تۇراتتىڭ، ئۆيگە يوغان قورساق ئېرىڭ كىرىپ كەلدى. ئىككىمىزنىڭ بىر ئۈستەلدە تاماق يەۋاتقىنىمىزنى كۆرۈپ ئۇنىڭ چىرايى ئۆگۈپ كەتتى:

«ھە غېرىپ-سەنەملەر، ئەجەب بىر-بىرىڭلارغا تويماي قارىشىپ ئولتۇرۇپ غىزالىنىپ كېتىپسىلەر، سەن قوڭالتاق رېمونتچىنىڭ نىيىتىنى بۇرۇنلا بىلەتتىم. سەن بىكار بۇ بىنانىڭ ئالدىدا دۇكان ئاچمىغان. سەن بۇ سەھرالىقىڭنى قوغلىشىپ بۇ يەرگە كەلدىڭغۇ دەيمەن. ئال بۇ بۇزۇقىڭنى، ئىككىلىڭ ئۆيدىن چىقىش!» دېدى. مېنى خورلۇق، ھاقارەت ئۆرتەۋاتسىمۇ ئۆزۈمنى بېسىپ تۇرۇپ:

— نېمە بولدىڭىز رىشاتكا، قەدىرىيەنىڭ قانداقلىقى ئۆزىڭىزگە ئايان. نېمىشقا ئۆز قاچىڭىزدىكى ئاشقا شەك كەلتۈرىسىز، — دېدىم.

«قانداقلىقىنى ئوبدان بىلمەن. سېنىڭ بۇنى كۆڭلۈك كۆتۈرۈپ ئوينىغىنىڭ بىلەن مېنىڭ ئەمدى كۆڭلۈم كۆتۈرمەيدۇ، — دەپ ساڭا بېگىز قولىنى جۈنۈپ تۇرۇپ، — سېنىڭ بۇزۇقلىقىڭنى بۇرۇنلا بىلەتتىم. سەن مېنىڭ ئاغىنىلىرىمنىمۇ ئالا قويمىدىڭ. ئەمدى بۇ يالاڭتۆش سەھرالىقىڭ بىلەن ئۆيدىن چىق قانجۇق، ئۆيدىن چىق دەيمەن!» دەپ ۋارقىرىدى. سەن ئۇنىڭغا يىلىنغىلى تۇردۇڭ. شۇ چاغدا مەن سېنىڭ مېنى چىقىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلغىنىڭنى كۆردۈم. يولدىشىڭنىڭ بايىقى ئاچچىق تىللاپ قوغلىشىدىن بەكرەك سېنىڭ يېلىنىش ئىچىدە قىلغان ئىلتىماسىڭ ماڭا ھار كەلدى، دەرھال چىقىپ كەتتىم، سەن مېنى ئاشۇنداق يېلىنىش ئىچىدە قوغلىدىڭ. سەن بۇ ئۆيدە تىل-ھاقارەت، خورلۇق ئىچىدە ياشاۋېرىش ئۈچۈن مېنى ھەيدىدىڭ، ئاچچىقىمدا ئىشىكنى جالاقىدە ياپماقچى ئىدىم. بىراق ساڭا مەنمۇ ئادالەتسىزلىك قىلماي دەپ ئاستا يېپىپ قويۇپ يېنىپ چىقتىم.

شۇندىن بېرى سېنى يىراقتىنلا كۆرۈپ قالىمەن. سەن مېنى كۆرمەسكە سېلىپ

www.uyghurkitap.com

ئۆتۈپ كېتىسەن. سەن نامىدىلا بار ئائىلەڭنىڭ بۇزۇلماسلىقى ئۈچۈن، يوق گۇناھلىرىڭ ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتاتتىڭ. مەن شۇندىلا تېرىككەن، جېدەلخور ئېرىڭنىڭ ھەر مىنۇت قىلىپ تۇرىدىغان جېدەللىرىنىڭ پەقەت سېنىڭ سەۋرچانلىقىڭ بىلەنلا بېسىقىدىغانلىقىنى بىلدىم.

مەن سېنىڭ ھېلىقى چاغدا «بىزنىڭ يېزىنىڭ ئاياللىرى شەھەر ئاياللىرىدەك ئەركىن ئەمەس. مەن بىرىنىڭ بۇيرۇقىغا بوي سۇنۇپ، ئۇنىڭغا توققۇز تەزىم قىلىپ ياشمايمەن.» دېگەن چاغدىكى ئىسيانكارلىق ھالىتىڭنى كۆرگەن بولغاچقا، سېنىڭ بۇنداق ئىتائەتمەن، سەۋرچان، ئائىلىسى ئۈچۈن ھەممە نېمىسىدىن، ئەركىنلىكىدىنمۇ كېچىدىغان ئايال بولغانلىقىڭغا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. سېنى ئەركە قىزدىن بىچارە جاپاكەش ئايالغا ئايلاندۇرۇپ قويغان تەقدىر شۇ ئىسيانكار روھىڭغا ئىتائەتمەنلىكنى تېڭىشىپ بەرگەن بولسا كېرەك. شۇ كۈندىن باشلاپ ساڭا ئېچىنىپلا قالماي، يەنە سەندىن نەپرەتلىنىمەن قەدىرىيە. سەن ئۆزۈڭنى ھاقارەت قىلىۋاتقان بىرىگە بېلىنىپ ياشايدىكەنسەن. بۇنداق ياشاشنىڭ قانداق قىيىنلىقىنى بەلكى مەندىن ياخشى بىلىسەن. شۇڭا «ھايات نېمىشقا ئادەمگە بىرلا قېتىم بېرىلىدۇ» دېگەنىكەنسەن. لېكىن سەن مۇشۇ ئىتائەتمەن مىجەزىڭ بىلەن دۇنياغا مىڭ نۆۋەت تۇغۇلساڭمۇ يەنىلا باشقىچە ياشاشنى ئارزۇ قىلىۋېرىسەن. سەن يەنىلا ئۆز ئارزۇيىڭ بويىچە ئەمەس، باشقىلارنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ياشاۋېرىسەن مېنىڭ سەھرالىقىم قەدىرىيە...

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمايىل

مۇھەممەتجان سادىق

# ئىككى شېئىر

(ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئەللىك يىللىق خاتىرىسىگە بېغىشلايمەن)

## جاننى رام قىلار سۇرەت

قىزىل قان ئىچىدە ياتقان بىر شېھىت
سورىدى ئىڭرىغان ھالەتتە مەندىن:
— ئۇندىمۇ، ئېيتقىنا، كۆكۈچرەك شىۋاق
ئابىدە بولمىغان ئاددىي قەبرەمدىن؟!
— ئۇندى! — دەپ قارىدىم قىزىل يۇلغۇنغا،
ئۇيۇقتا ئۆرلىدى گۈلگۈن شەپەق-ئوت.
— باغلايدۇ سۆيۈرگە مۆھتىرەم ئانام،—
دېدى ئۇ، — ھەر كۈنى پاكلىنار بۇ يۇرت!
جان بەردۇق بۇ زېمىن گۈزەللىكىگە
قونغاي، دەپ نۇرلۇق تاڭ سۈزۈك شەبنىمى.
ياشىسۇن پاك،
رەڭدار گۈلباغ ئىچىدە
تاغلار تەڭرىسىنىڭ غېرىب-سەنىمى.
ئويغاندىم،
جاننى رام قىلار سۇرەتتەك
كىچىكىمدە كۆرگەن جەڭ كەلدى كۆزۈمگە.
ياڭرايتتى ئاۋازى ئۇچقان ئوقلارنىڭ،
كېلەتتى تاڭ يورۇپ دالا-تۈزىگە...
قانچە مىڭ رىزۋانگۈل،
قانچە مىڭ رۇستەم
قالغاندۇ يەر سۆيۈپ ساي-سالالاردا؟!
شۇلارنىڭ سۈرىتى كۆكۈچرەك شىۋاق،
گۈللىگەن يۇلغۇنلار ئاي دالالاردا.

چۈشۈمدە مېنىڭدىن سوئال سورىغان
ئەرنى قان ئىچىدە شۇ چاغ كۆرگەنىدىم.
نېمىشقا بۇرۇنراق تۇغمىدىڭ ئانا؟!
يۈگۈرۈپ قوناقتەك ئوتتا كۆيگەنىدىم...
ئۆتۈپتۇ ئارىدىن مانا، ئەللىك يىل،
شېھىتلەر روھىغا نەزىر-ياد ئېتىش.
پەرزەنتلەر بۇرچىغۇ قەبرىلىرىگە
گۈل قويۇپ روھىنى دائىم شاد ئېتىش!
گۈل تۇتۇپ كەلمەكتە بىر گۈلگۈن سەھەر،
ناخشىغا ئايلىنىپ كەتتى يۈرىكىم.
ياڭرايدۇ يېزا-كەنت،
شەھەرلەر ئارا
مۇھەببەت،
مۇھەببەت،
سۆيگۈ كۆرىكىم.

## بۇ يۇرتنىڭ مەڭگۈگە سەن بىر ئاتىسى

گۈل تۇتۇپ قەبرەڭگە كەلدىم تاڭ-سەھەر،
مەن ساڭا يا تۇغقان،
يا پەرزەنت ئەمەس!
ۋە لېكىن، كۈن ۋە تۈن ئوي-خىيالىڭدا
كۆيىدۇ يۈرىكىم،
كۆيىدۇ نەپەس...

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



سەن ماڭغان زېمىندا تاشلايمەن ئاياغ،
سەن كۆرگەن قۇياشقا تىكىلەر كۆزۈم.
سەن ئىچكەن دەريادىن تەشنالىقىمنى
قاندۇرۇپ كېلىمەن،
شەپەقتەك يۈزۈم...
يۇلتۇزلار يالقۇنلۇق سۆزلىرىڭمىدى،
ئوقۇيمەن ھەر ئاخشام جىمجىت تىكىلىپ.
بىلمىدىم، تىككەنمۇ بۇ چىنارنى سەن،
ئۆتمەن ئالدىدىن ھەركۈن ئېگىلىپ...
قايسىدۇر ئايىغىڭ ئىزلىرى؟
تاپسام
قوياتتىم ئۈستىگە خۇشال يۈزۈمنى.
نە ئارمان ياشسام خۇددى سېنىڭدەك،
ياندۇرۇپ قىشۇ ياز يۈرەك ئوتۇمنى!
ئەخمەتجان قاسىمى!
سېنى سېغىنىپ
ياد ئېتەر بوگۈن ئەل،
دالا-تۈزلۈرۈڭ!
نەۋرەڭمۇ چوڭ بولدى
دوپپاڭ بېشىدا،
قېشىنىڭ ئاستىدا سېنىڭ كۆزلىرىڭ.
سەن ئاددىي،
سەممىي بىر ئىنسان ئىدىڭ،
ھۆسنۈڭدە ئەل-يۇرتقا ئىللىق تەبەسسۇم.
ئالدىڭغا كەلسە بىر چورۇق كىيگەن ئەر
چېچىلغان يۈزۈڭدىن خۇش پۇراق مەۋسۇم.
سىردىشىپ ئولتۇرۇپ ئۆز قولۇڭ بىلەن،
تۇتاتتىڭ چاي قۇيۇپ كەلگەن دەردمەنگە.
سەن دېھقان بولاتتىڭ ئېتىزغا بېرىپ،
چاچقۇزۇپ گۈل-چېچەك ئارا-كەتمەنگە.
بىلمىدىم، نېمىشقا شۇنچىلىك كۆيۈپ
بۇ ئەلنىڭ،
بۇ يۇرتنىڭ يېدىڭ غېمىنى؟!
ھېلىمۇ ئاسماندا قۇياش بار، ئاي بار،
ئويلىدىڭ، بىلمىدىم، زادى نېمىنى؟!
يا شۇنداق يارالغان ئەۋلىيامىدىڭ،
يا تەڭرىم سالغانمۇ كۆڭلۈڭگە مېھر؟!
بىلقىنىڭ ھاياتى پەقەت سۇدىلا
ئەڭ گۈزەل،
ئەڭ جۇشقۇن،
ئەڭ ئۇلۇغ شېئىر.
مەن ساڭا يا توغقان، يا پەرزەنت ئەمەس،
گۈل تۇتۇپ قەبرەڭگە كەلدىم تاڭ-سەھەر.
بۇ يۇرتنىڭ مەڭگۈگە سەن بىر ئاتىسى،
پەرزەنتلەر ئىزىڭدىن قىلدۇ سەپەر.
سادىقلىق——
ئوغۇل-قىز ئار-نومۇسىنىڭ
ۋادىسى ئۈستىدە نۇر چاچقان قۇياش.
قانچىلىك ئۆزگىرىپ كەتمىسۇن دۇنيا،
ئالتۇن كۈن كۆڭلىڭگە ئەبەدىي يولداش!

**مەھەممەتجان راشىدىن**

## سېنىڭ روھىڭ

(ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە نىلقا ناھىيىسىدە ئېچىلغان لوتپۇللا مۇتەللىپ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان)

بىرلىرى كېتىدىكەن-ئۆچىدىكەن،
بىرلىرى يادلىناركەن قەدىرلىنىپ.
كېلەركەن، چۈنكى، بىرى قارا يەرگە،
بىرلىرى قەلبلەرگە قەبرىلىنىپ.

يۈرەكلەر قەبرىگاھتۇر ساڭا، لوتپۇن،
تەڭ نەپەس ئالماقتىمىز بىر يۈرەكتە.
دەيتتىڭغۇ: ۋەتەن ئەلا، خەلق ئەلا،
بىزمۇ بار ئۆزۈڭ چۈشكەن شۇ پىلەكتە.

سۆزلىنەر مۇنبەرلەردە سېنىڭ روھىڭ،
سۆزلەيدۇ قۇربانلارغا قەدىردانلار.
يۈرمىگىن لەۋزىمىزنى قۇرۇق گەپ دەپ،
بىزمۇ ھەم شۇنداق روھقا قەرزدارلار.

ئەل دېدىك — ئانا دېدىك، سىنىڭ روھىڭ
پەرۋانە تەقدىرىدە مىسال تاپتى.
جاھاندىن ئەزىز جىسمىڭ كەتكەن بىلەن،
بىزلەردە سىنىڭ روھىڭ ۋىسال تاپتى.

تارىخنى ۋاراقلىساق تالاي ئىشلار،
تاڭ، دېدۇق قاتىللىرىڭ ئۆلگەن كۈننى.
روي بەردى لۇتۇن روھى دېدۇق يەنە
باھاردا تۇنجى بىخلار ئۈنگەن كۈننى.

جان كىردى نىمجانلارغا روھىڭ بىلەن
ئاز ئەمەس ئۆلگەن روھى تىرىلگەنلەر.
بوز ئاچقان باتۇرلاردا سىنىڭ روھىڭ،
ئويغاندى غاپىللىقتا بېرىلگەنلەر.

سىڭگەن بىرمۇ تاش يوق سىنىڭ روھىڭ،
روھىڭدىن ئۈندى گىياھ، تۆرەلدى قۇش.
كېلىدۇ جۇدۇنلاردا سولماي، ئۆلمەي،
مەي ئىچسە بايراملاردا بولماي بىھوش.

ملىڭ چولپان نۇرى ئۆچمەي جىمىرلاركەن
بىر مەردنىڭ ئەلگە ياققان چىرىغىدا؛
سەن ناخشا ئېيتىپ ئۆتتۈڭ تۈننى يىرىپ،
تېڭىرقىماي داۋانلارنىڭ سىنىقىدا.

روھىڭ تاج، روھىڭ پۈتمەس بايلىق بىزگە،
سېغىنساق روھىڭ ئۆزى دىدار بىزگە.
روھىڭ كۈچ، روھىڭ مەدەت سەپەرلەردە،
دان چاچتۇق روھىڭ بىلەن دالا-تۈزگە.

تەر تۆكمەك ئانا يەرگە .سىنىڭ روھىڭ،
روھىڭدۇر زۆرۈر چاغدا قان تۆكمەكمۇ.
تەڭ ئۈيناپ، تويى بولسا ۋەتىنىڭنىڭ،
روھىڭدۇر قايغۇ-غەمگە تەڭ چۆكمەكمۇ.

شۇ روھىڭ دەرس بىزگە، مىراس بىزگە،
شۇ روھتا سۇغۇرۇلدى قەلبىمىز.
كۆرسۈلدەپ دەسسەپ بارار شۇ روھ بىلەن،
ئەتىنىڭ مارشلىرىغا قەدىمىمىز.

ئىزىڭدا سەپ تارتىشتى تۈمەن شائىر،
سەن كەبى جەڭچى شائىر بولماق ئۈچۈن.
تەپەككۇر ئاسمىنىدا جەۋلانى بار،
مەھلىيا پەرۋازىغا ئالەم پۈتۈن.

ھەيۋەتلىك بىر شەھەردۇر ھەربىر شېئىرىڭ،
ھەر مىسرا مەزمۇنىدا بىر مەكتەپ بار.
قەلىمىڭ ئىزلىرىدا بۈيۈك خىسلەت،
ۋەتىنىم، خەلقىم، دېگەن بىر مەسلەك بار.

تۇغ بىزگە، ئۇدۇم بىزگە سىنىڭ روھىڭ،
ئېزىقماي ئىزىڭ بىلەن كەلمەكتىمىز.
قەيسەرلىك لازىم ئىكەن بۈگۈنمۇ دەپ،
يىللارغا سەندەك جاۋاب بەرمەكتىمىز.

كۆرگەندەك بولۇپ قالدۇق قامىتىڭنى
تىلقىنىڭ ناخشاڭ سىڭگەن تاغلىرىدىن.
پەخىرلىك بىر تۈيغۇدا كۆردۇق يەنە،
ياش غۇنچە گۈللىرىڭنى باغلىرىدىن.

سەن ئۆسكەن مەھەللىلەر بولۇپ قالدى
زېمىنىڭ تەۋەرۈكى، تاۋاپگاھى.
كۆكۆللەر زىيارەتتە بۇندا ھەركۈن،
روھىڭدىن بولدى يۇرتۇڭ يۇرتلار شاھى.

روھىڭ بار گۈل بار يەردە، بىز بار يەردە،
ماتورلار ئاۋازىدا ئاۋازىڭ ھەم.
ناخشاڭنىڭ ئەۋجى بىزدە، مەۋجى بىزدە،
ئۇچقاندا، بىزگە ئۆتتى پەرۋازىڭ ھەم.

كۆچۈردۇق بوستانلارنى روھىڭ بىلەن،
ئىسلاھات يوللىرىدا تۈمەن چولگە.
كەچمەيمىز شۇ روھىڭدىن، ئاتىلا شائىر،
« يەر-جاھان پۈركەنگىچە قىزىلگۈلگە.»

www.uyghurkitap.com

سۆزلىسەك، ئۇرغۇن ئىشقا روھلۇق دەلىل،
قەلەملەر قويغىمىز يوق تەرىپلىسەك.

روھىڭغا ئاسىيلارنى، خاتا بولماس،
تا مەڭگۈ نەپرەتلەرگە غەرق دېسەك.

**تەلئەت ناسىرى**

## ئۆز تىلىم

ئانا تىلىم، دانا تىلىم، ئۆز تىلىم،
ئاتەش بولۇپ يۈرىكىمدە يانىسەن.
ئاقىللارنىڭ ئوخچۇپ تۇرغان زېھنىنى
ئاۋازىمدا جاراڭلىتىپ بارىسەن.

ئەجدادىمنىڭ پەزىلىتى، خۇلقىنى
ئەۋلادىمغا ئېلىپ بەردىم سېنىڭدە.
ئەدەپلىكلەر نامىلىرىنى ياشنىتىپ،
ئەقىدەمنىڭ تەپتى يانار تېنىمدە.

بىباھا سەن باھالاردا مەن ئۈچۈن،
بىلىم ئالغاچ سۆيۈنۈپ ئۆز تىلىمدا.
نىشانسىزغا نىشانلارنى كۆرسىتىپ،
بىسمىللادەك يالقۇنجىدىڭ دىلىمدا.

پېئىلىمگە سادا بەرگەن ئېغىزىم
پىيالە بوپ شەربەت سۇنار جانانغا.
پىغانىدا بۇلبۇللارنىڭ ناۋاسى،
پىچىرلايدۇ سىرلىرىمنى يارانغا.

تىللا سۆزۈم ھەر كۆڭۈلدە بىر يۇلتۇز،
تىلىكىمدۇر تىلەكلەرنىڭ تەشناسى.
تىترىگەننى باغرىم بىلەن ئىللىتسام،
ئېچىلاتتى مىرادىمنىڭ رەناسى.

يۈرىكىمدىن ئۇرغۇپ چىققان كۈي بىلەن
جىمغۇرنىڭ تومۇرىدا ئاقاتتىم.
جېدەللەرنى ئايلاندۇرۇپ بەزمىگە،
جېپسىلاشقان يۈرەكلەردە ياناتتىم.

دىلىم سۆزى بۇلاقلارنىڭ زىنىقى،
دېگىن دەيدۇ ئىزھارىڭنى تىلىڭدا.
دىدارىمنى دىدارلارغا كۈن قىلىپ،
دوستلۇق ئىشقى جۇش ئۇرىدۇ قېنىمدا.

رىۋايەتتەك ئۆتكەن بىزنىڭ ئارزۇلار
رېئاللىققا ئايلانماقتا كۈنسېرى.
زەنجىرلەشلەر، ئاسارەتلەر يوقىلىپ،
رىغبەتلەردە ياڭرار بەخت كۈيلىرى.

تىللىرىمدا جاسارەتنىڭ ئىسيانى،
زېھنىم قۇياش چەشمىسىدەك پارلىدى.
زىممەمدىكى ئەل ئۈمىدى سالمىقى،
زورلۇقلاردا بومبا بولۇپ پارتلىدى.

سىناقلاردىن ئۆتكەن ئىدىم قانچە رەت
سىلاتماستىن باشلىرىمنى لولىغا.
سىقىلغاندا ياققان ئىدىم مەڭزىمنى
سىرداشلارنىڭ سۇنغان ئىللىق قولىغا.

شىلدىرلىسا ئېرىقتىكى سۈزۈك سۇ،
شۇۋىرلىشار قوشاق ئېيتىپ گۈل-گىياھ.
شېرىن تىلدا جىلۋىلىنەر لەئلىدەك
پاك كۆڭۈلدە ئەكس ئەتكەن نۇر-زىيا.

غېمىم پىنھان ئۆزگىلەرنىڭ كۆزىدىن،
غېرىپلىقنى تەرك ئەتتىم ھەر يەردە.
غىلاپتىكى خەنجەر بولۇپ ياشىدىم،
غىڭشىغانغا كاچات سېلىپ ئۆز ئەلدە.

كىبىرلەرنى تاشلاپ ئاياغ ئاستىغا،
كەچۈرەتتىم ئەيىبكارلار باش ئەگسە.
كىنايىگە پىسەنت قىلماي يولۇمدا،
ۋاي دېمەيدىم نادان ئاتقان تاش تەگسە.

مىللىتىمنى مىللەتلەرگە يار ئەتسەم،
مىڭ مەرتىۋە ھاسىل ئىدى مۇرادىم.
مىسقالچىلىك تەڭسىزلىككە يول قويماي،
مىزانلارنى تىزار ئىدى ئىجادىم.

ئۇنۇتماستىن پېشانەمگە چەككەننى،
ئۇستاز ئەتتىم ئالدىنغاننى ئالدانماي.
ئۈيغۇنلىشىپ ھېيلىلەرنىڭ قەستىگە،
ئۇچۇقلىدىم رەشكلەرنى خارلانماي.

ئۆتكۈر تىلىم بەز يۈزلەرگە تىغ بولدى،
ئۆتكەللەردە پەشۋا بەردىم نامەردكە.
ئۆكۈنمىدىم سۈدەك ئۆتكەن ئۆمۈرگە،
ئۆپچۆرەمنى ئايلاندۇرۇپ ئامەتكە.

ئۈلپەتلىرىم تاغدەك يۆلەك بولسىمۇ،
ئۈمىدىمنى بىراۋلارغا تاڭمىدىم.

ئۈندەشلەرنىڭ بولۇپ دائىم بىزارى،
ئۈزۈلدۈرمەي ئالغا باستىم يانمىدىم.

ۋىلىق-ۋىلىق كۆلدۈرەي دەپ سەبىينى
ۋىچىرلىغان قۇشتەك سايراپ تىنمىدىم.
ۋىجىكلەرنىڭ سىلاپ مىسكىن بېشىنى،
ۋىجدانىغا يات راھەتلەرنى كۆرمىدىم.

ئېقىن سۇلار ئۆركەشلىدى شوخلىنىپ،
ئېلىپ قاچار دەردمەن تۆككەن خىيالنى.
ئېگىزلەردە يىراقلارنى كۆرگەنلەر
ئېگىلمەستىن ماڭار كۆزلەپ نىشاننى:

ئىلھامىمنى قەلبلەردە باغ ئېتەر
ئىجادىمنى ئېلىپ ئۇچقان سابالار.
ئىمكان بېرىپ ھەر ئىشىمنى ياشنىتار
ئىنئامىمغا ياڭراپ ئەكس سادالار.

يىپەك يولى پاياندار گۈل دىيارىم
يىراقلارنى يېقىن قىلدىڭ يېنىمغا.
يىگىتلىكنى ئۆز تىلىمغا سىڭدۇرۇپ،
يىلىنجىغان بىر ئوت سالدىڭ دىلىمغا.

ئەركىن نىزامى

# شائىر، باھار، تۇيراق

## شائىرنىڭ يۈرىكى چېقىلغان چاقماق

شائىرنىڭ يۈرىكى چېقىلغان چاقماق،
قاراڭغۇ تۈنلەرنى نۇرغا بۆلەيدۇ.
شائىرنىڭ لەۋزىدىن تۇغۇلار ۋولقان،
زەربىدىن بۇلۇتلار، تاغلار تىترەيدۇ.

شائىرنىڭ يۈرىكى چېقىلغان چاقماق،
بارچىغا يورۇقلۇق، شادلىق تىلەيدۇ.
بىز شېرىن ئۇيقۇدا چۈشلەرگە ھەمراھ
شائىرغا ئۇيقۇ يات ـــ ھامان تۈنەيدۇ.

شائىرنىڭ يۈرىكى چېقىلغان چاقماق،
ھەممىدىن شائىر كۆپ بەدەل تۆلەيدۇ.
كارۋانغا مەشئەل ئۇ، دېڭىزدا ماياك،
شۇڭلاشقا شائىرلار مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ.

شائىرنىڭ يۈرىكى چېقىلغان چاقماق
كۆلبەڭنى يورۇتۇپ كۆيۈپ تۈگەيدۇ.
چاقماقتىن سىرغىغان مۇقەددەس نۇرلار
تۇپراقنى باغاشلاپ سۆيۈپ تۈگەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئەللىك تۆت ئەسلىمە ــ ئەللىك تۆت باھار،
ئۆمرۈمنىڭ يەكۈنى-شادلىق، ھەسرىتى.
بىرلىرى ئەڭ شېرىن چۈشلىرىمگە يار،
بىرلىرى كۆز ياشىنىڭ قالدۇق سۈرىتى.

بىرلىرى سۆيگۈ-قۇت جانانىدەك ئۇماق،
سەجدىدە ئېگىلگەن ناتىۋان بېشىم.
بىرلىرى چېچەك دەپ تۇتقۇزغان چاقىاق،
زەھەرگە ئايلاندى ئاياقتا ئېشىم.

گۈل بىلەن تىكەننى بىر شاختا كۆردۈم،
مەۋجۇتتۇر بىر ئۇقتا كۈندۈز ھەم كېچە.
ئۆزۈمنى گاھى چىن، گاھ ساختا سۆيدۈم،
ئەللىك تۆت بېكەتنى بېسىپ ئۆتكىچە.

ئارمانىدىن ئارزۇلۇق باھار تۆرەلدى،
بەردى ئۇ ئېشەنچە، بەرمىدى كۆز ياش.
جىسمىمغا مۇقەددەس روھلار بۆلەندى،
مەدەتكار بولغايسەن ئوغلۇڭغا قۇياش.

## رۇبائىيلار

يوقسۇزلار بارلىقلاردەك ئوينىيالماس،
بارلىقلار يوقسۇزلاردەك ئويلىيالماس.
بولسا جەم بۇ ئىككى سۆز بىر جۈملىگە،
ئېگىز-پەس دېگەن سۆزگە ئورۇن قالماس.

* *

يوقىدا ئاتام دەپ زارلىغانلار كۆپ،
ئانام دەپ بوتىدەك بوزلىغانلار كۆپ.
باردا «ئال» نى ئەمەس، «ئالماق» نى كۆزلەپ،
پەرزەنتلىك قولىنى سوزمىغانلار كۆپ.

* *

باسسا قىيان چۆلنى، چۆلگە ياغار نۇسرەت،
تۆكسە ئاسمان كۆز يېشىنى دېمە غەم-دەرد.
كۆڭۈلنىڭمۇ قىيانى بار، كۆز يېشى بار،
ئۆزگىچە ئۇ، بىرى غەزەپ، بىرى نەپرەت.

* *

باش ئۇرۇپ سەجدىدە چوقۇنساق پۇلغا،
شان-شۆھرەت يولىدا ئايلانساق قۇلغا.
رەڭ بەرسە ھەممىگە پۇل ھەم يەنە پۇل،
ئايلىنار بۇيۇل تاش چېچىلغان قۇمغا.





جالالىدىن بەھرام

# قۇملۇقتىكى ئاتەش

(پوۋېست)

خانىرىق سۇ ئامبىرىدا بىر كېچە تۈنىگەن 11 كىشىلىك خىزمەت گۇرۇپپىسى تاڭغا يېقىن تەكلىماكان ئىچكىرىسىدىكى بىر جۈپ ياقۇت — قۇمچاقار بىلەن ئەلئابادقا قاراپ يولغا چىقىشتى. كېچىچە قۇرساقلىرى تويغان ھەم ھاردۇقى چىققان ئېشەكلەر بىر-بىرىگە يول بەرمەي، چاڭ — توزان كۆتۈرۈپ بۈك-باراقسان باغلارنى، كۆجۇم مەھەللىلەرنى، ۋەدىكلىك دېھقان ئۆيلىرىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى.

ئۆمرىدە ئېشەك مىنىپ باقمىغان جەۋلان بىرىنچى كۈنلۈك سەپەردە بەللىرى تېلىپ ئاغرىپ، يوتىلىرى سىرقىراپ ماڭالمايلا قالغانىدى. مانا بۈگۈن بولسا، ئايىغى ئىتتىك، يورغىسى سىلىق بوز ھاڭگىدا كېتىۋېتىپ ئۆزىنى خېلىلا يېنىك ھېس قىلدى. تەقدىرنىڭ قىسمەتلىرى غەلىتە بولىدىكەن. ئۇ، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ بۇ مېھرى ئىللىق يۇرتىغا تەقسىم قىلىنغانىدى. خەيرىيەت ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپكىمۇ بۆلۈندى. لېكىن كىم بىلىپتۇ، ئوقۇتقۇچىلار بىلەن تونۇشا-تونۇشمايلا مەكتەپ مۇدىرى ئۇنىڭغا: «ناھىيىلىك كومىتېتتىن بىر ئادەم ئالۋاڭ كەلدى، خىزمەت گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىسەن» دېدى. تۇۋا، كونىلار بىكارغا ئېيتماپتىكەندە، ئالۋاڭغا گالۋاڭ كېرەك، دەپ. جەۋلان خىزمەتكە چىقتىم، دېگىنى بىلەن تېخى ئۇستەلدە ئولتۇرۇپ خەت يېزىپ باققىنى يوق، مۇئاش دېگەن قانداق نېمە ئۇنىمۇ بىلمەيدۇ... مانا ئەمدىلىكتە خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ قالغىنى خۇددى ئادەمنىڭ يوقىدا ئۆچكىنىڭ ئىسمىنى ئابدۇكېرەم، دېگەندەكلا بىر گەپتە...

— قۇمچاقار ۋە ئەلئاباد يېزىلىرى تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان، ھۆكۈمەت نەزەردىن يىراق يېزىلار. ئۆلكە ئازاد بولۇپ بىر قېتىم خىزمەت گۇرۇپپىسى كىرگەن. سىلەر ئىككىنچى قېتىم كىرىۋاتىسىلەر... ۋەزىپەڭلار مائارىپ خىزمىتىنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈشتىن سىرت، كادىرلارنىڭ خىزمەت ئىستىلى، پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك مەسىلىلىرىنى ئېنىقلاپ بىر تەرەپ قىلىسىلەر. شۇنداقلا خەلق تۇرمۇشىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىسىلەر، دىنىي مەسىلىلەر كۆرۈلسە، ئىنتايىن ئېھتىياتچان بولۇڭلار. ئۇ يەرلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن، خەلق ئاڭسىز ۋە قالاق...

جەۋلان ھاكىمنىڭ بۇ سۆزىنى ئېسىگە ئالسىلا ئەندىشىگە چۈشەتتى. ئۇ، بولدىلا

www.uyghurkitap.com

قولىمىزدا ھۆججەت، ماتېرىياللار تۇرسا، دەپ ئۆزىنى بەزلىسىمۇ، يەنىلا خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئەيساپۇپ ئۇنىڭ بۇ ئەندىشە-ئەنسىرەشلىرىنى بىلگەندەك، «كۆڭلۈڭنى شوق تۇت شامالىلىق ①، ئىشەكتە مەزمۇت ئولتا، خىرامان ھېكايەڭنى سۆزلە، قۇلۇقۇم سەندە» دەپ قوياتتى.

ئەيساپۇپ قىرىقلارغا ئۇلۇشۇپ قالغان، ئوتتۇرا بوي، غوللۇق ئادەم بولۇپ، ئۇچىۋاتقان قارا قاغىدەك بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەن قاپقارا قوشۇما قاشلىرى ئۇنىڭ بۇغداي ئۆڭلۈك گۆشلۈك يۈزىگە غايىۋانە بىر كۈچ ئاتا قىلغانىدى. ئۇ رومان ۋەقەلىكلىرى، ھېكايە، چۆچەكلەرگە ھېرىسمەن ئادەم بولغاچقا، سەپەرگە چىققاندىن بېرى جەۋلاننى ھېكايە سۆزلىتىپ كېلىۋاتاتتى.

— ھە، جىمىپ كەتتىڭغۇ شامالىلىق، — دېدى ئەيساپۇپ ئېشىكنى جەۋلانغا يانداپ، — يەنىلا شۇ خىزمەتتىن ئەندىشە قىلىۋاتامسەن؟ قورقما، ئىشلەشكە تېگىشلىك خىزمەتلەرنى چامغۇر توغرىغاندەك كارت-كارت كېسىپ ئىشلەيمىز. لېكىن ھېلىقىدەك قوناقلىقتا، كېۋەزلىكتە كىرىپ كەتكەنلەرنى مارايدىغان، تۇتۇۋالىدىغان ئىشلارنى قىلمىساڭلا بولىدى.

يېرىم كېچىگىچە زىيابەت، تاڭغا يېقىن يولغا چىقىش بىلەن ئۇيقۇغا قانماي، ئىشەكتە مۈگدەپ كېلىۋاتقانلار بۇ گەپتىن پاراقىدە كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ئۇنداقتا ناشايان ئىشلارنى كۆرسەكمۇ، كۆرمەسكە سالىدىكەنمىز-دە؟

— ئۇنداق ئەمەس، ھۇركۇتۇۋەت، ھە مانا...

— قانداق قىلىپ؟

— تاخۇي-تاخ دېسەڭ، ئادەم باركەن دەپ كېتىپ قالىدۇ.

كۆپچىلىك قاقاقلاپ كۈلۈشتى.

— كۈلۈشمەڭلار، — دېدى ئەيساپۇپ كۈن تۇغۇش ئالدىدا تۇرغان قىپقىزىل ئۇپۇققا قاراپ، — ئۇ يەرلەرنىڭ ھاۋاسى ئىسسىق، يەل-يېمىشلىرى شىرىنلىك، قىزىق قۇم ئاستىدىن چىققان ئەركەك سۇ ئىچىدۇ... بۇ ۋەجىدىن قىز-چوكانلىرى ئۆز ھەم شوللۇق، شۇڭا بىر يىل ئىچىدىلا يېزىلىق ھۆكۈمەت شۇجىلىرىدىن ئۈچى ئالمىشىپ بولدى.

— نېمە ئۈچۈن؟ — دەپ سورىدى جەۋلان ھەيران بولۇپ.

— چۈنكى كۈپ-كۈندۈزدىلا ھاللاك قىسماققا دەسسەتتى، — دېدى ئەيساپۇپ جەۋلانغا قايرىلىپ، — بولۇپمۇ سەن گۈلراق كۆرۈنسەن، ماڭلاي ② قويغان قىز-چوكانلاردىن ھېزى بول...

كۆپچىلىك يەنە كۈلۈشۈپ كەتتى.

چۆل ئۇپۇقىدا قان قۇيغاندەك قىزىرىپ قۇياش چىقتى. چەكسىز دالا بىنەپشىرەڭ نۇر ئىلكىدە يۇيۇلۇپ، ئوت بىلەن قاپلانغان پەس ئېدىرلىقلار، قاياقلاردىدۇر غايىب بولىدىغان چىغىر يوللار، خۇددى كۈمۈچ يىپ تالاسىدەك پارقىراپ تۇرغان بۇلاق سۇلىرى... جانلارنى سۆيدۈرۈپ سۈرەتتەك نامايەن بولدى.

---

① شامالىلىق — شىمالىلىق دېمەكچى.

② ماڭلاي چاچ — بۇ يۇرتنىڭ قىزلىرى قېشىغىچە تەكشى ماڭلاي چاچ، قۇلاقلىرىغىچە سېكىلەك قويۇشىدۇ.

« تارىشلىق لەنگەر » نىڭ شورلۇق تۇزلەڭلىكلىرىگە قەدەم ئېلىش بىلەن ئىشەكلەر بىر-بىرىگە يول بېرىشمەي، ۋېشقىرىشىپ يورغىلىماقتا ئىدى. يىراق-يىراقلاردا كۆكۈچ كەنت ئىزنالىرى، سارغۇچ توغراق ئورمانلىقلىرى، قىزارغان يۇلغۇنلۇقلار كۆزگە چېلىقاتتى. ئەيسايۇپ ئىشەكتە يانتۇ ئولتۇرۇپ يەرلىك بىر ناخشىنى دىمىقىدا غىڭشىپ ئېيتماقتا ئىدى. ئۇنىڭغا ياندىپ كېلىۋاتقان جەۋلان بولسا ئەسىرلەر بويى ئېغىر تىنىپ ياتقان چۆل ئۈستىدە كۆتۈرۈلۈۋاتقان تاڭ قۇياشىغا تويماي قارايتتى.

— ھە، جەۋلان شاماللىق، — دېدى بىر ئىش ئېسىدىن كەچكەن ئەيسايۇپ يېنىغا قايرىلىپ، — ھاكىم سېنى ھارماڭلار ئاداش دېسە، سەن ھارمىدىم ئىشەكتە كەلدىم دەيسىيا.

بىردەملىك جىمىپ قالغان سەپەرچىلەر يەنە كۈلكىنى باشلىۋەتتى.

— ئەمىسە نېمە دەيمەن؟

— ياخشىدى ھاكىم دېمەمسەن، — ئەيسايۇپ كۈلۈۋەتتى، — قارا ئۇكا، بۇندىن كېيىن بىرى سېنى ھارمىغايلا، ھامىسلا، ھاماڭ دېگۈدەك بولسا ياخشىدى، دەيسەن. بۇ سېنىڭ سالامغا جاۋاب قايتۇرغىنىڭ بولىدۇ.

جەۋلان قىزىرىپ كەتتى. ئۇ خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىپ كەلگەندىن بۇيان بەزى يەرلىك شىۋىلەرنى چۈشەنمەي قىينىلىپ قېلىۋاتاتتى. لېكىن ئەيسايۇپ زېرىكمەي ئۇنىڭغا شىۋىلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرەتتى، ئۆگىتەتتى.

كۈن تىك كۆتۈرۈلۈپ ئەتراپ قىزىرىشقا باشلىغان قاق چۈش پەيتىدە « ھاكىم كەپىسى » گە يېتىپ كەلگەن 11 كىشى ئىشەكلىرىدىن چۈشۈپ يالغۇز ئۆيلۈك دېھقان ئۆيىگە كىرىپ كېلىشتى. چاڭگا ساقال، دارازا دېھقان ئۇلارغا مېھمان دوستلۇق كۆرسەتتى. مۇزدەك جىگدە شەربىتىگە نان چىلاپ قورساقلىرىنى تويغۇزۇپ، راھەتلىنىپ پۇت-قوللىرىنى سوزۇشتى. ئىشەكلەرمۇ ئوتقا ئوبدانلا تويۇلغان ئىدى.

دېھقانغا ھەشقاللا-بارىكاللىسىنى ئېيتىشقان خىزمەت گۇرۇپپىسى ئۇلاغلىرىغا مىنىشىپ، ئىككى تەرىپى چېغىرتماق، ئوغرى تىكەن، ئاچچىق ئوت قاپلاپ كەتكەن يولغا چۈشۈشتى.

— ئەيسايۇپكا، — دېدى جەۋلان ئېشىكىنىڭ چۇلۋۇرىنى يانغا بۇراپ، — بۇ يەرنى نېمە ئۈچۈن « ھاكىم كەپىسى » دەيدۇ؟

— بولىدۇ، مەنمۇ ساڭا بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرەي، — دېدى ئەيسايۇپ كۈلۈپ، — ئۆلكە يېڭى ئازاد بولغان يىللاردا بىر ھاكىم بۇ يەردە يەر ئاچقان. ئۇ چاغلاردا بۇ يەرلەر چۆل-جەزىرە بولغاچقا، ھېچكىم ئائىلىسىنى كۆچۈرۈپ كەلمەيتتى. شۇڭا ھاكىم قولىقى يۇمشاق، يېتىلەككە كۆنۈك پومېشچىك، باي دېھقان، بىر قىسىم ھاللىق ئوتتۇرا دېھقانلارنى كۆچۈرۈپ كېلىپ بوز يەر ئېچىپ ئاشلىق تېرىغان. ھاكىم كەپىسى ئالدىدا چۆنەك ئېچىپ بىرىگە قوناق، بىرىگە بۇغداي، بىرىگە ئارپا، بىرىگە كېۋەز ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ ھەر كۈنى مايسىنىڭ ئۈنۈش ئەھۋالىنى كۆزىتىدىكەن. تۇپراق تەركىبىنى تەكشۈرىدىكەن، ئۇنىڭ كەپىسى سوغ جۇدۇنلاردىمۇ، ياز ئىسسىقلاردىمۇ ئېبدىرلىق باغرىدا چوقچىيىپ تۇرىدىكەن...

— ئۇ ھاكىم ھازىر بارمۇ؟

— بەللى شاماللىق، — دېدى ئەيسايۇپ قامچىسىنى شىلتىپ، — تۇنۇگۈن كەچ

www.uyghurkitap.com

خانئېرىق سۇ ئامبىرىدا سېنى ئاياق، جاملاردا هاراق تۇتۇپ، تونۇر كاۋىپىنى يېگۈزۈپ كىم مېهمان قىلدى؟

— مەنتوختى هاكىم...

— تاپتىڭ، مانا شۇ كىشى، هازىر ئۇ كىشى سۇ ئامبار قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل. قېنى ئەمسە سەن ماڭا بىر هېكايىغا قەرىزدار سەن، هازىرلا تۆلىۋەت...

ئەيسايۇپنىڭ زورلىشى بىلەن جەۋلان «چاهار دەرۋىش» نى باشلىدى. باشقىلار ئېشەكلىرىنى بېقىنداپ قىستالغىنىچە جەۋلانغا يېقىنلىشىشقا تىرىشاتتى. بىر-بىرىدىن يول تالىشىپ قىزغىنلىشىۋاتقان يارام ئېشەكلەر قۇلاقلىرىنى شىڭشايتىپ پۇشقۇراتتى. هەمراهىنىڭ پاچاقلىرىغا ئېغىز سالاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئۆزلىرىدىن بىر قەدەممۇ قالماي ئەگىشىپ كېلىۋاتقان بېزەك چىۋىنلەرنى، چاققان يەردىن قان ئالىدىغان كۆكۈيۈنلەرنى قورۇپ قۇيرۇقىنى توختىماي شىپاڭلىتىشنى ئۇنۇتمايتتى. چوڭقۇر هېسسىيات، چەكسىز هاياجان ئىلكىدە سۆزلەنگەن هېكايىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇلار قۇم چۆللۈكىگە كىرىپ قالغىنىنى بىلمەيلا قېلىشتى. ئاجايىب زور قەبرىلەردەك چوقچايغان قۇم بارخانلىرىنىڭ چېكى كۆرۈنمەيتتى. ئېشەكلەرنىڭ مېڭىشى قىيىنلىشىپ قۇلاق تۈۋى، بويۇنلىرىدىن قارا تەر قۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئەيسايۇپنىڭ بىرلا ۋارقىرىشى بىلەن هەممەيلەن ئېشەكلىرىدىن چۈشۈپ يېتىلەپ مېڭىشتى. بولۇپمۇ «قۇم قايغان» نىڭ داۋانلىرىدىن ئۆتكىچە ئۇلار هالىدىن كېتىشتى.

گۈگۈم پەردىلىرى يېيىلىشتىن ئىلگىرى «يامان بۆك»، «هوڭ» كەنتلىرىدىن بېسىپ ئۆتكەن بۇ توپا چىراي، هارغىن يولۇچىلار كۆز باغلىنىش بىلەن «قۇمچاقار» يېزا بازىرىغا كىرىپ كېلىشتى. يېزىلىق هۆكۈمەت ئالدىدا ساقلاپ تۇرغان يېزا كادىرلىرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈشۈپ كېلىشتى ۋە «هامىغايلا»، «هامىسىلا»، «ياخشىدى» دېگەن سۆزلەر بىر هازا ئۇزۇلمەي تەكرارلىنىپ تۇردى.

* * *

چارچاپ لايدەك ئۇخلاپ كېتىشكەن كادىرلار چۈشكە يېقىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ئۇلار چوڭ ئىشخانىغا ئالدىراپ ئەتىيارلىنىپ قويۇلغان ئۇزۇن ئۈستەللەر ئەتراپىدا ئولتۇرۇشۇپ گۆش گىردە، تونۇر كاۋاپلىرىغا تۇتۇش قىلىشتى. يېزىلىق هۆكۈمەت باشلىقى بارى نىياز يەرلىك كادىرلارنى بىر-بىردىن تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ئەيسايۇپمۇ ئۆزىنىڭ «قوشۇن» دىكىلەرنى ئىسمىنى ئاتاپ تونۇشتۇردى.

جەۋلان بارى نىيازنىڭ «ئۈچ يىلدا بىر كۆلمەس» دېگەن لەقىمىنى ئېسىگە ئېلىپ ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىدى. يونىمىغان توغراقتەك قاۋۇل بۇ ئادەمنىڭ ئات يۈزلۈك، قاتمال چىرايى خۇددى قارا تاشتىن ئويۇلغان بۇتقىلا ئوخشايتتى. لېكىن كەم سۆزلىكى، گەپنى مىق قاققاندەك قىلىشى ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋالغان، توختالغان، پىشقانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. شۇنداق بۇ ئادەم هاللاك قىسماققا دەسسەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

دەرۋەقە دۇنيادا مەنپەئەتتىن رەهىمسىز ۋە شېرىن كۈچ بولمىسا كېرەك، ئۇ ئادەمنىڭ تەقدىرىنى ئاستىن — ئۈستۈن قىلىۋېتەلەيدۇ. شۇڭا چىرايىدىن قارا بۇلۇتلىرى كەتمەيدىغان بۇ قوپال جىسىم هەر هالدا خىزمەت گۇرۇپپىسىغا چىراي ئاچتى... ئۇ ئەيسايۇپنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى. ئەيسايۇپمۇ باش لىڭشىتتى.

— ئاغىنىلەر، بۈگۈن ئازنا بولغاچقا، بازار قىزىپ كېتىپتۇ. ئايلانساق قانداق، — دېدى ئەيسايۇپ كۆپچىلىككە.

كادىرلار يېزىلىق ھۆكۈمەت دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا چىقىشتى. ئۇزۇن كوچا ئادەم قايىنىمىغا ئايلانغانىدى. كىشىلەر ۋارقىرىشاتتى، توۋلىشاتتى. ھەرخىل زەردىۋال بورا بېسىلغان ھارۋىلار، ئۇزۇن بادىرىلارنى ئىككى ئۇچىدىن بوغۇپ كۆتۈرۈۋالغان دېھقانلار، تاشتۇز ئارتىلغان ئېشەكلەر، گىلەم ۋە ھەرخىل بويالغان ماتالارنى مۈرىسىگە ئارتىۋالغان خاللاپلار، باققاللار بازارنى بېشىغا كىيىپ: «ھوي تەلپەك، تارت ھارۋاڭنى...»، «ھەي مەللەتون، سەن نەدە، بادراڭ نەدە؟...»، «توۋا ماۋۇ شاپاق دوپپىنى، لايدىن سۇغۇرۇۋالغان قوزۇقتەك يولنى توسۇپ تۇرىۋالغىنىنى...»، «ھەي ئالا گەدەن، ئېشىكىڭنىڭ سۆڭگىچىنى بۇرا دەيمەن...» دېيىشەتتى. بۇ ئالا-تاغىل ئاۋازلارغا جۈر بولۇپ ئېشەكلەر ھاڭراپ، قويلار مەرەپ، كالىلار مۆرىشەتتى. ئات-ئۇلاغ، ئادەم ئايغىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ-توزان، تېزەك كۇكۇنى ۋە ھەرخىل ئاچچىق پۇراقلارنى دىماققا ئۇرۇپ، خۇددى يامغۇر بولۇتتەك بازار ئۈستىگە كۆتۈرۈلەتتى ۋە يەنە ئاستا-ئاستا قاش-كىرپىك، ساقال-بۇرۇتلارغا، ئۇزۇن-قىسقا بۆز-ماتا يەكتەكلەر ئۈستىگە، كىندىكىگىچە ئوچۇق تۇرغان تۆكلۈك مەيدىلەرگە قونۇپ، بىر قەۋەت ئاق توپا بازارچىلارنى كۆمۈپ تاشلايتتى.

كادىرلار بارى نىياز ۋە يەنە بىر قانچە كادىرنىڭ يول باشلىشى بىلەن بازار ئايلىنىپ يۈرەتتى. دېھقانلار كادىرلارغا سالام-سائەت قىلىشاتتى. ئۆزىنىڭ ساداقىتىنى، مۆمىن بەندە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكچى بولغاندەك قورۇنۇپ ھېجىيىپ، ئىككى قولنى كۆكسىگە ئېلىپ، بىچارىلەرچە بويۇن قىسىشاتتى. بولۇپمۇ بارى نىيازنى كۆرگەن ھامان دەرھال يول چېتىگە چىقىپ ئېگىلىپ-پۈكۈلۈپ، قول قوشتۇرۇپ ئۇ ئۆتۈپ كەتكىچە تۇراتتى.

ئۇلار يەل-يېمىش قاتارلىرىغا كېلىشى بىلەن ۋالڭ-چۇڭنىڭ دەستىدە گاراڭلا بولۇپ قېلىشتى.

— ھەي-ھەي كۆك شاپتۇل، كۆك شاپتۇل، بىر جام سۈيى بار كۆك شاپتۇل...

— مىياڭسال ①، سېرىق مىياڭسال، شۆپتىكىنى ئال، ئېتىنى ئاغزىڭغا سال، تامىقىڭنى يارىدۇ، خۇددى ھەسەل-بال...

— ھەي يېمىش جىگدە، نان جىگدە، قىز-چوكاننىڭ بويىندىكى مارجانمۇ، ئۆز ئاچاڭنىڭ مەيدىسىدىكى كەھرىۋامۇ...

بىردىنلا ئالمان ئارىسىدا قۇيماقتەك قورۇلغان يۈزىنى چىگىچ ساقال باسقان جارچى قۇلىقىنى تۇتۇپ، ئاسمانغا قاراپ جار سالدى:

— ئەيھانناس، ئىشتىڭلارمۇ ئامۇ خاس، ھۆسيۈن قارى كېرىم پاشا غازىنىڭ سول قۇلىقى كېسىلگەن، بىر كۆزىدە ئېقى بار بوز ھاڭگىسى ئۇلاق بازىرىدىن يوقالدى. خەبەر قىلغۇچىلارغا بىر چارەك بۇغداي، ئىششەك قوناق، نىمشەك ئارپا، ئىككى قىر خام سۆيۈنچىسى باردۇر!

جەۋلان شاۋقۇن-سۈرەنلىك ئالىمانغا، مەمۇرىچىلىق تۆكۈلگەن بازارغا قاراپ، ئۆزىنى باشقىلا بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. چۈنكى بۇ چاغلار مەملىكەت

① مىياڭسال — شاپتۇلنىڭ بىر تۈرى.

نويىچە يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك ئەڭ قىس بولۋاتقان قىيىنچىلىق يىللار ئىدى. لېكىن قۇمچاقارلىقلار بىلەن ئەللىئاباد گويا بۇ چەكسىز دۇنيادا مۇشۇ ئالقاندەك بازاردىن باشقا تىرىكلىك يوقتەك خىرامان ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئەمما ماتا يەكتەك، بۆز كۆڭلەك، يىرتىق چاپانلار سۈرەن سېلىشقان بۇ كالتە بازاردا خۇددى كونا پۇرۇچ لاتىلار ئىچىدە تاۋار پارچىسى يالتىرىغاندەك قىز-چوكانلار ئالاھىدە كۆزگە چېلىقاتتى. ماڭلاي، سېكىلەكلىرى ياراشقان، ئۇششاق ئۆرۈلگەن چاچلىرىغا ئاق تەڭگىلەر ئېسىلغان، قايرىلما قاشلىرى، ئوسما سۈيىدە چېكىلگەن مەڭلىرى ئاپتاپتا كۆيگەن قىزىل يۈزلەرگە قوشلاپ ھۆسن قوشقان ھەرخىل چىت كۆڭلەكلەر، ئۇششۇقلىرىغىچە كەڭ قىزىل-يېشىل تاۋار ئىشتانلارنى كىيگەن قىزلار قول تۇتۇشۇپ رەستىنى بىر ئالغان ھالدا بازار ئارىلايتتى. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىدە بىر سېھرىي كۈچ يېلىنجاپ، يۈرەكلەرگە خەنجەردەك قادىلاتتى.

بازارنىڭ ئىككى تەرىپى پاكار ۋەدىكلىك ئۆيلەر بولۇپ، ئارقا تەرىپىدە قۇمۇش قاپلاپ كەتكەن قۇم دۆڭلۈكلىرى بار ئىدى. كادىرلار بىر ئاز ئارام ئېلىش ئۈچۈن ئۆيلەر ئارىلىقىدىكى تارچۇق بىلەن ئارقىغا ئۆتتى. ۋەدىكلىك ئۆيلەر دالدىسىدىكى قۇملۇقتا توپ-توپ ئادەملەر ھېچنېمىنى سەزمەي قىزىرىپ كەتكەن مەيدىلىرىگە، نىزلىرىغا قارىسىلدىتىپ ئۇرۇپ قىمار ئويناۋاتاتتى. ئۇ ئارىلىقتا كىمدۇر بىرى بارى نىياز ۋە كادىرلارنى كۆرۈپ قالدى بولغاي، بىرلا ۋارقىراش بىلەن قىمارۋازلار ئۇششۇقلىرىنى تاشلاپ قېچىپ كېتىشتى. ئەيسايۇپ بارى نىيازغا قارىدى، بارى نىياز يەرگە قارىدى...

— بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئوقۇتقۇچىلار، — دېدى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ياش كاتىپى يەردىكى پۇل ۋە ئۇششۇقلارنى تېرىۋېتىپ، — بارى نىياز بۇلارغا يىغىن ئېچىپ، تەربىيە بېرىپ، تەنقىدلەپ نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدى. لېكىن بۇلار يەنىلا شۇ...

— بارى نىياز، — ئەيسايۇپنىڭ چىرايى غۇژژىدە تۇرۇلدى، — قۇمچاقار، ئەللىئاباد تىكى ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى يېزىلىق ھۆكۈمەتكە يىغىپ كۇرس ئاچىمىز، بۇنىڭغا مەن مەسئۇل.

— بولىدۇ، كاتىپ دەرھال ئۇقتۇرۇش چۈشۈرۈۋەتسۇن.

— بۇ قېتىم، — دېدى ئەيسايۇپ كەسكىن ھالدا، — ئۆستۈرىدىغاننى ئۆستۈرىمىز، جازالايدىغاننى جازالايمىز، قالدۇرىدىغاننى قالدۇرىمىز. ئاڭلىسام باللارنى ئۇرۇپ مېيىپ قىلىپ قويغان ئوقۇتقۇچىلارمۇ باركەن...

— شۇنداق، قۇلاققا ئۇرۇپ پاڭ بولۇپ قالغان، ئالقىنىغا تاياق بىلەن قاتتىق ئۇرۇۋېتىپ جاراھىتى يىرىڭداپ قولى تۇتماس بولۇپ قالغانلارمۇ بار...

كادىرلار ۋەدىكلىك ئۆيلەرنىڭ ئارقىسىدىن ئايلىنىپ كاۋا بازىرىغا چىقتى. قاتارىسىغا ئۇلتۇرۇپ كەتكەن كاۋا ساتقۇچىلار پىشۇرۇلغان كاۋىلارنى ئەمبەل تاختىدا كېسىپ خېرىدارلارغا سۇناتتى. خېرىدارلارمۇ «ماڭا بىر شاپاق، يوغانراق كەسسىلە» دېيىشىپ شۇ يەردىلا زوڭزىيىپ پىچاقلىرىدا، كاۋا شاپاقلىرىدا ئويۇپ يەيتتى. ئىچىگە كەپتەر باچكىسى سېلىپ تونۇردا دۇملىنگەن، ئۈزۈم شەربىتىدە پىشۇرۇلغان قوڭۇر رەڭلىك كاۋىلارنىڭ مەززىلىك ھىدى دىماقلارنى ياراتتى.

جەۋلان كىچىك ۋاقتىدىكى ئاغىنىلىرى بىلەن تونۇر بېشىدا جىنلارنىڭ چۆچەكلىرىنى سۆزلەپ، كاۋىنىڭ ھىدى كېلىشى بىلەن بۆلۈشۈپ يېگەن چاغلىرى ئېسىگە كېلىپ

تامىقنى تامشىپ قويدى. بۇنى سېزىپ قالغان ئەيسايۇپ ئۇنىڭ دولىسىغا بىر شاپىلاق ئۇرۇپ:

— ھە شاماللىق، كاۋا يېگۈڭ بارمۇ-نېمە؟ — دېدى.

كادىرلار ئۇلاق بازىرىنى ۋە ئىت تالاشتۇرۇش سورۇنلىرىنى كۆرۈپ قايتىپ كەلگىنىدە چوڭ ئىشخانىدىكى ئۇستەللەردە پىشۇرۇلغان ھەرخىل كاۋىلار، كۆك شاپتۇل، مىياڭسال، يېمىش جىگدە، قوغۇن-تاۋۇزلار تىزىلىپ كەتكەنىدى...

ئەتىسى ئەتىگەندە يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىشخانىسىدا كادىرلارنىڭ باش قوشقان دوكلات يىغىنى ئېچىلدى. بارى نىياز ئەلئاباد، قۇمچاقار يېزىلىرىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات بەردى. ئەيسايۇپ خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئىشلەشكە تېگىشلىك خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كادىرلار ھەر قايسى كەنتلەرگە تەقسىم قىلىندى. جەۋلان ئەلئاباد «قۇمتام» كەنتىگە بەلگىلەندى.

* * *

بىر كۈن كەچكىچە يەر-زېمىننى قىزدۇرغان قۇياش هاردۇق يەتكەندەك چەكسىز قۇم دېڭىزىغا ئاستا قىڭغايماقتا. قۇم بارخانلىرىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان قىزىق شامال يۈزلەرنى كۆيدۈرۈپ تۇراتتى.

قۇمچاقار بىلەن ئەلئابادنى سۇسىز دەريا ئايرىپ تۇرىدۇ. دەريانىڭ قۇملۇق تاراملىرىغا چۈشكەن ئات-ئۇلاغ، ئادەم ئىزلىرى ھاسىل قىلغان چىغىر يوللار خۇددى ئېغىر مېھنەت سەندىلىدە يانچىلغان مومايىنىڭ يۈزلىرىدىكى قورۇقلاردەك گىرەلىشىپ ئىككى يېزىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ.

كۆرپە سىلىپ، چىرايلىق جابدۇلغان ئېشەكنى مىنگەن جەۋلاننىڭ بۇ قۇرۇق دەريانى كېسىپ ماڭغىنىغا يېرىم سائەتتىن ئاشتى. زاك ئېشەك بەزىدە پۇتلىشىپ، بەزىدە يەر پۇراپ ئاستا كېتىۋاتاتتى. لېكىن ئېشەك يېتىلەپ كېلىۋاتقان گاچا تولىمۇ ھوشىيار، چىچەنىدى. ئۇ ئېشەكنى سۇ ئويۇپ كەتكەن كاتاڭلاردىن بىر ئەپلىك ئۆتكۈزەتتى. جەۋلان ئېشەكتىن سەكرەپ چۈشۈۋالدى. گاچا نېمىلەرنىدۇر دەپ ئۇنى مىنىۋېلىشقا زورلىدى.

ئېشەكنىڭ سالپاڭ قۇلاقلىرىدىن، سىلىق بويۇنلىرىدىن ئۆتكۈر ھىدلىق ئاچچىق تەر ئاققانىدى. ئۇلار ئەلئابادنىڭ قۇم توپىلىق قىرىغا چىقتى. جەۋلان بۇ كەڭرى، لېكىن سۇسىز دەرياغا قارىدى. گاچا ئۇنىڭ نېمە ئويلاۋاتقىنىنى بىلگەندەك، سۇنىڭ شارقىرىشىنى، كۆپۈلكىنى، دەريادىن قانداق ئۆتىدىغانلىقىنى ئاغزىدا نېمىدۇر پۈدىگەندەك قوللىرىدا، كۆزلىرىدە، غەيرىي ئاۋازلاردا ئىما-ئىشارىلەرنى قىلدى. جەۋلان كۈلۈپ كەتتى. چۈنكى ئۇ كەلگەن كۈنى كەلگەندە تولۇم بىلەن ئۆتىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى.

كۈن ئولتۇرۇش بىلەن قاغا جىگدە، يېمىش جىگدىلىرى يېپقا تىزىلغان مەرۋايىتتەك قىزغۇچ، ساپسېرىق تاۋلىنىپ ساڭگىلىشىپ تۇرغان قۇم توپىلىق كوچىلاردىن ئۆتۈپ «قۇمتام» كەنت تەشكىلىگە يېتىپ كېلىشتى. گاچا ئېشەكنى يېتىلەپ ئېغىلغا كىرىپ كېتىشى بىلەن جەۋلان سومكىسىنى تۇتقىنىچە ئالدىدىكى ئاقارتىلمىغان لاي سۇۋاق ئۆيلەرگە، كونا كەپىدە قىڭغىيىپ تۇرغان ئۈزۈم بارىڭىغا قارىدى. ياخشى تارىلىپ باراڭغا ئېلىنمىغان تاللارنىڭ يوغان يوپۇرماقلىرى، كاللەك-كاللەك چوڭ ساپ ئۈزۈملىرى

www.uyghurkitap.com

ئاپئاق توپا ۋە توغ باغلاپ كەتكەن بولۇپ، يامغۇر بىلەن يېغلاپ كۆرۈشكۈدەك ئۇسساپ كەتكەنىدى. بۇ ئەسنادا ئوتتۇرىدىكى ئۆيدىن خام خەسە كۆڭلەك ئۇستىدىن قارا پوتا باغلىغان، چەت-چۆرىسى مايلاشقان شاپاق دوپپىلىق، تەتۈر ئۇستىخان، سارغۇچ چاگگا ساقال، تەمبەل بىر ئادەم چىقىپ كەلدى. ئۇ يوغان قەدەملەر بىلەن يېتىپ كەلدى-دە، جەۋلانغا قول ئۇزاتتى.

— ھارمىغايلا.

— ياخشىدى.

— ئۆزلىرىنى ئىلىپ كېلىش ئۈچۈن ئەخمەت گاچىنى ئۇلاغ بىلەن ئەتىگەنلا يولغا سېلىۋېدىم... شۇڭا ئەنسىرەپ سايىتتىن ① بارى نىياز شۇجىغا تېلېفون سوقتۇم. رەنجىمەيلا خالىزىم بولۇپ ئالدىلىرىغا چىقالماپتىمەن.

— ئۇنداقتا ئۆزلىرى كەنت باشلىقى ئىگەمبەردى بولىدىكەنلا-دە.

— خوش.

جەۋلان ئىگەمبەردىنىڭ گىدىيىپ تۇرغان يوغان گەۋدىسىگە، تۈكلۈك قوللىرىغا، ساپسېرىق يۇزىدىكى چوڭ بۇرنىغا، بولۇپمۇ قىزىرىپ پارقىراپ تۇرغان بۇرنىنىڭ ئۇچىدىكى ئۇششاق مۇدۇرچاقلارغا قارىغىنىچە بۇ ئادەمنىڭ ئوقۇرىنىڭ خېلىلا ئېگىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

— ئەخمەت، ھەي گاچا... — ئىگەمبەردى ئېغىلدا كىمدۇر بىرى بىلەن قول ئىشارىتى بىلەن قىزغىن گەپلىشىۋاتقان ئەخمەتنى چاقىردى. ئەخمەت يۈگرەپ كەلدى-دە، جەۋلاننى كۆرسىتىپ، قورسىقىنى، ئاغزىنى ئىشارەت قىلىپ بىر نېمىلەرنى دېدى.

— بىلىمەن، خەتمىدە بار، — دېدى كەنت باشلىقى قاپىقىنى تۈرۈپ ۋە جەۋلانغا بۇرۇلۇپ، — ئۆزلەنىڭ تاماق، ياتاق ئىشلىرىنى ھازىرچە باشلانغۇچ مەكتەپكە ئورۇنلاشتۇردۇق. تەشكىلدىكى ئىشخانىنى سوۋاپ بولغىچە شۇ يەردە يېتىپ-قوپۇتلا.

ئىگەمبەردى جەۋلاننى كەنت تەشكىلى ئارقىسىدىكى ئېتىز قىرلىرى، چىغىر يوللار بىلەن ئەتراپى شاپتۇل، ئامۇت، جىگدىلەر بىلەن قورشالغان دەرۋازىسىمۇ يوق، ئاق توپىلاق ھويلىغا باشلاپ كىردى. دېرىزىلىرىدىن سارغىيىپ كەتكەن خام قەغەزلەر ساڭگىلاپ تۇرغان بىرنەچچە ئېغىز لاي سوۋاق كونا ئۆيلەر ۋە ھويلا ئوتتۇرىسىدا قىڭغىيىپ قالغان يالغۇز گار چوقچىيىپ تۇراتتى.

— مۇئەللىم، ھاي نۇر سېيىت مۇئەللىم، — ئىگەمبەردى ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى بوراندا قالغان لەگلەكنىڭ دارقىراتمىسىدەك غەلىتە چىقاتتى.

قوش قاناتلىق ئىشىك ئېچىلىپ، ئورۇق، ئېگىز بويلۇق ئەللىك ياشلار ئەتراپىدىكى تاتىراڭغۇ بىر ئادەم چىقىپ كەلدى. ئۇ ئېگىلىپ سالاملاشقاندىن كېيىن ئۇلارنى ئۆيگە باشلىدى. لېكىن ئىگەمبەردى ئىشى بارلىقىنى ئېيتىپ ئۆزۈر سورىدى ۋە تاماقتىن كېيىن جەۋلاننى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشنى تاپىلاپ كېتىپ قالدى.

— قېنى تۆرگە چىقسىلا، — دېدى نۇر سېيىت ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن سۇپىدىكى قۇراق كۆرپىنى كۆرسىتىپ. مۇئەللىم كېگىزدە، جەۋلان كۆرپىدە خۇددى ئېتىكاپتا ئولتۇرغاندەك يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشتى. جەۋلان ئولتۇرا-ئولتۇرمايلا پۇتلىرىنىڭ زىڭىلداپ

① ساي — ھازىرلا، ھېلىلا.

ئاغرىشىغا چىدىيالماي ئانچە-مۇنچە قىمشىپ قويدى. بۇ ئەسنادا ئىچكەركى ئۆيدىن 16-17 ياشلار چامىسىدىكى ئورۇق، چىرايى يېڭى ئېچىلغان پاختا غوزىسىدەك ئاق، مەڭزى ۋە لەۋلىرى قانسىز بىر قىز چىقىپ چوڭقۇر تەزىم قىلغاندىن كېيىن تەڭلىمات ئۈستىگىلا تالىما داستىخاننى يايدى. مۇئەللىم شاپ بول، دېگەندەك قىزغا بىر ئالايدى. قىز ئۇنىڭ قېلىن سۇپۇرگە قاشلىرى ئاستىدىكى ئورا كۆزلىرىگە قاراپ، ئەندىككەندەك ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كېتىپ لىگەندە ئىككى قاچا تاماق ئېلىپ چىقتى. جامنى ① مۇئەللىمنىڭ ئالدىغا، ئاياق ② نى جەۋلاننىڭ ئالدىغا قويدى. نۇر سېيىت ئالسىلا، دېگەن ئىشارىدە ئىككى ئالقىنىنى يايدى. جەۋلان ياغاچ قوشۇق بىلەن كۆمۈلەك ③ نى پۈۋلەپ ئىچىشكە باشلىدى. لېكىن قىز تۆۋەندە قول قوشتۇرۇپ تۇراتتى.

— قېنى قىزلىرىمۇ كەلسۇن، — دېدى جەۋلان نۇر سېيىتكە قاراپ.

قىز بىردىنلا ئۆزىنىڭ چىت كۆڭلىكىدەك قىزىرىپ كەتتى. مۇئەللىم بولسا قوشۇقنى جام قىرىغا يۆلەپ، چار تۆكلەر قاپلاپ كەتكەن ئاغزىنى ئالدىرىماي ئېرىتىپ غەلتە ھىجايدى:

— ئۇ... ئۇ مېنىڭ خوتۇنۇم بولىدۇ...

— خوتۇنۇم؟

ئالە شەرىڭنى موللا قارى، جەۋلان ئۆزىگە-ئۆزى كايىدى، — ساڭا كىم قويۇپتۇ ئاتىكاچىلىقنى، كۆمۈلىكىڭنى خولوپلىتىپ ئىچىۋەرسەڭچۇ، — دېدى ئۇ ئىچىدە. يەنە بىر تەرەپتىن، — ماۋۇ چاۋاش قېرىنىڭ ئۇيالماي، قىزارماي نەۋرىسىدەك بىر قىزنى خوتۇنۇم، دەۋاتقىنىغا ئەقلى يەتمەيتتى.

جەۋلان تاماق يېيىلىپ بولغىچە زۇۋان سۈرمىدى. نۇر سېيىت جامنى كۆتۈرۈپ كۆمۈلەكنىڭ ئۇماچتەك قويۇق سۈيىنى كارنىيىغا قويۇۋەتكەندىن كېيىن، ياغاچ قوشۇقنى جام ئىچىدە ئايلاندۇرۇپ جامنى پاكىزلىدى، قوشۇقنى يالىدى. شۇندىن كېيىنلا ئۇ قېلىن قاشلىرىنى كۆتۈرۈپ پىلدىرلاپ تۇرغان كۆز قارىچۇقلىرىنى جەۋلانغا تىكتى.

— ياتاق ئۆيىنى كۆرۈپ باقامىلىكىن؟

— بولىدۇ، — دېدى جەۋلان پوشكالدەك پۈكۈلۈپ ئولتۇرۇشتىن ئازاد بولىدىغىنىغا خۇش بولۇپ.

نۇر سېيىت جەۋلاننى باشلاپ مەكتەپ ھويلىسىنى توغرا كېسىپ سىنىپ قاتارلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى ئامۇت، جىگدە، ئۆرۈك كۆچەتلىرى بۆككىدە قاپلاپ تۇرغان كىچىك ئۆيگە باشلاپ كىردى. ئۇنىڭ ئايالى بۇلۇڭدا قويۇلغان كارىۋاتنى سۈپۈرۈپ، تازىلاپ جەۋلانغا تەييارلاۋاتاتتى. بۇ ئۆي ئەسلىدە مەكتەپنىڭ مۈلۈك ئامبىرى بولسا كېرەك، ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا سۇنۇق پارتا، كونا دوسكا ۋە بىرنەچچە ئەبجەق ئورۇندۇقلار دۆۋىلىۋېتىلگەنىدى.

— مەكتىپىمىزدە ئۆي كەمچىل، — دېدى نۇر سېيىت چارلىشىپ كەتكەن ئۈسكىلەڭ ساقىلىنى سىلاپ، — بىرىنچى سىنىپتىن بىرى بار، يەنە بىر سىنىپ قوشما تەلىم سىنىپى.

— قوشما تەلىم؟

---

① جام — ئاپقۇر چىنىگە ئوخشايدىغان ياغاچ قاچا. ② ئاياق — ياپىلاق، پەس قىرلىق ياغاچ قاچا. ③ كۆمۈلەك — قوناق خېمىرىدا قىلىنىدىغان تاماق.

www.uyghurkitap.com



— شۇنداق، 13 بالا ئىككىنچى سىنىپ، 9 بالا ئۈچىنچى سىنىپ، بىرلا ۋاقىتتا ئىككى خىل تەييارلىق دەرس ئۆتۈلىدۇ. يەنە بىر خانىم بار. بىرىنچى سىنىپقا مەسئۇل. ئىككىمىز ئەتىگەندە ئىككى سائەت بالا يىغىمىز. ھە مەزلۇم، سەن نېمىگە ھاڭقىيىپ تۇرىسەن، چىقىپ كەت. كۈنىگە بەش سائەت مەشغۇلاتىمىز بار. ھەپتىدە ئىككى نۆۋەت كەنت ۋە كىچىك ئەترەتلەرگە ئەمگەككە بارىمىز. دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا ئوغۇت توپلايمىز...

جەۋلان نۇر سىپىتنىڭ «دوكلات» نى ئاخىرىغىچە ئاڭلىغانمۇ بولاتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئايالىغا بولغان قوپاللىقى سەپرايىنى ئۆرلىتىپ قويدى. ئۇ كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى ۋە ھېچقانداق مۇناسىۋەتسىز بىر سوئالنى سورىدى:

— نەچچە ياشقا كىردىلە؟

— ئەللىك ياشقا!...

— باللىرى يوقمۇ؟

— ھې ھې ھې... 9 خوتۇن ئالدىم، بالا يۈزى كۆرمىدىم، خۇدايىم مېنى بالىدىن ئېيتىمىغان ئوخشايدۇ...

بىردىنلا قاپاقلىرى تۈرۈلگەن جەۋلاننىڭ نەشتەردەك قادالغان كۆزلىرىنى كۆرۈپ ئوڭايسىزلانغان نۇر سىپىت ھىجىيىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

— ھايۋان، — دېدى جەۋلان نۇر سىپىتنىڭ ئارقىسىدىن، — نومۇس قىلماي 9 خوتۇن ئالدىم دەۋاتقىنىنى...

جەۋلان پۇت-قوللىرىنى يۆيۈپ كارىۋاتقا يانپاشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ خېلىلا چارچاپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى.

* * *

كەنت باشلىقى ئىگەمبەردى تېكە، قۇمتام كەنتىنىڭ ئىسمى-جىسمىغا لايىق تېكىسى ئىدى. ئۇ 47-48 ياشلاردا بولۇپ، كۆزلىرىدىن شەھۋەت ئۇچقۇنلىرى، يوغان گەۋدىسىدىن، گەپ-سۆزلىرىدىن قوپاللىق، قارامىلىق، مەنمەنلىك چىقىپ تۇرىدىغان ئادەم ئىدى. بولۇپمۇ كەنتنىڭ ياشانغان شۇجىسى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان ئىككى يىلدىن بېرى قۇمتامنى ئالقىنىدىكى ياڭاقتەك ئوينىتىۋاتاتتى. لېكىن ئۇ ئۈچ كۈندىن بېرى ئېچىلىۋاتقان يىغىندا ھەربىر سۆزنى مىق قاققاندەك قىلىۋاتقان جەۋلاندىن سەل چۈچۈپ قالدى. خۇددى يېڭى تۇغۇلغان موزاي يولۋاستىن قورقماپتۇ، دېگەندەك جەۋلانمۇ ھېچقانداق ئەندىشە، قورقۇشنى بىلمەي ھۆججەتلەرنى ئوقۇيتتى، چۈشەندۈرەتتى.

— ئەتىدىن باشلاپ خىزمەتنى باشلىۋېتىمىز... — دېدى جەۋلان كىچىك ئەترەت باشلىقلىرى ۋە كەنت ئاكتىپلىرىغا قاراپ، — ئەگەر كىمكى بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش، ئېنىقلاش، بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىگە سەل قاراپ، مەسىلە كۆرۈلسە جاۋابكارلىقنى شۇ كىشى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ...

— ھەر كۈنلۈك خىزمەتنى ھەر كۈنى دوكلات قىلىپ تۇرۇشنى ئۇنتۇمايلى، — دېدى ئىگەمبەردى ئاكتىپلارغا قاراپ، — خىزمەتتە ئالدىراڭغۇلۇق قىلماي، ئېھتىياتچان، سەۋرچان بولغىنىمىز تۈزۈك. قانداق دېدىم كادىرىمىز...

جەۋلان كەچلىك تامىقىنى نۇر سىپىت مۇئەللىمنىڭكىدە يەپ قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن كەنت تەشكىلىگە كۆچۈپ كەلدى. ئۇ دەسلەپكى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىن:

كەنت بوغالتىرىنىڭ بارلىق كىرىم-چىقىم تالۇنلىرىنى، نومۇر ۋە سانى بويىچە ئۆتكۈزۈۋالدى. ئامبار مۈلۈك ھىسابىنىمۇ تەكشۈرۈپ تىزىملىدى. بەش كىشىلىك ئاكتىپلار ھىساب تەكشۈرۈش گۇرۇپپا ھەيئىتىنىمۇ سايلاپ چىقتى.

جەۋلان كەچتە ياتىقىنى بىر قۇر سەرەمجانلاشتۇرۇپ بولۇپ، بوغالتىرنىڭ كىرىم-چىقىم تالۇنلىرىنى ئۈستەلگە يايدى. تالونلارنىڭ ئىچىدە ئاق ھۆججەت ۋە بىر قىسىم گۇمانلىق تالۇنلارمۇ بار ئىدى. ئۇ قايتا ئىنىقلاشقا تىگىشلىك دەپ قارالغان بىر قىسىم ھۆججەت ۋە تالۇنلارنى بىر تەرەپكە ئايرىپ، كىرىم-چىقىمنى سىلىشتۇردى. ياتاق ئىچى ئىنتايىن تىنجىق ئىدى. جەۋلان ھويلىغا قارايدىغان كىچىك بىر پەنجىرىنى ئىچىۋىتىپ ئەمدىلا ئورنىغا كىلىپ ئولتۇرۇشىغا ئىشىك ئىچىلىپ ئىجازەتسىزلا ئەخمەت گاچا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئۆرە تۇرغىنىچە ئىما-ئىشارىلەردە، غەلىتە ئاۋازدا ئىمىلەرنىدۇر ئۇقتۇرماقچى بولاتتى. لىكىن ئۇنىڭ قىشىنى كۆرسىتىپ يىغلىغاندەك قىلىشى، ئىڭىكىنى سىلاپ غەزەپلىنىشى، ھارۋا ھەيدىگەننى دوراپ ئۆزىنىڭ يۈزىگە مۇشت تەگلىشى جەۋلاننى گاڭگىرىتىپلا قويدى. ئەخمەت يىرىم سائەتتەك ئىمىلەرنىدۇر دەپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۆمسۈرۈن چىرايى، غەزەپلىنىشى، ھاياجانلىنىشى جەۋلان ئۈچۈن بىر سىر بولۇپ قالدى. ئۇ: قىشىنى كۆرسىتىپ يىغلىغاندەك قىلىشى ئايالنى كۆرسىتىدۇ، ئىڭىكىنى سىلاپ غەزەپلىنىشى مەلۇم ئەردىن رەنجىگەنلىكى ئىنىق. ئۇنداقتا ھارۋىكەشنى دوراپ يۈزلىرىگە مۇشت تەگلىشى نىمىنى بىلدۈرىدۇ...-دىگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. لىكىن ئۇ ھىچبىر خۇلاسىگە كىلەلمىدى.

كىچە سائەت ئون بىردىن ئىشىپ قالغانىدى. ئەخمەتنىڭ سىرلىق ھەرىكىتىدىن ئويقۇسى قاچقان جەۋلان ھويلىغا چىقتى. سۈتتەك ئايدىڭ ئىدى. تال بوستان ئاستىدا ئالا كۆلەڭگىلەر تىترەيتتى. ئوڭ تەرەپتىكى لاپاسلىق مال ئىغىلى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە بىسىلغان پىچان، قوناق پاسارلىرى قۇم بارخانلىرىدەك چوقچىيىپ تۇراتتى. ھويلا كەڭ، ئازادە بولۇپ سول تەرەپتىكى لايسۇۋاق ئاددىي ئۆيلەر ئالدىدا كونا ساپال، تىرنا، تولۇق تاش ۋە بۇزۇلغان بوغداي تازىلاش شامالدۇرغۇچ ماشىنىسى تۇراتتى.

جەۋلان تەكلىماكان قۇم چۆللۈكىدىن كىلىۋاتقان سالقىن شامالدا راھەتلىنىپ ھويلىلارنى ئايلاندى. ئۇ لايسۇۋاق ۋەدىكلىك ئۆيلەر قاتارىنىڭ ئەڭ چىتىدىكى ئەخمەتنىڭ



قەغەز پەنجىرىلىك ئۆينى تىڭشىدى. ئۇنىڭ بىر خىلدا پۇشۇلدىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، مال ئېغىلى تەرەپكە ماڭدى. لېكىن ئۇ يىراقتىنلا مال ئېغىلىغا يانداپ سېلىنغان دېرىزىسىمۇ، ئادەتتىكى پەنجىرىسىمۇ يوق بىر ئېغىز كىچىك ئۆينىڭ ئۆگزىسىدە بىر قارا كۆلەڭگىنىڭ تىمىسقىلاپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ قالدى. قارا كۆلەڭگە بىردە دوڭغىياتتى، بىردە ئەتراپىغا قارايتتى. جەۋلان تام ياقىلاپ كېلىپ «كىم سەن» دەپ ۋارقىرىۋىدى، ھېلىقى كۆلەڭگە پالاق-پۇلۇق قىلىپ ئورنىدىن تۇردى-دە، كوچىغا گۈپپىدە سەكرەپ چۈشۈپ كەتتى. كۆڭلىدە سىرلىق بىر تۈگۈن چىگىلىپ قالغان جەۋلان ئەتىسى بۇ ئىشنى كەنت باشلىقى ئىگەمبەردىگە سۆزلەپ بەردى.

— بۇ... بۇ بەلكىم، — دېدى ئىگەمبەردى تەمتىرەپ، — ئۇلاغلىرىغا پىچان ياكى پاسار ئوغرىلىغىلى كەلگەنلەردۇر...

— پىچان بىلەن پاسار لاپاستا تۇرسا، كىچىك ئۆينىڭ ئۆگزىسىدە نېمە ئىش قىلىمدۇ؟ ئۇ نېمە ئۆي؟

— ئات-ئۇلاغ، ھا-ھارۋا جابدۇقلىرى قويۇلغان قازناق ئامبار.

ئەخمەتنىڭ ئىما-ئىشارەتلىرى، كېچىدىكى سىرلىق كۆلەڭگە، ئىگەمبەردىنىڭ تاققۇ-تۇققۇ گەپلىرى جەۋلاننىڭ كۆڭلىدىكى چىگىشنى تېخىمۇ چىگىشتۈرۈۋەتتى. ئۇ ئەخمەت بىلەن پاراڭلىشىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى، لېكىن ئاكتىپلار بىلەن كەنت، مەھەللىلەرگە بېرىپ، يىغىن ئېچىپ، پىكىر ئېلىش، ھېساب تەكشۈرۈش، ئامبار مۈلكىنى قايتا ئېنىقلاش ئالدىراشچىلىقىدا بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى.

جەۋلان بۈگۈن ئەتىگەن ئەخمەت توقۇپ تەييارلاپ قويغان ئات بىلەن قومچاقارغا بېرىپ ئەيسايۇپقا ئىشلىگەن خىزمەتلىرىدىن دوكلات قىلدى ۋە ئۇنىڭ يوليورۇقلىرىنى ئاڭلاپ كەچكە يېقىن قايتىپ كەلدى. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپلا ھويلىغا قارىدى. لېكىن ئەخمەت كۆرۈنمىگەندىن كېيىن ئاتنى يېتىلەپ ئېغىلغا مېڭىشىغا، يىراقتىنلا ئېغىل ئالدىدا بىر ئايالنى كۆرۈپ قالدى. ئايال ئېغىل تەرەپكە قاراپ جادۇدا بېدە توغراۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ بوينىغا چۈشۈپ تۇرغان قىرقىم چاچلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ يەردە ھەرگىز ئاياللار چاچ كەسمەيتتى. ھەتتا كىچىك قىزلارمۇ ئۇزۇن چاچ قويۇپ ئۇششاق ئۆرۈۋالاتتى.

جەۋلان ئاتنى يېتىلەپ ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىدە توختىدى، لېكىن ئايال تۇيماي جادۇنى باساتتى ۋە يەنە پىچاننى تۇتاملاپ جادۇ بېشىغا توغرىلايتتى.

— ئەخمەت نەگە كەتتى؟

چۆچۈپ كەتكەن قىز شارتلا بۇرۇلۇپ جەۋلانغا تىكىلدى. ئۇنىڭ ئاپتاپتا كۆيگەن تۇخۇمدەك ئاق يۈزى، پەي قەلەمدە تارتىلغاندەك قاپ-قارا تۈز قاشلىرى، سۈزۈك پېشانىسى مۇنچاق-مۇنچاق تەرلەپ كەتكەن بولۇپ، سەل قىيپاش چوڭ كۆزلىرى ھۈركىگەن قۇشتەك چەكچىيىپ تۇراتتى. قىز قەددىنى رۇسلىشى بىلەن ئۇنىڭ زىلۋا قەددىگە يۇقۇشماي سېلىنىپ تۇرغان كەڭ چىت كۆڭلىكى دومبىيىپ قورسىقىنىڭ يوغىناپ قالغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. جەۋلان ئۇنىڭ ئۆزگىچە گۈزەللىكىگە قاراپ ئۇيغۇر قىزى ئەمەسلىكىگە كۆزى يەتتى. توۋا، دېدى ئۇ ئىچىدە، — تەكلىماكان ئىچكىرىسىدە نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ بۇ، قانداق بولۇپ ئېزىپ-تېزىپ كېلىپ قالغاندۇ؟

— پەرەز قىلىشىمچە سىز خەنزۇ قىزىغۇ دەيمەن، — دېدى جەۋلان خەنزۇ

تىلدا، — بۇ يەرلەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭىز؟

قىز بىردىنلا لاپاس تۈۋرۈكىنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى. جەۋلان ئۇنىڭ بۇ قوم دېڭىزى ئىچىدىكى ئالقاندەك يېشىللىقتا تۇنجى قېتىم ئۆز ئانا تىلىنى ئاڭلىغاندا تەسىرلىنىپ كۆڭلى بۇزۇلۇۋاتامدۇ ياكى ئىچىگە تولۇپ كەتكەن دەرد-ھەسرەتلىرىگە يىغلاۋاتامدۇ؟

— بولدى يىغلىماڭ، قانداق گېپىڭىز بولسا ماڭا قىلىڭ...

— مەن سىزدىن خۇش بولۇپ كېتەي، — قىز بىردىنلا جەۋلاننىڭ ئالدىدا تىزلاندى، — مەن سىزنى بىلمەن، سىز يۇقىرىدىن كەلگەن كادىر... سىز رەھىم قىلىپ، كامىلنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ... ئۇ... ياخشى ئادەم!

— كامىل دېگەن كىم؟

— ئۇ... كەنت تەشكىلىنىڭ ھارۋىسىنى ھەيدەيدىغان ھارۋىكەش.

— جورۇڭ، ئىشخانىغا كىرىپ سۆزلىشەيلى!

— ياق... ياق... كەنت باشلىقى كۆرۈپ قالسا...

— كەنت باشلىقى؟ — جەۋلان تېڭىرقاپ قالدى، — قورقماڭ مەن بار...

— لېكىن سىز بەربىر كېتىسىز...

قاياقتىندۇر يۈگرەپ ھاسىراپ يېتىپ كەلگەن ئەخمەت قىزغا نېمىلەرنىدۇر ئىشارەت قىلىپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى.. باشمالتىقنى چىقىرىپ جەۋلاننى كۆرسەتتى ۋە قورقمايدۇ، چوڭ كادىر دېگەنلەرنى ئىشارە قىلىپ قىزنى يۇمشىتىپ قويدى.

— ئەمسە مەن ئاتالارغا بوغۇز بېرىۋېتەي.

قىز لاپاس تۈۋرۈكىگە ئېسىپ قويۇلغان ئاق قوزا تېرىسىدىن تىكىلگەن تىك قاسقانلىق تەلپەكنى بېشىغا چۆكۈرۈپ كىيدى. تەلپەك ئۇنىڭ تۇخۇمدەك سۇزۇنچاق يۈزىگە شۇنداق يارىشىپ كەتتىكى، ئۇماق بالىلارغىلا ئوخشاپ قالدى.

— بۇ تەلپەك سىزگە بەك ياراشتى، — دېدى جەۋلان كۈلۈپ.

— ئىچ ئات ناھايىتى شاش، كامىل بىلەن ئەخمەتتىن باشقا ئادەمنى يېنىغا يولاتمايدۇ، — دېدى قىز چېكە چاچلىرىنى تەلپەك ئاستىغا قىستۇرۇۋېتىپ، — كامىل بۇنى كىيىۋالسىڭىز سىزنى تونۇيدۇ دېگەنىدى. راستتىنلا بۇنى كىيسەم ئات كامىلنىڭ ھىدىنى ھىدلىغاندەك ماڭا ئەركىلەپ يۈزۈمگە تۇمشۇقىنى سۈۋاپ كېتىدۇ.

قىز توغرالغان پىچانىنى تاسقاش ئۈچۈن ئەمدىلا غەلۋىرنى قولىغا ئېلىشىغا ئاتنى باغلىۋېتىپ كەلگەن ئەخمەت ئۇنىڭ بېشىدىكى تەلپىكى بىلەن غەلۋىرنى تارتىۋالدى ۋە سەن كېتىۋەر، دېگەندەك ئىشارە قىلىپ ئۇنى ئېتتەردى.

جەۋلان قىزنى ئىشخانىغا باشلاپ كىردى. قىز قورۇنۇپقىنا ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. جەۋلان چايداندىن قىزىق چاي قۇيۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى.

— ئىسمىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىدى جەۋلان يەرگە بېقىپ تۇرغان قىزغا قاراپ.

— لەيلى...

— لەيلى؟ — جەۋلان كۈلۈۋەتتى، — قانداق قىلىپ لەيلى بولۇپ قالدىڭىز؟ ئەسلى ئىسمىڭىزنى سوراۋاتىمەن...

— ئەسلى ئىسمىم لى لەيخۇا، يۇرتۇمدا مېنى لەيخۇا دەپ چاقىراتتى. لەيلى دېگەن ئىسىمنى كامىل قويۇپ قويغان. بۇ ئىسىم ئۆزۈمگىمۇ ياقىدۇ.

— مۇنداق دەڭ، نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟

— ئون سەككىزگە.

— قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟ ماڭا تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىڭ. لەيلى جىمىپ كەتتى. ئۇ كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى كۆڭلىكىنىڭ كەڭ يەڭلىرىگە سۈرتكەچ يەرگە بېقىپ ئاستا سۆزلىدى.

— بىزنىڭ ئائىلىمىز ئەسلىدىمۇ غورىگىل ياشاپ كەلگەن ئائىلىلەردىن ئىدى. ئانام بىلەن دادام سەھەر قوپۇپ، كەچ يېتىپ ئەترەتتە ئىشلەپ، بىز تۆت بالىنى باقاتتى، مەن بالىلارنىڭ چوڭى ئىدىم. يىلدىن-يىلغا گەدىنىمىزگە ئارتىلىۋەرگەن قەرز دادامنى سەپرا مىجەز قىلىۋەتتى. ئۇ ھەدېسىلا ئۇكىلىرىم بىلەن مېنى يەپ تويماس ئوپقانلار، بۆرە كۈچۈكلىرى، دەپ تىللايتتى، ئۇراتتى ۋە ھېچبىر سەۋەبسىزلا ئانامنىڭ چېچىدىن تۇتاملاپ تاملارغا ئۇستۇرەتتى. مەن ئاتا-ئانامنىڭ ئازراق بولسىمۇ يۈكىنى يېنىكلىتەرمەن دېگەن ئويدا مەكتەپتىن چىقىپ كەتتىم. شۇنداقتىمۇ كۈنلەپ ئاچ دېگۈدەك يۈرەتتۇق. بەزىدە ئىنىم بىلەن تاغقا چىقىپ ياۋا كۆكتات تېرىپ يەيتتۇق. لېكىن بۇلتۇر ئاپەت ئىنتايىن ئېغىر بولدى. ئادەملەر تاغدىكى ياۋا كۆكتات تۇرماق ئۆملەيدىغانلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسنى يەپ تۈگەتتى. بىزنىڭ ئائىلىمىزمۇ چىداشلىق بېرەلمىدى. ئانام ئالتە جاننىڭ نەچچە ۋاقلىق تامىقىغا چىقىش قىلالمايدىغان بىر ئايلىق نورما ئاشنى ئەترەتتىن ئەكىلىپ ئۇنىڭغا قوناق پوگىنى، تاتلىق ياغىيۇنىڭ پىلەكلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئاران ئون كۈنگە يەتكۈزدى. بىر كۈنى ئانام تاغقا ياۋا كۆكتات كولىغىلى كەتكەندە دادام ئۇكام بىلەن ئىككىمىزنىڭ قولىغا سېۋەت تۇتقۇزۇپ تىلەمچىلىك قىلىشقا قىستىدى. بىز ئۇنىمساق، ئۇ تاياق بىلەن ئىككىمىزنى سەپ كەتتى. ئۇكام ئىككىمىز قورققىنىمىزدىن سېۋەتنى ئېلىپ كىشىلەرنىڭ بوسۇغىلىرىغا پېشانىمىزنى ئۇرۇپ دوقۇرۇپ يۈردۇق. لېكىن بۇ ئاپەتلىك يىللاردا ناھىيىمىزدىن باشلاپ كەنتلەرگىچە كىشىلەر ئۆيلىرىنى تاشلاپ چەت ياقا يۇرتلارغا سەرسان بولۇپ چىقىپ كېتىۋاتقان چاغلار ئىدى. بىزگە ئاشقان-تاشقان يوندىلىرىنى بېرىدىغان كىم بار دەيسىز. شۇنداق قىلىپ، بىز ئالتە جان بەش كۈن ئاچ قالدۇق. ئانام بىلەن ئىككىمىز نومۇسنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ ئەترەتكە كېلەر ئايلىق نورمىنى ئالغىلى كەلدۇق. ئەترەت باشلىقى: «ھەممە خەق ياقا يۇرتقا چىقىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ يەردە ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياتامسىلە؟ سىلەرمۇ جېنىڭلارنى جان ئەتساڭلار بولمامدۇ، ئەمدى ئامباردىمۇ ھېچنېمە قالمىدى. بۇندىن كېيىن كېلىشمە» دەپ ۋارقىراپ كەتتى. ئانام بىلەن ئىككىمىزنىڭ يېرىم خالتا تاتلىق ياغيۇ ئۇنىنى كۆتۈرۈپ كەلگەنلىكىمىزنى كۆرۈپلا، دادامنىڭ كۆزى قىزاردى. ئۇ مېنىڭ ئۆلۈشۈمنى ئۆزۈمگە ئايرىپ بەر، دەپ تۇرىۋالدى. تۆت بالىنىڭ بىر ئايلىق نورمىسىنى قوشقاندا بىر چوڭ ئادەم نورمىسىغىمۇ يەتمەيتتى. شۇڭا ئاپام «بولمايدۇ، ئۆلۈشۈڭنى ئېلىۋالساڭ باللار ئاچلىقتىن ئۆلىدۇ» دېيىشىگە دادام ئانامنى ئۇرۇپ-چەيلەپ يېرىم خالتا ئاشلىقنى تارتىۋالدى ۋە شۇ يەردىلا ئۇنىڭ يېرىمىنى يوغان بىر جاۋۇرغا تۆكۈپ سوغۇق سۇغا چىلاپ خاملا ئىچىۋەتتى.

بىز ئالتە جانغا ئۆلۈمنى كۈتۈپ يېتىشتىن باشقا چارە قالمىدى. ئاچلىقتىن ئىككى ئۇكامنىڭ قوۋۇرغىلىرى چوكىدەك بولۇپ، يىغلىسا ئۈنى چىقمايدىغان، بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ پەقەت سەبىي كۆزلىرىلا ھاياتلىقتىن دېرەك بېرىپ

بىزنى قوتقۇزۇۋېلىڭلارچۇ! دېگەندەك يىلىنىش ئىچىدە پىلدىرلاپ تۇراتتى. ئاچلىق ئۇلارنى ئۈچ كۈن ئىچىدە ئارقا-ئارقىدىن ئېلىپ كەتتى...

لەيلىنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ سۆزلىيەلمەي قالدى. ئۇ ئۇستەلگە بېشىنى قويۇپ بوغۇلۇپ-بوغۇلۇپ يىغلاۋاتتى. يوقسۇزلۇق، ئاچارچىلىقنىڭ دەردى-بالاسىغا بۇنچىلىك يولۇقۇپ باقمىغان جەۋلان لەيلىگە نېمە دەپ تەسەللى بېرىشنى بىلمەي ئېغىر سۈكۈتتە قالغانىدى. لېكىن بۇ چاغدا ئىشخانىغا بىر موماي كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا داستىخانغا ئورالغان بىر تۈگۈچمۇ بار ئىدى.

— ئەسسالام كادىر بالام، هارمىغايلا.

— ياخشىدى، كەلسىلە چوڭ ئانا، بىرەر ئىشلىرى بارمىدى؟ قېنى كارىۋاتقا كەلسىلە.

— ئانا، — لەيلى مومايىنى كارىۋاتقا يۆلەپ ئولتۇرغۇزدى ۋە ياش يۇقى كۆزلىرى بىلەن مومايغا قارىدى-دە، ئۇنىڭ تىزلىرىنى قۇچاقلاپ يەنە يىغلىۋەتتى...

— يىغلىمىسلا بالام، يىغلىمىسلا، ئۇھ ۋاي، — موماي لەيلىنىڭ بېشىنى سىلىدى، — مەن كامىلاخۇننىڭ ئاپىسى بولىمەن غوجام... لەيلىنى مىشەدە دەپ ئاڭلاپ ئۇنىڭغا تاماق ئەكىلىشىم...

موماي تۈگۈچنى يېشىپ ئۇستەلگە بىر كورا چامغۇر سالغان سۇيقاش، كاۋا ئارىلاشتۇرغان بىر دانە زاغرا ۋە مۇشتۇمدەك كۆك شاپتۇلدىن بەشنى قويۇپ قويدى.

— كادىر بالام، ئۆزلىرىمۇ ئېغىز تېگىپ باقسىلا، — موماي لەيلىگە ئىشارە قىلىۋىدى، قىز جەۋلاننىڭ ئالدىدىكى پىيالىنى ئېلىپ چايقىۋېتىپ، سۇيقاشنى قوشۇقتا بۆلدى.

— لەيلى ئۆزى ئىچسىمۇ بولاتتى چوڭ ئانا، مەن تاماق يەۋالغانىدىم.

— ۋاي بالام، كەمبەغەلنىڭ ئېشىنى تېتىپ كۆرسىلە.

— قېنى ئېلىڭ، — دېدى جەۋلان لەيلىگە خەنزۇ تىلىدا، — قورسىقىڭىز ئېچىپ كەتكەندۇ؟

موماي تاماق يېيىلىپ بولغىچە جىم ئولتۇردى. لەيلى قاچىلارنى يۇيۇپ، داستىخانغا ئوراپ چىگىپ بەردى. جەۋلان مومايىنىڭ ئاپئاق ئاقىرىپ كەتكەن مەشۇتتەك چاچلىرىغا، قورۇقلار گىرەلىشىپ كەتكەن يۇملاق يۈزلىرىگە قارىسا، بىردە مومايىنىڭ تىزلىرىغا مۇشتلاپ، ئۇۋۇلاپ ئولتۇرغان لەيلىگە قاراپ هەيران بولاتتى...

— ئەمدى كادىر غوجام، — دېدى موماي يىغلامسىراپ، — بالام كامىلاخۇن شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ... لېكىن مۇشۇ قىزىمنىڭ قورسىقىدىكى نارەسىدە ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇنى ئېلىپ كەتمىسەڭلا... ئۇ... ئۇ... مېنىڭ يالغۇز بالام... قانتىم... ئۇ هەپسىدە يېتىپ قالسا... تىرىك ئۆلگۈنۈم شۇ... ئۇ چاغدا بۇ قىزىمنىڭ قورسىقىدىكى بالىسى بىلەن هالى نېچۇك بولار...

— خاتىرجەم بولسىلا چوڭ ئانا، بىز كامىلاخۇننى ئەكەتمىز دەۋاتقىنىمىز يوققۇ، — دېدى جەۋلان مومايىنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ، — ئىككى ياش بىر-بىرىنى هەقىقىي ياقتۇرۇپ يۈز بەرگەن ئىشلارنى قانۇن توغرا بىر تەرەپ قىلىدۇ.

— ئۆزلىرى شۇنداق دېگەن بىلەن كامىلاخۇننى كۈرەش قىلىپ پاشلىقتا سۈرگۈن قىلىۋەتتى. ئېغىر بوي بولۇپ قالغان لەيلىنى مال ئېغىلىدا ئىشلىتىۋاتىدۇ. لەيلى قىزىم ئېغىرلاشقانسېرى يۈرىكىم سۇ...

www.uyghurkitap.com

— ئۇلارنىڭ تويىنى قىلىشقا ئىش پۈتمىدىمۇ؟
— بوسىغۇ شۇنداق قىلساق تۈز تامىتتى، لېكىن كەنت باشلىقى ئۇنىمايدۇ.
— نېمە ئۈچۈن؟
— قارا نوپۇس، تېگى-تەكتى ئېنىق ئەمەس، بۇ سىياسىي مەسىلە دەپ قوقاق سالىدۇ.

موماي كۆپ يالۋۇرۇپ، يىلىنىپ چىقىپ كەتتى. جەۋلان كەنت باشلىقىنىڭ ئىسمى چىقىشى بىلەن بۇ ئىشنىڭ بىر قەدەر مۇرەككەپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتى، ئۇ شامنى پەرلىۋېتىپ لەيلىگە قېنى ئەمسە سۆزلەڭ، دېگەندەك قاراپ قويدى.

— ئىككى ئۇكام ئۆلۈپ ئۈچىنچى كۈنى دادام ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلىۋالدى— دېدى لەيلى ئېغىر خورسىنىپ، — شۇندىن كېيىن ئىنىم ۋە ئانام ئۈچىمىز دەرياغا بېرىپ سېۋەت بىلەن كىچىك بېلىقلارنى سۈزۈپ پىشۇرۇپ يېدۇق. بەزىدە تەلىيىمىز كەلسە بىرەر تال راكمۇ ئۇچراپ قالاتتى. ھېچنېمە تۇتالمىغاندا بىجىق تېرىپ يەيتتۇق. جان چىقمىسا ئادەم ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان گەپكەن. بىز بىر چىمدىم ئۇن كۆرمەي 40 كۈننى ئۆتكۈزدۇق. بىر كۈنى ئانام ئاغرىپ قالدى. ئۇكام ئىككىمىز دەريا بويىغا كەتتۇق. بىز بىر كۈن كەچكىچە سوغۇق سۇدا تىترەپ يۈرۈپ بەش تال بېلىق تۇتتۇق. شۇ كۈنى خۇشاللىقىمىزنى تىل بىلەن ئىزھار قىلغىلى بولمايتتى. ئىنىم ئىككىمىز يۈگۈرۈشۈپ ئۆيگە كىرگىنىمىزدە ئانام ئاشخانا ئۆينىڭ لىم ياغىچىدا مۇئەللەق ئېسىلىپ تۇراتتى... ئۇ بىزنى يەۋالسۇن دەپ قىسىنىپ ئېلىپ قويغان بىر چوڭ چىنە تاتلىق ياكيۇ ئۇنى بىلەن ئىككى باش سۆگپيازنى ئوچاق ئۈستىگە تىزىپ قويۇپتۇ...

لەيلى ئالقانلىرىدا يۈزىنى ئېتىپ يىغلىۋەتتى. ئۇ دەماللىققا گەپ قىلالماي تېلىقىپ قالدى. جەۋلان ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى.

— شۇندىن كېيىن ئىنىم ئىككىمىز يۇرت ئارىلاپ تىلەمچىلىك قىلىش ئۈچۈن پويىز ئىستانسىسىغا كەلدۇق، — دېدى لەيلى كۆزلىرىنى سۈرتۈپ، — توۋا، دۇنيادىكى ھەممىلا ئادەم تىلەمچى، قەلەندەر بولۇپ كەتكەنمىدۇ، كوچىلاردا جۇلدۇر كىيىنىڭ كىشلەر ماكچايغان قاچىلىرىنى تەڭلىشىپ ئۆزىدىنمۇ بەتتەر ئاۋارىلاردىن بىر نەرسە تىلەيتتى... قۇرۇپ قاقشالغا ئايلانغان پاسكىنا قوللىرىنى سوزاتتى. كوچا-كوچىلاردا يېتىپ قالغان قارىغۇچىسىز بوۋاي-مومايلار ئادەمنىڭ ئىچى سېرىلغۇدەك ئېڭراپ جان تالاشماقتا ئىدى... تېخى پويىز ئىستانسىسىدىكى ئېچىنىشلىق ئىشلارنى دېمەيسىز، ئۆزىنى پويىز ئاستىغا تاشلىۋالغانلارنى ساقچىلار پۇت-قوللىرىدىن سۆرەشتۈرۈپ يۈرەتتى. پويىز دېرىزىسىدىن تاشلانغان ئالقاندەك قاتتىق نان ئۈچۈن ئاتا بالىغا، بالا ئاتىغا باقماي تالىشىپ بىر-بىرىگە ئېتىلاتتى. ئىسلىشىپ كەتكەن ماز چاپانلارنى، پاسكىنا ئەسكى-تۈسكىلەرنى يېپىنىۋالغان ئادەملەر پويىز كېلىشى بىلەن ئۆلە-تىرىلىشىگە باقماي ئۆزلىرىنى ۋاگونلارغا ئۇراتتى. پويىز ئىستانسىسى بەجايىكى بىر قىيامەت بولغانىدى...

ئۇكام ئىككىمىز ئادەمنىڭ كۆپلىكىدە بىرنەچچە قېتىم پويىزدىن قېلىپ قالدۇق. ئۇكام پويىزنىڭ قايسى ۋاگون ئىشىكىدە ئادەم ئازراق بولسا، شۇ تەرەپكە قاراپ يۈگرەيتتى. ئاخىرى مەن ئۇكامنى يىتتۈرۈپ قويدۇم. مەن ئۇنى ئىككى كۈن ئىزدىدىم. لېكىن كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىۋاتقان ئادەم دېڭىزى ئىچىدىن خۇددى يىڭنە ئىزدىگەندەك

ئىزدىگەن بولسامۇ، خۇددى ئۇكامنى يەر يۇتۇپ كەتكەندەك يوقاپ كەتتى...

مەن ئۇكامدىن ئايرىلغاندىن كېيىن پويىزمۇ پويىز يۆتكىلىپ تىلەمچىلىك قىلدىم. لېكىن ئادەمنىڭ چىرايىمۇ ئۆزىگە دۈشمەن بولىدىكەن. بەزىلەر پۇل تەڭلەپ ئۈيەر-بۇيېرىڭنى تۇتسا، بەزىلەر ئوچۇقتىن-ئوچۇق ئىپلاس تەلەپلەرنى قويىدىكەن. شۇڭا مەن ئەسكى-تۈسكىلەر ئارىسىدىن كونا پاختىلىق قولاقچىدىن بىرنى تاپتىم-دە، قولاقلىرىمغىچە چۆكۈرۈپ كىيىپ چاچلىرىمنى ئىچىگە پۇرلاپ تىقتىم. يۈزلىرىمگە قارا-قۇرۇملارنى سۈۋۈدۈم. ئۇچامدىكى ئىت تالىۋەتكەندەك كىيىملەرنىمۇ سورىمايلا قويۇق. شۇنىڭ بىلەن مەن ھەقىقىي پاسكىنا، مەينەت قەلەندەرنىڭ ئۆزىلا بولدۇم. ئاھ خۇدا مەن نامراتلىقتىن ئەمەس، ئار-نومۇس، ئادەم دېسە ئادەمگە، جىن دېسە جىنغا ئوخشىمايدىغان ئاشۇنداق ئاھانەتلىك تۇرمۇشتىن بەكمۇ قورقىمەن. ئۇ كۈنلەرنى ئەسلىسەملا، يۈرىكىم پېرىلىپ، پارە-پارە بولۇپ كېتىدىغاندەك ئازابلىنىپ كېتىمەن... پويىز ساقچىلىرىنىڭ دۇمبا-تېپكىلىرى، ۋاگونلاردىن تاشلىنىپ چۆل ئۆتەڭلىرىدە يېتىمسىراپ قالغانلىرىم، ئاشخانىلاردا پاسكىنا سۈپۈرگىلەر باش-كۆزۈمنى يارا قىلىپ قوغلانغانلىرىم، قىش-زىمىستانلاردا ئاشخانا ئوچاقلىرىنىڭ كۈلىگە پۈتۈمنى تىقىپ ياتقانلىرىم... ھېلھەم ئېسىمدىن چىققىنى يوق... بۇ خورلۇقلار يۈرىكىمنى داغلاپ ئۆزۈمنىڭ ئادەم ئەمەس، بەلكى ئىت-مۈشۈكلەرچىلىكمۇ قەدرىم يوق يىرگىنىشلىك مەخلۇققا ئايلىنىپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلىپ يەتتىم.

ياشاش ئۈچۈن تىنىماي تىلەمچىلىك قىلىش ئاخىرى مېنى ئۈرۈمچىگە ئەكىلىپ تاشلىدى. بۇ تۆتىنچى ئاينىڭ باشلىرى بولسىمۇ جۇدۇن-چاپقۇنلار پات-پاتلا بولۇپ تۇراتتى. بەزىدە يامغۇر بىردىنلا قارغا ئايلىنىپ سوغۇق باشلىنىپ كېتەتتى. لېكىن كۈنلىرىم ئۆز يۇرتۇمدىكىگە قارىغاندا ياخشى ئىدى. ھەتتا بۇ يەرنىڭ تۆكۈلگەن ئەخلەتلىرىدىنمۇ يېگۈدەك بىر نەرسە چىقاتتى. ئەمما بىر خۇشاللىقنىڭ بىر كۆشەندىسى بولغىنىدەك 5-ئاي كىرىشى بىلەن ئاققۇنلارنى يىغىۋېلىش باشلىنىپ كەتتى. مەن شەھەرنىڭ بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىدا قېچىپ يۈردۈم. بىر كۈنى تىلەمچىلىك قىلىپ شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىپتىمەن. قارىسام بىر كىچىك ئاشخانا ئالدىدا يۈك بېسىلغان ماشىنا تۇرۇپتۇ. يۈك خېلىلا كۆپ بولۇپ، بىرزېنت بىلەن يۆگەپ باغلىۋېتىلگەنىدى. مەن ئاستا كېلىپ ماشىنىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى بىرزېنتنىڭ لەپلەڭلەپ تۇرغان يوچۇقىدىن قارىسام، ئادەم پاتقۇدەك بوش ئورۇن بار ئىكەن. كۆڭلۈمدە بىردىنلا ئۈرۈمچىدىن باشقا يۇرتلار قانداقراقتۇ، دېگەن ئوي كەلدى-دە، ئاشخانا تەرەپكە قارىدىم. شوپۇر بەلكىم تاماق يەۋاتقان بولسا كېرەك، قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. مەن بىرزېنت ئارىلىقىدىن قىسىلىپ بوش ئورۇنغا ئورۇنلىشىۋالدىم.

ماشىنىنىڭ قاياققا كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيمەن، ماڭا بەرىبىر-دە. شوپۇر يولدىكى ئۆتەڭلەردە توختاپ تاماق يەيتتى. لېكىن مەن چۈشمەيتتىم. قايەرلەردۇر قوناتتى. مەن ياتقان يېرىمدە قىمىر قىلماي ياتاتتىم. ئىككى كېچە، بىر كۈندۈز ئۆتتى. قورسىقىم ئېچىپ ئۈچەيلىرىم تارتىشىپ كەتتى. شوپۇر ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە تاماق يېيىش ئۈچۈن ماشىنىسىنى چۆلدىكى بىر ئاشخانا ئالدىدا توختاتتى. مەن بىرزېنت ئارىلىقىدىن تەمبەل كەلگەن ساقاللىق ياش شوپۇرنىڭ ئورۇقراق بىر بالا بىلەن ئاشخانىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم. قورساق ئاچلىقى ھەممىنى قىلدۇرىدىكەن. مەن ماشىنىدىن

ئاستا چۈشۈپ ئاشخانىغا كىردىم. شىرەلەردىكى ئاشقان-تاشقان تاماقلارنى قاچامغا تۆكتۈم. چىشلەپ قويغان نانلارنى خالتامغا سالدىم. شۇ چاغدا تۇيۇقسىزلا «ھەي... گېي» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ چۆچۈپ قارىسام، مېنىڭ سۆيۈملۈك شوپۇرۇم ئىكەن. ئۇ ماڭا يېرىم تەخسە قورۇلما بىلەن ئىككى ھورنان بەردى. مەن ئۇنىڭغا رەھمەت دېدىم-دە، تاماقنى ناھايىتى تېز يېدىم. چۈنكى شوپۇرلار تاماكىسىنى چېكىپ بولسا، مەندىن بۇرۇن چىقىپ كېتىشى ئېنىق ئىدى، ھەر ھالدا مەن چاققانلىق كۆرسىتىپ ماشىنىغا بالدۇر چىقىۋالدىم.

بەشىنچى كۈنى ئاجايىپ كۆجۈم دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان، ھويلىلاردىكى تال بوستانلاردا تېخى يېتىلمىگەن قاشتېشىدەك سۈزۈك ئۈزۈملەر ساڭگىلاپ تۇرغان، يول بويلىرىدا سېۋەت-سېۋەتلەپ مارجاندەك ئۆرۈكلەرنى سېتىۋاتقان، دوغاپچىلار، لەڭپۇڭچىلار، ناۋايلار ۋارقىرىشىۋاتقان، قىسقىسى، جەننەتتەك بىر يۇرتقا كېلىپ قالدىم.

بۇ يۇرتتا كۈنلىرىم ئۈرۈمچىدىكىدىنمۇ ئوبدان ئۆتتى. بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ياۋاش، سەممىي ئىكەن. ئادەمنى ئۇرۇپ-تىللاپ دۈشكەلىمەيدىكەن. شەھەر كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئازراقلا ماڭسا شەھەر سىرتىغا چىقىپ قالىدىكەنسەن. مەن تىلەمچىلىك قىلىپ ئەڭ يىراق يېزا-كەنتلەرنىمۇ ئارىلاپ چىقتىم.

گەرچە مەن قورساقتىن خاتىرجەم بولغان بولسامۇ، مېنى ئازابلاۋاتقىنى پۈتۈن بەدىنىمنى قاپلاپ كەتكەن پىت ئىدى. 6-ئاينىڭ تومۇز ئىسسىقلىرى باشلاندى. مېنىڭ ئۇچامدا يەنىلا مازلىرى تىتىلىپ تۇرغان پاختىلىق چاپان، بېشىمدا پاسكىنا قۇلاقچا، خەقلەردىن تىلەپ ئالغان بىرنەچچە كونا ئىشتاننى قوشلاپ كىيگەن. جۇلدۇر كىيىمىم پىتلارنىڭ بەزمە-مەشرەپ ئۆتكۈزىدىغان ئۇۋىسىغا ئايلانغانىدى. بىرنەچچە يىل تاغاق كۆرمىگەن چاچلىرىمنى دېمەيلا قويۇڭ. ئۇ خۇددى قۇشلارنىڭ چاۋا-چاتقالدىن ياسىۋالغان چاڭگىسىدەك كاللا كىلىشىپ كەتكەنىدى.

مېنىڭ بەدەنلىرىم قوتۇرلىشىپ كەتتى. مەن يۇيۇنۇش، كىيىم-كېچەكمنى ئاپتاپقا سېلىش نىيىتىدە بىر كۈنى سەھەردىلا شەھەر سىرتىغا قاراپ ماڭدىم. نۇرغۇن مەھەللىلەرنى، شالىلىقلارنى، سازلىقلارنى ئارىلاپ ئاخىرى كۈن قايرىلغاندا قوم دۆڭلىرىنى كۆردۈم. تەلىيىمگە بىرنەچچە قوم دۆۋىلىرىدىن ھالقىۋىدىم، ئىككى قاسىنىقنى قىزىل يۇلغۇنلار قاپلاپ تۇرغان بىر ئېقىنمۇ بار ئىكەن. ئەتراپتا ئۆي ياكى ئادەم كۆرۈنمەيتتى. لېكىن بىر ئۇن يېتىم يەردە ناگان-ناگاندا كېتىۋاتقان ئات-ئۇلاغ، ھارۋىلارنى كۆرگىلى بولاتتى. مەن يۇلغۇن دالدىسىدا كىيىم-كېچەكمنى سېلىپ قىزىق قۇمغا يايدىم. ئۆزۈم شاپۇر-شۇپۇر يۇيۇندۇم. قۇرۇق سۇدا نەچچە يىللىق كىر-مەينەتلەر چىقامدۇ دەمسىز، شۇنداقتىمۇ خېلىلا يېنىكلەپ قالدىم.

كۈن ئاستا-ئاستا قىڭغايماقتا ئىدى. قورسىقىم ئېچىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاغ يولىغا چىقىپ تۇرۇشۇمغا تۆت ئات قېتىلغان بىر ھارۋا كېلىپ قالدى. ھارۋا شوتىسىدا قامچا تۇتقان، ئېگىز، قامەتلىك، يېڭى قىردۇرۇلغان ئېڭەكلىرى كۆكىرىپ تۇرغان، شاپاق دوپپىلىق ياش ھارۋىكەش ئولتۇراتتى.. ئۇنىڭ قاپ-قارا قوشۇما قاشلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇن كىرپىكلىك چوڭ كۆزلىرى بەكمۇ چىرايلىق بولۇپ، كۈندەك ئېچىلىپ تۇرغان چىرايىدىن ئاق كۆڭۈللىكى چىقىپلا تۇراتتى. مانا بۇ ھارۋىكەش كامىل ئىدى.

— ئۇنداقتا، — دېدى جەۋلان لەيلىنىڭ ياش يۇقى كۆزلىرىگە قاراپ، — بۇ

كەنتكە سىزنى كامىل ئېلىپ كەپتىكەندە؟
— شۇنداق، ئۆزۈم ئەگىشىۋالغان...
— سىز ئۇنى ياخشى كۆرەمسىز؟
قىز بېشىنى لىڭشىتتى.
— كامىلچۇ؟
— ئۇمۇ ياخشى كۆرىدۇ، قالغىنىنى ئۆزى بىلەن سۆزلىشىپ بېقىڭ.
— ئانىسىچۇ؟
— دەسلەپتە ئاچچىقلىغان، ھازىر ماڭا ئۆز ئانامدىنمۇ چارى كۆيۈنىدۇ.
— ئۇنداقتا... — جەۋلان قىزنىڭ دومبىيىپ تۇرغان قورسىقىغا قارىدى.
— بۇ كامىلنىڭ بالىسى، — قىز يىغلىۋەتتى، — لېكىن ئۇنىڭدا گۇناھ يوق...
ئۇ... بەكمۇ ئاق كۆڭۈل، ئەخلاقلىق يىگىت... مەن... ئۆزۈم ئەسكى...
— سىز ھازىرمۇ كامىلنىڭ ئۆيىدىمۇ؟
— ياق... مال ئېغىلىنىڭ يېنىدىكى ئەسكى-تۈسكىلەرنى قويغان ئامباردا.
جەۋلاننىڭ كۆز ئالدىغا بىردىنلا بىر ھەپتىنىڭ ئالدىدىكى ئايدىڭ كېچە ۋە ئامبار ئۆگزىسىدىكى سىرلىق كۆلەڭگە كەلدى-دە، كۆڭلىدىن كەچكەن ئويىنى ئۇدۇللا سورىدى:
— كامىل پاشىلىققا كەتكەندىن كېيىن كۆرۈشتىڭىزمۇ؟
— مەن... مەن... — كامىل ۋە ئەخمەتنى بالاغا تىقىشتىن قورقتى بولغاي، قىزنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.
— سىز قورقماڭ، ئەگەر سىز راست گەپ قىلمىسىڭىز، كامىلنىمۇ، ئۆزىڭىزنىمۇ بالاغا تىقىسىز.
— سىز... سىز... قۇمتاغا كەلگەن كۈننىڭ ئەتىسى ئۇزۈم بېرىپ كۆرۈشۈپ كەلدىم.
— يالغان، بىر ھەپتە ئىلگىرى ئۇ سىز بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى، شۇنداقمۇ؟
— ياق... ياق... مۇمكىن ئەمەس...
— سىز مېنى ئالدىماڭ، سىلەر تۇڭلۇك ئارقىلىق سۆزلەشتىڭلار، بۇ يالغانما؟!
— ئۇ... ئۇ... ئەمەس... سىز ماڭا ئىشىنىڭ... راستىنلا ئۇ ئەمەس...
— ئەمىسە كىم؟
لەيلى جىمىپ كەتتى. ئۇ نېمىدۇر دېمەكچى بولاتتى، ئاغزىدىن چىقىرالمايتتى.
ئۇنىڭ كۆڭلىدە قانداقتۇ بىر قورقۇنچ، ئەندىشە بارلىقى ئېنىق ئىدى.
— سىز ئەگەر كامىل بىلەن مەڭگۈ بىرگە ئۆتمەن دېسىڭىز راست گەپنى قىلىڭ، بولمىسا كامىل ئىككىڭلار قانۇنسىز بالا تاپقان جىنايەتچىلەر ئۈچۈن چوقۇم جازالىنىسىلەر.
— ياق، ياق ئۇنداق قىلماڭ، — قىز يەنە تېڭىرقاپ قالدى، — سىز... بەربىر كېتىسىز. بىز يەنە قالىمىز. بولمىسا ئەخمەت سىزگە ئەھۋال ئېيتىشىمنى نەچچە قېتىم دېگەنىدى. لېكىن مەن...
جەۋلان لەيلىنىڭ كۆڭلىدىكى ئەندىشىسىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى. ئۇ بۇ قېتىمقى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ۋەزىپىسى مەسىلىلەرنى ئېنىقلاپ قويۇپلا كېتىش ئەمەس، بەلكى

ئۆزۈل-كېسىل ھەل قىلىش. ئەگەر كىمكى ئۈچ ئېلىش نىيىتىدە بولسا يېزىلىق ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى قەتئىي مەسئۇل بولۇپ يۇقىرىغا دوكلات قىلىش قاتارلىق سىياسەتلەرنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن لەيلى كۆزلىرىنى ئۈمىد بىلەن جەۋلانغا تىكتى.

— ئۇ... ئۇ... كەنت باشلىقى ئىگەمبەردى...

— ئىگەمبەردى؟!

— شۇنداق، ئۇ... ئۇ... مېنى كاملىنىڭ ئۆيىگە كەت. ئاغزىڭنى يىغ... بولمىسا كاملىنى قولغا ئالىدۇ، دېگىلى كەپتىكەن...

— ئەمىسە نېمە ئۈچۈن كەتمىدىڭىز؟

— چۈنكى سىلەر كەتكەندىن كېيىن ئۇ مېنى يەنە ئەكىلىۋالىدۇ...

— نېمە ئۈچۈن؟

— مېنى كەنت باشلىقى... ئىگەمبەردى مەجبۇرى ئەكىلىۋالغان، — لەيلى يۈزىنى تۇتۇپ يىغلىۋەتتى، — ئۇ... بەكمۇ... بەكمۇ ئەسكى ئادەم... كامىل بىلەن مۇشتلاشتى، ئەخمەتنى ئۇردى، ئەگەر ئەخمەت بولمىغان بولسا ئۇ... ئۇ... مېنى...

جەۋلان غەزەپتىن تىترەپ كەتتى. ئۇ ئىچىدە قارا بۇ ئەبلەخنى، ئۆزىنىڭ بالىسىدەك قىزغا كۆزى قىزارغىنىنى، ھايۋان... دەپ پىچىرلايتتى.

— تۇرۇڭ ئورنىڭىزدىن، — دېدى جەۋلان غەزەپ بىلەن، — ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا كاملىنىڭ ئۆيىگە بارىمىز. ئەتىدىن باشلاپ مال ئېغىلىغا كەلمەڭ، قالدى ئىشلارنى ئۆزۈم توغرىلايمەن...

* * *

جەۋلان ئەتىسى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكى ھەيئەتلەر بىلەن يىغىن ئاچتى. ئاكتىپلار ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن خىزمەتلىرىدىن دوكلات قىلدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، خىزمەتلەردە ئانچە ئىلگىرلەش يوق ئىدى. قايسىلا ئۆيگە كىرمە دېھقانلار سۆزلىگىلى ئۇنىمايتتى. ھەتتا «تۇرمۇشىڭىز قانداق» دەپ سورىسا «خۇداغا شۈكرى» دېگەندىن باشقا چىش يېرىپ بىر نېمە دېمەيتتى. ئاكتىپلار قانچە چۈشەندۈرۈپ، ئېزىپ ئىچۈرسىمۇ ئۇلار ھەيئەتلەرگە يەر ئاستىدىن مۆلدۈرلەپ قاراپ ئولتۇرۇپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتەتتى ۋە پات-پات ئېغىر تىنىپ، پۇشۇلداپ قوياتتى. كادىرلار ئۈستىدىن پىكىر بېرىش دېگەندىنمۇ گەپ ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

— ئىشنىڭ باشلىنىشىدا خېلى ياخشى بولغان، — دېدى 3-ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ ياش كاتىپى مەتنىياز، — لېكىن بىر كۈن ئىچىدىلا ھەممىسى گاچا بولىۋالدى.

— بۇ يەردە جىننىڭ بارلىقى ئېنىق تۇرمامدۇ، — دېدى 5-ئەترەتتىن كەلگەن قاسىمنىياز، — ھەر يىلى ئاشۇرۇپ ئېلىۋاتقان كېۋەز، بۇغداي، قوناق ۋە ئىقتىسادىي زىرائەت مەھسۇلاتلىرى... لېكىن ھەر يىلى بوغۇلىۋاتقان قەرز توغرىلىق قايناپ تېشىپ سۆزلەۋاتقان خەلق بىردىنلا قۇدۇققا چۈشۈپ كەتكەندەك جىمىپ ئالسا شەيتانمۇ ئىشەنمەيدۇ...

بىر شۇملۇقنى سېزىپ قالغان جەۋلان ئەڭ ئاۋۋال كەنتنىڭ ھېسابىنى ئېنىقلاش زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئېنىقلانغان كىرىم-چىقىمنى ئەزالار ئالدىدا ئوتتۇرىغا قويغاندا ئۇلار ئۆزلىكىدىن قوزغىلاتتى. چۈنكى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ ھەر يىلى

ئىشلەپچىقارغان ھەرخىل مەھسۇلاتى، يۇقىرىغا تاپشۇرغىنى، قىلىنىان كىرىم، ھەر ئىش كۈنگە تەقسىم قىلىنغان پۇل قاتارلىقلار ئاياقتىكى قېتىقتەك ئېنىق ئىدى.

— سىلەرگە بىر مەسلىھەت، — دېدى جەۋلان ئاكتىپلارغا قاراپ، — بىز مەتنىياز ۋە قاسىمنىياز بىلەن كەنت تەشكىلى ئىقتىسادىنى ئېنىقلاپ چىقساق، سىلەر بەش كىشى ئالتە ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ ھېسابىنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولساڭلار قانداق؟

گۇرۇپپىدىكى ھەيئەتلەر جەۋلاننىڭ پىكرىگە قوشۇلۇشتى. ئۇلار بۇ چارىنىڭ مەسىلىلەرنى ئېنىقلاپ چىقىشتا مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. ئۇلار ھەر يىلى يۇقىرىدىن بېرىۋاتقان ئاق ئۇغۇتلارنىڭ تولۇق تەقسىم قىلىنمىغانلىقىنى، ئۆز ئايىغىدىن يوقاپ كەتكەن خالتا-خالتا شېكەر، بەشتە كېپىللىك قوتقۇزۇش ئائىلىلەرگە تارقىتىلىدىغان يوتقان-كۆرپە، كىگىزلەرنىڭ ئۆز جايىغا تەگمەسلىكتەك ئەھۋاللارنى قايناپ سۆزلەپ كېتىشتى. بەزىلىرى «بەلكىم ئۇ نەرسىلەرنىڭ سانلىرىمۇ بوغالتىرنىڭ دەپتىرىدە ئۆزگىرىپ، تالۇنلىرى ئۆچۈرۈلۈپ بولغاندۇ» دېسە، بەزىلىرى «بۇ نەرسىلەرنىڭ سانىنى پەقەت بىرلا كىشى بىلىدۇ» دېيىشەتتى.

ھەيئەتلەر تارقىلىشتى. جەۋلان بەزى ئىشلارنى مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن مەتنىياز بىلەن قاسىمنىيازنى ئېلىپ قالغانىدى.

— ھازىر سىلەر، — دېدى جەۋلان ئىشكىنى يېپىۋېتىپ، — بىرلا كىشى بىلىدۇ، دېيىشتىڭلار، ئۇ زادى كىم؟

— ھارۋىكەش كامىل، — دېدى مەتنىياز ئاستاغىنە.

— كامىل ئاجايىپ ئەزىمەت نەرسە، — دېدى قاسىمنىياز، — بىز ئۇنىڭ بىلەن ئەللىئابادتا تۇغۇلۇپ بىرگە ئۆسكەن، بىللە ئوقۇغان، ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا دىيانەتلىك، ئاق كۆڭۈل، سەممىي ئىدى.

جەۋلان لەيلى ۋە ئۇنىڭ ئانىسى بىلەن بولغان سۆھبەتنى قىسقىغىنا سۆزلەپ بەردى. شۇنداقلا ھەپتە ئىلگىرىكى ئامبار ئۆگزىسىدە يۈز بەرگەن ئىشلارنىمۇ دەۋەتتى.

— سىز لەيلىنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدىڭىزما؟ پاھ بەلەن ئىش بوپتۇ، لېكىن كەنت باشلىقى ئىگەمبەردى... — دېدى مەتنىياز قاسىمنىيازغا قاراپ قويۇپ.

— ھەي نېمە قوق، — دېدى قاسىمنىياز، — مېنىڭ بىر گۇمانىم دېھقانلارنىڭ...

— بولدى ھازىرچە بۇگەپلەرنى قويايلى، — دېدى جەۋلان، — سىلەر يېزا ھېساباتىغا پىششىق، مەن بوغالتىرنىڭ ھەممە ھۆججەتلىرىنى سىلەرگە قالدۇرۇپ، پاشلىققا باراي دەيمەن...

— كامىل بىلەن كۆرۈشكىلىما؟ — مەتنىيازنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، — كەنت باشلىقى بىلىپ قالسا...

— مەن بېرىشتىن بۇرۇن كەنت باشلىقى بىلەن سۆزلىشىمەن. ئۇنىڭغا ئۇچۇق ئېيتىمەن...

— جەزمەن بېرىڭ، — دېدى قاسىمنىياز غەزەپ بىلەن، — كامىلغا بەك ئوۋال بولدى، بولسا قايتۇرۇپ كېلىڭ، كامىل ماڭا نەچچە نۆۋەت «ئىگەمبەردىنىڭ نەپسى بەك يوغىناپ كەتتى، مەن ئۇنىڭ پوقىغا تېيىلىپ كېتەرمەنمىكىن دەپ ئەنسىرەپ قالدىم» دەپ ھال ئېيتىپ بەرگەن.

www.uyghurkitap.com



— شۇڭا ئۇنى كۆزدىن يوقاتقاندە، — دېدى مەتنىياز ئاچچىقى بىلەن، — لېكىن جەۋلان ئەپەندىم، پاشىلىقتا بارسىڭىز قىينىلىپ قالارسىزمىكىن، يولدا سايىدىغىدەك گىياھمۇ يوق، قۇملۇق ھەم يىراق.

— كارايىتى چاغلىق، ئەخمەت بىلەن بىرگە بارىمەن.

جەۋلان چۈشلۈك تاماقنى ئەخمەت بىلەن بىللە يېدى. كاملىنى قايتۇرۇپ كېلىشنى بىلگەن ئەخمەت بۆلەكچىلا خۇشال بولۇپ كەتتى. ئەخمەت 38-40 لارغا كىرىپ قالغان، سەبىي باللاردەك ساددا، ئاق كۆڭۈل، كىچىكىدىنلا ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ يېتىملىكتە ئۆسكەنىدى.ئۆلكە ئازاد بولۇپ كوپېراتسىيە قۇرۇلغاندىن باشلاپ كوللېكتىپنىڭ ماللىرىغا قاراش، يۇگۈر-يېتىم ئىشلارنى قىلىش بىلەن ئۇنىڭ چېكە چاچلىرى ئاقاردى. ئۇ گەرچە گاچا بولسىمۇ، ئىشقا كەلگەندە ئايىغى چاققان، زېرەك ئادەم ئىدى.

ئەخمەت جەۋلاننى چامغۇرچى مەھەللىسىگە باشلاپ كەلدى. مەھەللە قاغا جىگدە، يېمىش جىگدە، ئاموتلار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ئاقار تىلمىغان لاي سۇۋاق كۆرۈمسىز ۋەدىكلىك ئۆيلەر، پاكار شور تاملىق ئائىلىلەر، غاراللىق ۋە قوشاملىق ھويلىلار، ھويلىدىن قۇم توپىلىق كوچىغا سايە تاشلاپ تۇرغان كۆك شاپتۇللار، كۆجۈم مەھەللە ئىزناسىنى ھاسىل قىلغان بولۇپ، مەھەللىنىڭ ئاياغ ئۇچى كۈن پېتىش قۇم بارخانلىرىغا سىڭىپ كەتكەنىدى.

مەھەللە گەرچە دەسسەلگەن قۇرتتەك كۆرۈمسىز بولسىمۇ، ئەمما مەھەللىنىڭ نەق مەركىزىگە جايلاشقان كەنت باشلىقى ئىگەمبەردىنىڭ ئۆيى گويا ئارغامچىغا يېيىۋېتىلگەن خام كۆڭلەك، بوز يەكتەك، كونا ئىشتانلار ئارىسىغا قىيقىزىل تاۋار ياغلىق قوشۇلۇپ قالغاندەك كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى.

ئۆي كۆتەرمە قىلىپ سېلىنغاچقا، بىنا لاپاسلىرىنىڭ نەقىشلىك كۆچۈك چىشلىرى، ئىنتايىن نەپىس ۋە نازۇك ياسالغان ئايۋان دېۋەزىنىنىڭ قاپارتما گۈللىرى، سۇس ھاۋارەڭ سىرلانغان بۇغما تۆۋرۈكلەر كوچىدىنلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۆگزىگە ئېگىز قىلىپ بېكىتىلگەن پەغەزدە بولسا يېپقا تىزىلغان ئاق مارجاندەك قونۇۋالغان ئاپئاق كەپتەرلەر پەيلىرىنى تازىلىشىپ گۇگۇلدىشۋاتاتتى.

ئەخمەت ئىشىك ھالقىسىنى شاراقلىتىشى بىلەن ھويلىدىن ئىتنىڭ ئۇزۇك-ئۇزۇك قاۋىغان ئاۋازى كەلدى. ئىت قېرىپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئاتقۇچىنىڭ زېيىدىن يانغان ئاۋازدەك پېقىمسىز، بوغۇق خىرىلدايتتى.

— كىم؟ — كەنت باشلىقى ئىگەمبەردى خىرقىراپ ۋارقىرىدى.

— بىز، ئىشىكنى ئاچسىلا، — ھويلا ئىشىكى كۆپ-كۈندۈزدىلا ئىچىدىن ئېتىكلىك ئىدى.

قوش قاناتلىق يېشىل ئىشىك ئېچىلىپ ئىگەمبەردى چىقتى. ئۇ مىجەزىم يوق دەپ بەش كۈندىن بېرى تەشكىلگە كەلمىگەنىدى. لېكىن ئۇنىڭ تولا ئۇخلىغانلىقىدىنمۇ ياكى ئۇيقۇسىزلىقتىنمۇ ئىش قىلىپ، كۆزلىرى قىزىرىپ، قاپاقلىرى ئىششىپ قالغانىدى.

— ھە، ئۆزلىرىكەنلا، قېنى ئۆيگە كىرىلى، — ئۇ سەل ھودۇققاندەك بولۇپ ئۆيگە باشلىدى.

— ياخشى بولۇپ قالدىلىمۇ ئىگەمبەردى ئاكا، — دېدى جەۋلان ئۇنىڭ ساقلىغا ئوخشاش سارغىيىپ قالغان چىرايىغا قاراپ.

جەۋلان مېھمانخانىنىڭ گېلەم سېلىنغان سۇپىسىغا چىقىپ ئولتۇردى. ئەخمەت بولسا سۇپا قىرىدا بەدەشقانىنى قۇردى. ئۆي كەڭرى ئازادە بولۇپ، تاۋار يوتقان-كۆرپىلەر تام ئويۇقىغا تىزىۋېتىلگەنىدى. ئادەتتە دېھقانلار تاملىرى ۋادىكلىك، تورۇسلىرى تاق ۋاسىلىق ئادەتتىكى ئۆيلەرنى سېلىپ ئۇرە قىلغىنىچە خېلىلا تەرلەيتتى. لېكىن كەنت باشلىقىنىڭ بۇ ئۆيلىرى ئون ئىككى لىملىق بولۇپ، تورۇسلىرى ئاپئاق قىرىلغان جۇپ ۋاسىلىق ئىدى.

— مەزلۇم ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىپ قالغانىدى، تولىمۇ سەت ئىش بولدى، — دېدى ئىگەمبەردى بىر لىگەن ئامۇتنى شىرەگە قويۇپ.

— بىز تاماق يەپلا كەلدۇق، جۇۋاپ كەتمىسلىمۇ بولىدۇ، — دېدى جەۋلان، — ئۆزلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان ئىشلار بار ئىدى.

— خوش...

كەنت باشلىقى بىرەر كۆڭۈلسىز ئىشنىڭ شەپىسىنى سەزدى بولغاي، چىرايى بىردىنلا تاتىرىپ، كۆزلىرى غىل-پاللىدى. ئۇ گېلەمگە چاپلىشىپ قېتىپ قالغان چۆپتەك بىر نېمىنى تىرنىقىدا تاتىلاپ ئولتۇرۇپ ئۇنى ئىچىگە چۆشۈپ كەتتى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ ئەنسىرىگەن، كېچىلىرى ئۇيقۇسىنى ھارام قىلىپ، ئىشتىھاسىنى بوغقان ئىش ئاخىرى ئوتتۇرىغا چىققانىدى. جەۋلان لەيلىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلەر، كامىل بىلەن ئۇچرىشىش جەريانلىرى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئىنچام، چۈشىنىشلىك قىلىپ سۆزلىدى. ئاخىرىدا ئۇ نىكاھ ئەركىنلىكى، نىكاھ قانۇنى ھەققىدىمۇ ئىزاھلاپ ئۆتتى.

— مەن لەيلىنى كامىلنىڭ ئۆيىگە قايتۇرىۋەتتىم. سىلىچە قانداق بوپتۇ، — دېدى جەۋلان كەنت باشلىقىنىڭ چىرايىغا قاراپ.

— قايتۇرىۋەتتىم؟! بۇ... بۇ... قانداق بولغىنى... سىلى سىنىپىي كۈرەشنى ئۇنتۇپ قاللىما؟... ئۇ... ئۇ... دېگەن بۇرژۇئازىچىلىق ئۇستىدە... يەنە كېلىپ مال ئېغىلىغا ئوت قويۇش ئالدىدا تۇتۇلغان...

— خاتىرجەم بولسىلا، سىنىپىي كۈرەشنى ئۇنتۇغان بولسام مەن جاۋاب قىلىمەن. لېكىن سىلى ئېيتقاندەك «بۇرژۇئازىچىلىق» نى ئېنىقلاۋاتىمىز، — دېدى جەۋلان ئۆزىگە قالپاق چىنەۋاتقان ئىگەمبەردىگە زەردە بىلەن، — چۈنكى شۇ كېچىسى بىرنەچچە مىنبەك ۋە ھەر قايسىلىرى باركەنلا، شۇنداق ئىكەن بۇ ھامان ئېنىقلىنىدۇ.

ئىگەمبەردى جىمىپ كەتتى. ئۇنىڭ يالغان ئېيتقانلىقى چىرايىدىكى سوغۇق ھېجىيىش بىلەن ئاۋازىدىكى ھودۇقۇشتىن ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— قايتۇرىۋەتكىنىم زادى بولماپتىما؟

— بوپتۇ... بوپتۇ... — دېدى ئۇ باش لىڭشىتىپ، — ... ئۇ... ئۇ... باشقا بىر نېمە دېمىگەندۇ؟

— ياق، — جەۋلان ئىچىدە قارا بۇنىڭ قوۋلۇقىنى، دەپ ئويلىدى، — مەن كامىلنىمۇ قايتۇرۇپ كەلمەكچى...

— كامىلنى؟! — ئىگەمبەردى تېلىققاندەك دۇدۇقلىدى، — بۇ... بۇ... قانداق بولغىنى... مەن سىلىنىڭ سەملىرىگە بىر ئىشنى سېلىپ قوياي، ئۇلارنىڭ ئىشلىرى قانۇنسىزلىق... ھۆكۈمەتنىڭ نە قىزىل قەغىزى، نە نىكاھى يوق. ئىككىسىنى يەنە

بىر ئۆيدە قىلىپ قويسىلا، بۇ... بۇ... سىياسەت مەسىلىسى...

— كىم سىلىگە بىر ئۆيدە قىلىپ قويىمەن دەپتۇ، — جەۋلان سەل تېرىكىپ قالدى، — مەن كامىلنىڭ ئانىسى بىلەن سۆزلەشتىم، ئۇمۇ، كامىلمۇ، قىزىمۇ رازى ئىكەن. بۇ نىكاھ قانۇنغا تامامەن ئۇيغۇن. لېكىن قورسىقى كۈندىن-كۈنگە يوغىناۋاتقان بىر ئايالنى مال ئېغىلىدا قاتتىق ئىشلىتىش، ھەرخىل بېسىملار بىلەن قورقىتىش، ھەتتا... بۇمۇ سىياسەتما؟ ئەگەر ئۇ مال ئېغىلىدا تۇغۇپ قالسا، ئۇنىڭغا كىم قارايدۇ، بالىغا كىم ئىگە؟!

— بۇنىڭدىن غەم قىلمىسىلا، كەنت، تەشكىل ئىگە، — دېدى ئىگەمبەردى جەۋلاننىڭ سۆزىدىن غەزىپى تېشىپ، — ئۇغۇل تۇغسا ئېتى «خۇدا بەردى» بولىدۇ... ئۇختىلىما؟!

— قىز تۇغسىچۇ؟! — جەۋلان قەستەن سورىدى.

— دۆلەتخان!

جەۋلان ئۆز قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قالدى. بۇ چاقچاق گەپمۇ ياكى ھەزىلمۇ؟! ئىگەمبەردى بۇ گەپلەرنى بىلىپ دەۋاتامدۇ-بىلمەيمۇ؟ ئۇنىڭ نەزىرىدە ھامىلدار ئايال ۋە قورساقتىكى نارەسىدە ئادەممۇ-ئەمەسمۇ؟ جەۋلان كەنت باشلىقىنىڭ چىگىش چاڭگا ساقال باسقان چىرايىغا، قورۇق يوللىرى گىرەلىشىپ كەتكەن ھالرەڭ بوينىغا، بۇرنىنى كوچىلاپ تۇرغان قوپال قوللىرىغا قارىدى-دە، بىردىنلا غەزىپى تاشتى.

— قىزىق گەپ، ئوغۇل تۇغۇلسا دادىسى خۇدا، قىز بولسا دادىسى دۆلەت بولىدىكەندە؟ — دېدى جەۋلان يۈز خاتىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ، — ئۇنداقتا سىلىمۇ ئاللا ئىگەمنىڭ بالىسى ئوخشىمامىلا... چۈنكى ئاتلىرى ئىگەمبەردى-دە!..

— بۇ... بۇ...

كەنت باشلىقىنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگەردى. ئۇ نەزىرىدە تېخى تۈك تاشلىمىغان باچكا، چېچىكى چۈشمىگەن سويما، ئاغزىدىن ئوغۇز سۈتى پۇراپ تۇرغان ئوغلاقنىڭ بۇنداق ھەدى سېيىق، زەھەردىن ئاچچىق گەپ قىلىشىنى ئويلىمىغانىدى. قارا بۇ تۈكباشنىڭ چىشى قولتۇقىدا ئوخشىمامدۇ!... پۈتۈنسۈرۈك «قۇمتام» نى ئالقىنىدا چۆرۈپ، ئېتىكىدە ئوينىتىۋاتقان ئىگەمبەردى تېكىدىن ئەيمەنمەي دېگەن گېپىنى كۆرمەمدىغان، بۇ ھارامدىن بولغاننىڭ...

ئىگەمبەردىنىڭ پۈتۈن ئەزايى-بەدىنىنى تىترەك بېسىپ ئۆتتى. ئۇ جەۋلانغا چوڭقۇر ئۆچمەنلىك بىلەن ئۇزۇنغىچە تىكىلىپ تۇردى...

ئەخمەت بىلەن جەۋلان كەنت باشلىقىنىڭ ئۆيىدىن چىققاندا قۇياش ھەيۋەتلىك قۇم بارخانلىرى ئارقىسىغا باش قويغان بولۇپ، مەھەللە تىمتاس ئىدى. پەقەت تۈرخۇنلاردىن چىقىۋاتقان ئىسلار خۇشياقمىغاندەك تولغۇنۇپ، مەھەللە ئۈستىدە كۆمۈشرەڭ چاڭ قالدۇرۇپ، قۇم بارخانلىرىنىڭ سۆسۈنرەڭ تەسكەي جىرالىرىغا قاراپ ئاقماقتا ئىدى.

* * *

پىلىلداپ تۇرغان ئاخىرقى يۇلتۇزمۇ ئۆچتى. كۈن چىقىش تەرەپتىكى ئاسمان چېھرى ئاقۇش سۇزۇلۇپ، سۇس بىنەپشىرەڭ كۈن قىزىللىقى چەكسىز قۇم بارخانلىرىنى سوغۇق نۇر زەررىلىرىگە پۈركەپ كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. تېخى ئۇيقۇسىغا قانمىغان قۇمتام كەنتىنى زىل-زىلىگە كەلتۈرۈپ خورازلارنىڭ ئارقا-ئارقىدىن چىللاشلىرى ئۇزۇلمەيتتى.

گويا ئۇلار ئىنساننىڭ ئۆمرىدە بىر تۈن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلماقچى بولغاندەك بەس-بەس بىلەن چىللىشاتتى.

خورازلارنىڭ چىللاشلىرى، ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى بارغانسېرى سۇسلىشىپ، قاراڭغۇلۇق كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇمتامۇ يىراقتا قالدى. ئىگەرلەنگەن قارا خېچىرغا مىنگەن جەۋلان ئۆزىگە ياندىپلا كېلىۋاتقان ئېشەكلىك ئەخمەتكە پات-پات قاراپ قوياتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىن: خۇدامۇ ئادالەتسىزكەن، نېمە ئۈچۈن ئەخمەتكە ئوخشاش ئاق كۆڭۈل، سەممىي، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنىلا ئويلاپ، ئۆزىنى ئويلىمايدىغان، دىيانەتلىك، ساپ نىيەت كىشىلەردىن ئۆزىنىڭ قانداقتۇر بىرەر نەرسىسىنى ئاياپ، مېيىپ، دەردمەن قىلىپ يارىتىپ ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە گىرىپتار قىلىدىغاندۇ؟ بۇنىڭ تەتۈرسىچە، بەدنىيەت، هارامدىن قاچمايدىغان، باشقىلارنى قاقشىتىش، ئازابلاش ھېسابىغا كۈلىدىغان، ياۋۇز نىيەت ئادەملەردىن ئۆزىنىڭ بارلىق مەنىشەتلىرىنى ئايىماي، ئۇلارنىڭ توققۇزىنى تەل يارىتىدىكەن... تۇۋا كونىلارنىڭ بۇ دۇنيالىقنى بەردى، دېگىنى شۇمىدۇ يا ... دېگەن كۆڭۈلسىز ئويلار ئۆتمەكتە ئىدى. لېكىن ئەخمەت بولسا جەۋلانغا تۈگمەس-پۈتمەس كۆڭۈل سۆزلىرىنى تۆكمەكتە. ئۇنىڭ چىرايى بىردە شادلىنىپ كېۋەز غوزىسىدەك ئېچىلسا، بىردە غەزەپ ئىلكىدە قىزىرىپ كېتەتتى. يەنە بەزىدە تۈرۈپلا ئېچىنىشلىق چوڭقۇر تىناتتى. جەۋلان ئۇنىڭ يېرىم ياتا ئاۋازىنى، ئىما-ئىشارەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى چۈشىنىپ كېتەلمىسىمۇ، ھەر ھالدا بىر نېمىنى چۈشەنگەندەك بولاتتى.

قارا خېچىر بىلەن بوز ھاڭگا بىر-بىرىدىن يول تالىشىپ، قىزغىنىشىپ تەكلىماكان ئىچىگە قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ تۇياقلىرى پاتقان يوللارغا خۇددى سىماپتەك ئېقىپ چۈشكەن قۇملار ئىزلارنى تولدۇرۇپ، كۆمۈپ ماڭاتتى. ئەگەر ئات، ئېشەك تېزەكلىرى، تۆگە قۇمىلاقلىرى يول ئىزنالىرىنى پەيدا قىلمىغان بولسا، بۇ قۇملۇق سەھراسىغا يۈرەكلىك قەدەم ئېلىشمۇ بەك مۇشكۈل ئىدى.

ئۇلار كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە ئاياغ ئۇچى كۆرۈنمەس، بىر-بىرىدىن پەرقسىز قۇم بارخانلىرى تىلسىمىغا كىرىپ قالدى. يۈرەكنى ئەنسىزلىككە سالىدىغان قۇم ئىدىرلىقلىرى ئارا تىنىمسىز قۇتراپ يۈرگەن شامال ھېلىدىن-ھېلى ئىزلارنى كۆمۈپ، يوللارنى تۈزلەپ تۇرغاچقا، ئەلئابادلىقلار ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان «ئېزىتقۇ» كىشىلەرنى قۇملۇقلار ئارا يۇتۇپ كېتەتتى. ئوتتۇنغا ماڭغان ئەلئابادلىقلار قۇم چوققىلىرىغا بەلگە قىلىپ بېكىتكەن ئېگىز خادىلار پات-پات ئۇچرايتتى. خادا ئۇچىغا بېكىتىلگەن قىزىل، ئاق لاتىلار، قوتاز قۇيرۇقى، ئىچىگە سامان تىقىلغان تۇلۇملار يىراقلاردىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى...

قۇياش تىك كۆتۈرۈلۈپ ئەتراپ ئوت دېڭىزىغا ئايلاندى. قۇملۇق تۇخۇم كۆمسە ئېتىلىدىغان دەرىجىدە قىزىپ كەتتى. بارخانلاردىن ھۆپۈلدەپ ئۆرۈلۈۋاتقان ھۆپ ئىسسىق يۈزلەرنى كۆيدۈرۈپ، تاپانلارنى قىزىتىۋەتتى. تەرلەپ چىلىق-چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەن جەۋلان بىلەن ئەخمەت ئۇلاغلىرىنى يېتىلەپ خېلى ئۇزاق ماڭغاندىلا قۇم بارخانلىرى قورشىغان چەكسىز يايلاققا چىقتى.

پاھ، نېمىدېگەن كارامەت بۇ... جەۋلان ھەيرانلىق ئىلكىدە تېڭىرقاپ قالدى. قاقشالغا ئايلانغان توغراقلار قۇملۇقتا يېيىلىپ ياتاتتى. ئەسىرلەر بويى ئۆسكەن، ياشىغان، قۇرىغان، يىقىلغان... شىددەتلىك بورانلار ئۇچۇرۇپ، ئۈستى-ئۈستىگە دۆۋىلەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تاغ ھاسىل قىلغان قۇرۇق قاقشال ئوتۇنلار تا ئۇپۇققا سوزۇلۇپ قوم بارخانلىرى ئىچىدە غايىب بولاتتى. بۇ ئوتۇن تېغىنىڭ ئەسىرلەر مۇقەددەم چەكسىز گۈزەل ئورمان ئىكەنلىكىگە شاھىت بولۇپ، قاقشاللار ئارا سولاشقان يېشىل ياپراقلىق نوتىلار، پاخپاق توغراق شاخلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى... دەرۋەقە بۇ ئانا تۇپراققا چوڭقۇر قانات يايغان يىلتىزنىڭ ئۆزىنىڭ تېخى ھايات ئىكەنلىكىدىن بەرگەن بىشارىتى بولسا كېرەك...

چوڭقۇر خىياللار قايىنىمىغا چۆككەن جەۋلان قاقشالغا ئايلانغان قەدىمي توغراقلارغا تىكىلگىنىچە قاسىمنىيازنىڭ «قاقشاللىق» نىڭ پاشىسىغا چىدىماق تەس، دېگەن سۆزىنى ئەسلەپ بۇ يەرنىڭ «قاقشاللىق» ئىكەنلىكىنى جەزىم قىلدى.

جەۋلان بىلەن ئەخمەت ئۇلاغلىرىغا مىنىپ قاقشاللىقنى ئايلىنىپ بىر ئاز ماڭغىنى بىلەن قۇملۇق ئىچىدە ئادەم بىلىدەك بىر ئېقىن پەيدا بولۇپ، سۈپ-سۈزۈك سۇ شىلدىرلاپ ئېقىۋاتاتتى. ئۇلار ئېقىن بويلاپ ماڭغانسېرى سۇ كۆپىيىپ بىرنەچچە تارماقلارغا بۆلۈنگەنىدى. ئەتراپى ياپ-يېشىل ئوت بىلەن قاپلىنىپ تۇرغان بۇ ۋادا گوياكى قۇملۇقتىكى يېشىل مەرۋايىتتەك چاقنايتتى. لېكىن بۇ يەرنىڭ كونا خوجايىنلىرى بولغان ئاجايىپ يوغان پاشىلار ئۇزۇن پۇتلىرىنى ساڭگىلىتىپ، توختىماي غىڭشىپ، قان شورىغۇچ نەيزىلىرىنى تەڭلەپ ھۇجۇم باشلىۋەتتى. ھەر ئىككىسىنىڭ ئالقانلىرى پاقىلداپ، قوللىرىدىكى بۇيا شىپىلداپ تۇرسىمۇ، ئەمما بىردەمدىلا يۈز-بويۇنلىرى، مەيدە-قوللىرىدا قاپارتمىلار پەيدا بولدى. شۇنداقتىمۇ جەۋلان ئۇپۇققا تۇتاشقان قوم بارخانلىرى ئىچىدىكى خارابىلىققا نەزەر تاشلىدى. خارابىلىقنىڭ ئىزى ئۆچۈپ كېتەي دەپ قالغانىدى. جەۋلان كۆڭلىدە: بۇ دەندەن خارابىلىقىمۇ ياكى كىرۇران قەدىمي شەھىرىمۇ؟ ئېھتىمال ئاق سېپىل خارابىلىقى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى.

— ئا... ئا... ۋۇ... ۋۇ... كامى... ئەھ... ئەھ...

ئەخمەتنىڭ ۋارقىرىشىدىن جەۋلان ئالدىدىكى كۆپكۆك پىچانلىققا قارىدى. پىچانلىقنىڭ جەنۇبى تەرىپى قاقشاللىققا، شىمال تەرىپى كۆككە قۇملۇقلارغا تۇتاشقان بولۇپ ئوتتۇرىدا ئاجايىپ زور لەھەڭدەك قوم تېغى ياتاتتى. ئۇ يەر-بۇ يەردە قېرى توغراقلار تۈۋلىرىدە قىڭغايغان كەپىلەرمۇ بار ئىدى. كەپە ئەتراپىدا بىرنەچچە قوي-كالىلار ئوتلاپ



يۇرەتتى.

ئۇلاغلىرىنى يېتىلىگەن جەۋلان بىلەن ئەخمەت چىپىپ تاشلانغان پىچان ئېگىزلىكى ئارقىلىق ئەتراپى ياۋا قومۇشلاردا يېپىلغان كەپە ئالدىغا كەلدى. ئەخمەت ئۇلارغلارنىڭ پۇتىنى چېتىپ ئېگىزلىققا قويۇۋەتتى. بۇ ئەسنادا كەپىدىن كامىل چىقىپ كەلدى. ئۇ ھەيرانلىق، قورقۇش، ئەنسىرەش قوشۇلۇپ كەتكەن بىر خىل ئىپادە بىلەن جەۋلانغا قارىدى-دە، چىرايى بىردىنلا ئاقىرىپ كەتتى. لېكىن ئۇ كۈلۈپ تۇرغان ئەخمەتنى كۆرۈپ كۆڭلى بىر ئاز تىنغاندەك بولدى. ئەخمەتمۇ دەرھال گۇگۇراپ، ئىما-ئىشارىلەرنى قىلىش بىلەن كامىل دەرھال جەۋلانغا قول ئۇزاتتى.

— ھارمىغايلا؟

— ياخشىدى...

كامىلنىڭ ساقال باسقان چاسا ئېڭىكى، كەڭ پېشانىسى، قويۇق قاشلىرى، چوڭ كۆزلىرىنى كۆرگەن ھەر قانداق كىشى ئۇنىڭ تۈز كۆڭۈل، ساددا يىگىت ئىكەنلىكىگە شەك كەلتۈرمەيتتى. ئۇ يەكسىز، چاك ياقىلىق بوز كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى. ئۇنىڭ كۆپكۆك تومۇرلار پۇلتىيىپ، گىرەلىشىپ كەتكەن كۈچلۈك توم بىلەكلىرى، بولۇپمۇ ئوچۇق تۇرغان ئاجايىپ زور كۆكرەك گەۋدىسى، راسا قىرانىغا يەتكەن كۈچتۈڭگۈر يىگىت ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

— قېنى كەپىگە كىرىلى، بىر ئاز ئارام ئالسىلا...

كامىل قومۇش كەپىنىڭ پالاس ئىشىكىنى قايرىپ مېھمانىغا قارىدى. جەۋلانمۇ ھېچ تۈزۈت قىلماي كەپىگە كىردى.

كەپە ئىچى ئاددىيلا بولۇپ، ئىسسىقتا تىنجىققان كۆك ئوتنىڭ ھىدى كېلىپ تۇراتتى. يەرگە كېگىز ئورنىدا قېلىن يېيىتلغان ياۋا قومۇش ئۈستىدە كونا كۆرپە، يېپىنچا ئورنىدا ئىشلىتىدىغان يەكتەك ۋە سامان تەكيې تىزىقلىق تۇراتتى. كەپە ئوتتۇرىسىدا يەرنى ئويۇپ ياسىغان ئوچاق، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئىسلاشقان قوم چۆگۈن، كورا، جام دېگەندەك نەرسىلەر تۇراتتى.

جەۋلان قومۇش ئۈستىدىلا ئولتۇردى. كامىل كورىنى ئېپىپ چاي قايناتماقچى بولۇۋېدى، جەۋلان سوغۇق سۇ بىلەنلا قورساق تويغۇزۇپ قاراڭغۇ چۈشكىچە قومۇلۇقتىن چىقىۋېلىشنى ئېيىتتى. كامىل سۇ ئەكىلىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىشى، ئەخمەت ئۇنىڭ دولىسىدىكى قاپاقنى ئېلىپ كېتىپ قالدى.

— بۇ يەردە بىر ئېقىن بارىكەنە، — دېدى جەۋلان سومكىدىكى قاتلىمنى دەستىخانغا ئېلىۋېتىپ، — ھەيران بولىۋاتقىنىم ئەتراپى قاتمۇقات قومۇلۇق، بۇ سۇ نەدىن كېلىپ، نەگە بارىدىغاندۇ؟

— « قاقشاللىق » تىكى قومۇلۇقتىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىدۇ. ئاياغ-ئۇچى يەنە قومغا سىڭىپ كېتىدۇ، — دېدى كامىل يەرگە قارىغىنچە، — چوڭلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا بۇرۇن بۇ يەردە كاتتا شەھەر بولۇپ بىر پادىشاھلىقمۇ ئۆتكەنىكەن...

— بۇ يەردە سىزدىن باشقا يەنە ئىشلەيدىغانلارمۇ باركەن-ھە؟

— ئۈچ ئۆيلۈك كىشى بار، ئۇلارنىڭ ئىككىسىنىڭ پومبىشىك، بىرىنىڭ بۇزۇق ئۇنسۇر قالپىقى بار... ئۇلار مال باقىدۇ، ئوت ئورۇيدۇ، پىچانغا قارايدۇ.

ئەخمەت سۇ ئېلىپ كىردى. ئۇلار ئىلمان بولۇپ قالغان سۇغا نانلىرىنى چىلاپ

www.uyghurkitap.com

قورساقلىرىنى تويغۇزۇپ ئالغاندىن كېيىن جەۋلان كامىلغا بىر تال تاماكا سۇندى. ئەخمەتنىڭ ئىما-ئىشارىلىرىنى تىڭشاپ ئولتۇرغان كامىل چەكمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆزۈر سورىدى.

— مەن سىزنىڭ ئىشلىرىڭىزدىن خەۋەر تاپتىم، — دېدى جەۋلان كامىلغا، — لەيلى ھەم ئانىڭىز ھەممىنى دەپ بەردى. بۇ تۇرمۇشتىكى سورۇقچىلىق ھامان ھەل بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن سىز بىزنىڭ خىزمىتىمىزگە يېقىندىن ياردەمدە بولىشىڭىز، قوللىشىڭىز كېرەك...

— مەنىما؟

— ئەلۋەتتە سىز! ئاڭلىسام كەنتنىڭ ئىشلىرىدىن خەۋىرىڭىز باركەن، ھازىر سىز نەرسە-كېرەكلىرىڭىزنى يىغىشتۇرۇڭ، بىز بىللە قايتىمىز...

— كەنتكىما؟

— شۇنداق.

* * *

كەچكۈز پەسلى. لېكىن تەكلىماكاندىكى بىپايان سىرلىق، قۇم سەھراسىدىكى يېشىل مەرۋايىت ئەلئابادتىن تېخىچىلا ياز پەيزى كەتمىگەنىدەك قىلاتتى. پەقەت ئالتۇندەك سارغايغان توغراق، قىپقىزىل ۋە قوڭۇر تاۋلانغان ئۆرۈك ياپراقلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا قاراڭغۇ باغلار، كۆجۈم مەھەللىلەر، خىلۋەت ئورمان يەنىلا كۆكىرىپ تۇراتتى. ئەدناسى، بەزى ھويلىلاردا تۇغ باغلىغان كەك ياپراقلار ئارىسىدا قاشتېشىدەك سۈزۈك ئۈزۈملەر ياللىراپ تۇرسا، قېلىن تۈك قاپلىغان ساپسېرىق بىھىلەر، مارجاندەك تىزىلغان جىگدىلەر شاخلىرىنى ئېگىپ ساڭگىلاپ تۇراتتى...

باغدىكى قېلىن ئوت ئۈستىگە سېلىنغان كىگىز ئۈستىدە كامىل بىلەن جەۋلان بىر-بىرىگە قاراپ ئولتۇرۇشاتتى. جەۋلان لېگەندىكى قىزىل ئۈزۈم، شەربەتلىرى ئېقىپ تۇرغان قوغۇنغىمۇ قارىماي كامىلنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى تىڭشىماقتا ۋە خاتىرىلىمەكتە ئىدى. كامىل گەرچە لەيلى بىلەن بولغان مۇھەببەت پاجىئەسىنى، كەنت باشلىقى ئىگەمبەردىنىڭ شەھۋەتپەرەسلىكىنى قالدۇرماي سۆزلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىقتىسادىي جەھەتتىكى چوڭ يەپ، چوڭ ئىگىلەش، خىيانەت، ئوغرىلىقلىرىغا كەلگەندە ئىككىلىنىپ قالدى. جەۋلاننىڭ قايتا-قايتا چۈشەندۈرۈشىدىن كېيىنلا ئۇ ئۆزى چېتىلىپ قالغان مەسىلىلەرنىمۇ قويماي سۆزلىدى.

كۆكۈچ قۇم تاغلىرىغا پېتىۋاتقان قۇياشنىڭ ئاخىرقى قىيپاش نۇرلىرىمۇ ئۆچتى. باغنى بېشىغا كىيىپ چۇرۇقلىشىۋاتقان قۇشقاچلارمۇ پەيلىرىنى تازىلىشىپ ئۆز ئۇۋىلىرىغا كىرىپ جىمىقتى. گۇگۇم پەردىسى ئاستا-ئاستا يېيىلىشقا باشلىدى. ئۇلار مۇشۇ ئولتۇرۇشتا ئاينىمۇ كۈتۈۋالغان بولاتتى. لېكىن لەيلى تاماق تەييار بولغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلارنى ئۆيگە باشلىدى.

كامىل جەۋلاننى ئۇزىتىپ چىققاندا قۇم دېڭىزىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاي دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىن يارقىن جۇلالىنىپ، كۆكۈچرەڭ شايىدەك سىرلىق نۇرىنى جىمجىت كەنت سىماسىغا يايغانىدى.

— ئۆزلىرىگە بىر ئىلتىماسىم، — دېدى كامىل جەۋلاننى ئۇزىتىپ چىقىۋېتىپ، — ھازىرچە مەن ئاكتىپلار گۇرۇپپىسىغا قاتناشمىسام... چۈنكى...

— سىزنىڭ نېمىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلمەن، — دېدى جەۋلان پۈتۈن كەنت ۋە يېزىغا پۇر بولۇپ كەتكەن لەيلى ۋەقەسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، — شۇڭا ئەڭ ئالدى بىلەن سىزنىڭ تۇرمۇش ئىشىڭىزنى ھەل قىلىمىز.

— بۇ مۇمكىن بولارمۇ؟ ئۇ بولسا خەنزۇ قىز... بۇ يەردە...

— قېنى، مەن بىر ئۇرۇنۇپ كۆرەي، مېنىڭمۇ ئويلىغانلىرىم بار. سىز خاتىرجەم بولۇڭ... لېكىن ئىشلىرىڭىز بىر تەرەپ بولغىچە لەيلىنىڭ ئۆيىگە كىرمەڭ، بولۇپمۇ كېچىلىرى...

— خاتىرجەم بولسىلا، ئىگەمبەردىگە قويرۇقۇمنى تۇتقۇزىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن. ھېلىمۇ لەيلى ئانام بىلەن مېھمانخانىدا يېتىۋاتىدۇ. ئۆز ئۆيىدە بولسىمۇ كىرمەيمەن...

جەۋلان كامىل بىلەن خوشلىشىپ قايتقاندا خېلى بىرۋاق بولۇپ قالغانىدى. ئۇ كامىلنىڭ ئۆيىنىڭ دوقمۇشىدىن قايرىلىشىغا قېرى ياغاچ ئارقىسىدا بىر نەرسىنىڭ لىپ قىلغان قارىسىنى كۆردى-دە، يۈرىكى جىغىلا قىلىپ قالدى.

— كىم سەن؟

— بۇ... بۇ... مەن.

— كەنت باشلىقى؟ بۇ يەردە نېمىش قىلىدىلا؟ — جەۋلان ئىگەمبەردىنىڭ سوغۇق تەلەتىگە نەشتەردەك قادالدى.

— ھە... ھە... بۇ... ئۆيدىكىلەر ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەتكەن، شۇ يەرگە بېرىپ قايتىشىم...

— بۇ ياغاچ تۈۋىدە دەم ئېلىپ ئولتۇرغانمىدىلە؟

— يوغسۇ... يوغسۇ، — ئىگەمبەردى سېرىق چىگىش ساقاللىرىنى تاتىلىدى، — بۇ يەردە زەرە قىلاي دەپ... ئۆزلىرى؟

— نۆۋەتخان ئاچام كېسەل بولۇپ قاپتىكەن، يوقلاپ كەلدىم.

— شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، موماي لەيلى بىلەن يېتىۋېتىپتۇ، كامىل ھويلىدىكى قازناقتا ئۆي تۇتۇپ ئولتۇرۇپتۇ.

ئىگەمبەردىنىڭ ئۆڭى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ نېمە دېيىشنى بىلمەي، تۇنجۇققاندەك بولدى-دە، زورۇقۇپقىنا كۈلۈپ قويۇپ ئالمان-تالمان يولغا راۋان بولدى.

قارا بۇ بەدنىيەتنى، — دېدى جەۋلان ئىچىدە شۇۋىرلاپ، — كامىلنى تېخى ئىش ئۈستىدە تۇتماقچى ئىكەندە... ئۇ، ئىگەمبەردىنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ بىر ھازا تېڭىرقاپ قالدى-دە، يولغا راۋان بولدى. تولۇن ئاي تەكلىماكاننىڭ نىل رەڭلىك ئاسمىنىدا ئۈزمەكتە. ۋادىكىلىك ئۆيلەر، قاراڭغۇ باغلارنى ئاھادا قىلغان پاخال ساتىملار، يۇلغۇن قاشالىرىدىن ئاتىلىپ چۈشكەن جىگدە، ياغاچلارنىڭ ئالا كۆلەڭگىلىرى قۇم توپىلىق يوللاردا سىرلىق تىترەيتتى. بۇ يېشىللىق بىپايان قۇم بارخانلىرى چۆللۈكىگە ھاياتلىق نىشانىنى بەخش ئەتكەندەك ناگان-ناگاندا ئىتلارنىڭ سوزۇپ-سوزۇپ قاۋاشلىرى، تۈن قۇشلىرىنىڭ ئۇيقۇلۇق چۇرۇقلاشلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى. قۇم سەھراسىدىن ئۇرغان سالقىن شامال ئۆگزىلەرگە تىزىۋەتكەن كۆزلۈك قوغۇننىڭ ئېپار ھىدىنى دىماقلارغا ئۇراتتى.

جەۋلان ياتىقىغا قايتىپ كېلىپ ئۇزۇنغىچە ئۇخلىيالمىدى. ئۇ لىگەندىكى كۆك شاپتۇلدىن بىر نەچچىنى شۈپىلاپ يېدى. دىققەتسىزلىكتىن شاپتۇلنىڭ شەربەتلىرى كۆڭلىكىنىڭ ئالدىنى ھۆل قىلىۋەتتى. قوللىرىنى يۇيۇپ، ئېغىزىنى چايقاپ، يېتىپ باقتى. يەنە ئۇخلىيالمىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تاماكا تۇتاشتۇردى. تولغىنىپ چېقىۋاتقان تاماكا ئىسلىرى ئارىسىدا يەنىلا كامىلنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى بىر-بىرلەپ ئايان بولاتتى.

* * *

ئېغىر خىياللار ئىلكىدە غەزەبلىنىۋاتقان كامىل ئارىلاپ-ئارىلاپ ئىچ ئاتنى نوقۇپ، ياندىق ئاتلارنىڭ بېشىدا قامچىسىنى قارسىلدىتىپ قوياتتى. ئۇ «چۇھ جانىۋارلار» دەيتتىيۇ، لېكىن يەنىلا غەزەبلىنەتتى، قورقاتتى، ۋەھىمىگە چۈشەتتى. تۇرۇپلا ئانىسىنىڭ «جېنىم بالىكام، دۇنيادا كۆپىنىڭ ھەققىنى يېگەندىن يامان گۇناھ يوق، يەنە بىرى يېتىم ھەققىدۇر» دېگەن سۆزلىرى ئېسىگە كېلىش بىلەن يىللاردىن بېرى قىلىۋاتقان ئىشلىرى ئۇنى ۋەھىمىگە سېلىپ قوياتتى. مانا بۇ قېتىممۇ ئۇنى تەگلىك ئىسكەنجىسىگە قىسىۋالغىنى كەنت باشلىقى ئىگەمبەردىنىڭ 10 خالتا ئاق ئۇغۇتنى شەھەر دەگلىرىدە تىمىسقىلاپ، ئوغرىلاردەك قېچىپ يۈرۈپ سېتىپ ۋۇجۇدىنى قارا قىلغانلىقى ئىدى.

كامىل پات-پات شەھەرگە مايلىق دان، پاختا، قۇرۇق يەل-يېمىش ئەكىرىپ ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا ئۆتكۈزىدۇ. كامىلنىڭ شەھەرگە مېڭىشىنى ئاڭلىغان قېرى-چۆرە، ئەر-ئاياللار بىر سېۋەت تۇخۇم، بىر قاپاق ماي، بىرەر خالتا جىگدە دېگەندەك نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا سۇنۇپ، «چاي، تۇز قىلغاچ كېلەرسەن» دېسە، بەزىلىرى «تامبىلىم ئىت تالىغاندەك بولۇپ كەتتى. بىرەر تامباللىق...» دەيتتى. يەنە بەزىلىرى «كونا-يېڭى بولسىمۇ كارايىتى چاغلىق» دەپ سۆلكەت قىلىشاتتى. كامىل مايلىق دان، پاختا، ئاشلىق ئۆتكۈزۈپ يۈرۈپ ئاشلىق ساڭلىرىدىكى، پاختا زاۋۇتلىرىدىكى بوغالتىر، ھېساباتچى، ئىش باشقۇرغۇچىلار بىلەن تونۇش بولۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مايلىق ئالغاچ كېلىشىنى دېسە، بەزىلىرى گۆلە-قاق، جىگدە، تۇخۇم دېگەندەك نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىشاتتى. كامىل ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى قاندۇرۇشتىن سىرت بىرەر پۇلۇق شاپتۇل، ئۈزۈم دېگەندەك مېۋىلەرنى ئالغاچ باراتتى. ئۇلار پۇلنى تۆلىگەنىنىڭ ئۈستىگە خېلى يېڭى ئىشتان، كۆڭلەك، ئاياغلارنى ھېسابلاشمايلا بېرىۋېتەتتى. ئۇلار: «ھەي كامىلى، كامىلى، خاۋشوخوزا» دېيىشىپ ئۇچۇملاپ كەمپىت، قەن-گېزەك، پېچىنىلەرنى كامىلنىڭ خورجۇنىغا تۆكۈپ بېرەتتى. كامىلمۇ تۇرمۇشتىكى تىللارغا پىشىپ قالغاچقا لايىقىدا ئۆزۈرخاھلىق ئېيتاتتى. كەنتكە قايتقاندىن كېيىن كامىلنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىغان ئاجىز-يورۇق، ئورۇق ئەت دېھقانلار تەشكىلگە يىغىلاتتى-دە، ئۆز نېسىۋىسىنى ئالاتتى. ئەلۋەتتە ئەخمەتمۇ ئىشتان-كۆڭلەك، تاتلىق-تۈرۈملەردىن قۇرۇق قالمايتتى.

ساۋابلىق بۇ ئىشلار كامىلنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ، يۈرىكىنى شادلىققا تولدۇراتتى. لېكىن ھەر قېتىم شەھەرگە مېڭىش ئالدىدا ئىگەمبەردىنىڭ «بۇ قېتىم بىر ھاجىتىم بار» دېيىشىدىن كامىلنىڭ يۈرىكى سۇ ئىدى.

ھەر يىلى يېزىلىق ھۆكۈمەت قۇمتام كەنتكە ئاق ئۇغۇت تەقسىم قىلىدۇ. بۇنى كامىل جەدۋەللەرگە قول قويۇپ ئېلىپ كېتىدۇ. لېكىن ئەترەتلەرگە بىر-ئىككى خالتىدىن تەقسىم قىلغاندىن كېيىن قالغىنىنى «كوللىكتىپ مېۋىلىك باغقا چېچىلدى»، «كەنت ئورمانلىقى ئەي قىلىندى» دېگەن بىر ئېغىز گەپ بىلەن كەنت باشلىقى ئىگەمبەردى

شەھەردە قىممىتىگە سېتىپ چۆنتىكىنى توملايدۇ. ھەتتا يۇقىرىدىن بەش كېپىللىك قۇتقۇزۇش ئائىلىلىرىگە بېرىلگەن كىگىز، يوتقان-كۆرپە، كىيىم-كېچەكلەرمۇ ئىگەمبەردىنىڭ قازنىقىغا كىرىپ كېتىدۇ. ئەڭ بولمىسا، ئۆزىنىڭ بالىلىرىنىڭ سۆيىدۇك پۇراپ كەتكەن يوتقان-كۆرپىلىرىگە ئالماشتۇرۇۋالىدۇ. بىر كېچىسى ئىگەمبەردى كامىلنىڭ ئۆيىگە ئالتە يوتقان، تۆت كۆرپىنى ئېلىپ كېلىپ شەھەرگە ئەكىرىپ «سۇ» قىلىپ چىقىشنى ئېيتقاندا كامىل يۈز-خاتىرە قىلماي:

— نوموس قىلسىلا، بۇ ئەسلى قۇتقۇزۇش ئائىلىلىرىگە بېرىلگەن نەرسىلەر، ھارۋىدا چەللە باراڭدەك بېسىپ ماڭسام، ئەزالاردىن بىرى كۆرۈپ قالسا نېمە دەر؟— دېدى.

— كېچىسى بېسىپ بېرىمەن. مۇنۇ ئىككى كۆرپە ساڭا قالسۇن...

— ماڭا لازىمى يوق، ئانام ئۇقسا قۇلىقىمنى يۇلۇپ قولۇمغا ئېلىپ بېرىدۇ...

— ئەقلى يوق دېۋەڭ، توي قىلساڭ لازىم بولمامدۇ؟!...

ئىگەمبەردى ھەر قېتىم كامىلنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاش ئۈچۈن مانا مۇشۇنداق قىلاتتى. ئالدىنقى يىللاردا ئاق ئۇغۇتنى خالتىسى بىلەن كۆتۈرۈپ، بەش كېپىللىك ئائىلىلەرگە بۆلۈپ بەرگەنىدى، يوتقان-كۆرپىلەرنىمۇ شۇ ئۇسۇلدا كۆزدىن يوقىتىپ ئانىسىنىڭ تاپا-تەنىسىدىن قۇتۇلغانىدى. بولمىسا ئانىسى بۇنداق ھارام نەرسىلەرنى ئۆيگە ئەكىرگۈچى بولما، ئىككى پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىغاندا مېنى ئۇ دۇنياغا پاكىراق كەتكىلى قوي دەيتتى.

خېلىدىن بېرى قامچا ئاۋازىنى، ئىگىسىنىڭ «قېنى جانىۋارلار» دېگەن ئەركىلىتىشنى ئاڭلىمىغان ئاتلارنىڭ ئايىغى ئاستىلاپ، ھارۋا ئۇقى غىچىرلاشقا باشلىغانىدى. كامىل خىيال قايىنىمىدىن چىقالمىغانمۇ بولاتتى. لېكىن ئارقا تەرەپتىن كەلگەن ئاۋاز ئۇنى چۆچۈتىۋەتتى:

— ئاكا، ماڭا رەھىم قىلىڭ، قورسىقىم ئېچىپ كەتتى...

كامىل ھارۋا ئىزىدىن كېلىۋاتقان خەنزۇ تىلەمچىگە قايرىلىپ قارىدى. بۇ تىلەمچى ئادەتتىكى تىلەمچىلەرگە ھەرگىز ئوخشىمايتتى. مۇشۇ تومۇز ئىسسىقتا ئۇ تۇلۇمدەك ئېسىلىپ تۇرغان قېلىن كېلەڭسىز ئىشتان كىيىۋالغان بولۇپ، ئۈچىسىدىكى قاپقارا مازلار ساڭگىلاپ تۇرغان پاختىلىق چاپىنى خۇددى كۆلگە پۇچۇلىغاندەك كىر ۋە مەينەت ئىدى. رەڭگىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان ئىشتان يىرتىقلىرىدىن قوپال توقۇلغان كونا ماشرەڭ يۇڭ ئىشتىنى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كېگىزدەك چىگىشلىشىپ كەتكەن چاچلىرىنى يوشۇرۇپ تۇرغان پاختىلىق قۇلاقچىسى، پۇت بارماقلىرى چىقىپ قالغان لاتا خېيىدەكلا تىتىلىپ كەتكەنىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ قارا-قورۇلار سوۋۇالغان يۈزىدىن ئېقىپ چۈشكەن تەر ئېرىقچىلىرى ياداڭغۇ يۈزىنى ئالا-پاساق قىلىۋەتكەنىدى.

— ئاكا، ماڭا رەھىم قىلىڭ... قورسىقىم ئېچىپ كەتتى...

كامىل بۇ تىلەمچىنىڭ زەئىپ ۋە نازۇك ئاۋازىدىن ئۇنىڭ تېخى ياش بالا ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئىچى ئاغرىپ قالدى. ئۇ پوتىسىغا تۈگۈۋالغان زاغرىنىڭ يېرىمىنى ئۈشتۈپ ئۇنىڭغا تەڭلىۋىدى، تىلەمچى يۈگرۈپ كېلىپ ئالمان-تالمان زاغرىنى ئېلىپ ئاچكۆزلۈك بىلەن چايناشقا باشلىدى.

كامىل ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان كۈنگە قارىدى-دە، ئاتلىرىنى قامچىلىدى. چۈنكى ئۇ قاراڭغۇ چۈشكىچە خانىرىق دېگەنگە يېتىۋالمىسا بولمايتتى. ئاتلار چىڭدالغان شورلۇق

uyghurkitap.com



يولدا يۇشقۇرغىنىچە چاپماقتا ئىدى. لېكىن تىلەمچى هارۋا ئارقىسىدىن يۈگرەپ دېگۈدەك كېلىۋاتاتتى. كامىل ئاتلارنى ئاستىلىتىپ كەينىگە قايرىلدى.

— نەگە بارىسەن؟ — دېدى كامىل خەنزۇچە، — هارۋىغا چىقىۋال.

تىلەمچى هارۋىغا چىقىۋالدى. ئۇ لەنگەنزىگە يۆلەنگىنىچە كامىلغا ھېجىيىپ قويدى. ئۇنىڭ ئاق قوناقنىڭ دانىسىدەك ئاپئاق چىشلىرى مەينەت چىرايىنى بىر دەقىقە ۋاللىدە يورىتىۋەتتى.

— ئېتىڭ نېمە؟ — دېدى كامىل يېنىدىكى يېرىم زاغرىنى ئۇنىڭغا سۇنۇۋېتىپ.

— لەيخۇا.

— نەچچە ياشقا كىردىڭ؟

— 18 ياشقا...

— نەگە بارىسەن؟

— بىلمەيمەن...

— ئاتا-ئاناڭ بارمۇ؟

— ھەممىسى ئاچارچىلىقتىن ئۆلگەن...

كامىل لەيخۇانىڭ بەزى گەپلىرىنى چۈشەنمىگىنى بىلەن ئۇنىڭ قەھەتچىلىك، ئاپەتلىك يىللارنىڭ قۇربانى ئىكەنلىكى، ئاتا-ئانىسىنىڭ، ئۇكىلىرىنىڭ پاجىئەلىك ھاياتىنى ئاز-تولا چۈشەنگەندەك بولدى. لەيخۇامۇ سۆزلىرىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ ۋە ئېنىق تەلەپپۇز قىلىش ئارقىلىق كۆڭلىدىكى دەردلىرىنى تۈنجى قېتىم تۆكۈپ كۆكسى-قارنى بوشىغاندەك بولۇپ قالدى. ئەزەلدىنلا باغرى يۇمشاق، ئاقكۆڭۈل كەلگەن بۇ چۆل ئوغلى ئۇنىڭ ئىنتايىن مەيۈس، ئۈمىدسىز كۆزلىرىنى كۆرۈپ تەسەللى ئورنىدا لەيخۇانىڭ مۈرىسىگە يۇمشاق ئۇرۇپ قويدى.

— سىز خەنزۇچىنى بىلىدىكەنسىز...

— مەنما؟ — كامىل كۈلۈۋەتتى، — ئاز — تولا دېگەندەك...

كەچلەپ خانئېرىق دېگەن يېتىپ كەلگەن كامىل دەڭنىڭ چىلە يۇراپ تۇرغان ھويلىسىدا ئاتلىرىنى چىقىرىپ، ھارۋا شوتىسىنى ئۆرىدەپ قويۇپ ئاتلارنى يېتىلەپ كوچىغا ماڭدى.

كامىل تېزەك كۈكۈنلىرى يۇراپ تۇرغان نەم كوچىلاردا ئاتلارنى سۇغۇرۇپ بىردەم ئايلىنىپ-چۆرگىلەپ يۈرگەندىن كېيىن، ئېرىقتا سۇغۇرۇپ دەڭ ھويلىسىغا كىرگەندە لەيخۇا ھارۋا چاقىغا يۆلىنىپ، تىزلىرىغا بېشىنى قويغىنىچە ئۇخلاپ قالغانىدى. ئۇ قىسقا-قىسقا يۆتىلەتتى.

— ھەي بالا، لەيخۇا، — دېدى كامىل چۆچۈپ ئويغانغان لەيخۇاغا قاراپ، — دەڭ سۆكسىدە بىللە ئۇخلايمىز... مەن ئاتلارنى ئوتقا قويىۋېتەي.

كامىل ئات ئېغىلىدىن قايتىپ چىققاندا لەيخۇا ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئەتراپىغا قاراپ بىر ئاز تېڭىرقاپ تۇرغاندىن كېيىن دەڭنىڭ پالاس سېلىنغان ھويلىسىغا كىرىپ كەتتى.

تاڭ سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن كامىل ئاتلارنى دەڭ ئالدىدىكى ئېرىقتا سۇغۇرۇپ ھويلىغا كىرگەندە ھارۋا ئاستىدىكى زەي يەردە لەيخۇا تۈگۈلۈپلا ئۇخلاۋاتاتتى.

— ھەي بالا، تۇرە ئورنۇڭدىن.

لەيخۋا قوينىغا تىقىۋالغان قوللىرىنى چىقىرىپ، بېشىنى كۆتەردى-دە، قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىدە كامىلغا قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى بىسەرەمجان بولۇپ، توختىماي يۆتىلىپ تۇراتتى. كامىل ئۇنىڭ ئېسىلىپ كەتكەن يۈزلىرىگە قاراپ كۆڭلى بىرەر ئىشنى سەزگەندەك بولدى-دە، پېشانىسىغا قولىنى تەگكۈزۈپلا چۆچۈپ كەتتى. ئۇ ناھايىتى قىزىپ كەتكەنىدى.

ھارۋىنى قېتىپ بولغان كامىل تەڭلىكتە قالغانىدى. ئۇنى قانداق قىلىش كېرەك، كەنتكە ئېلىپ كېتىش كېرەكمۇ؟ ياق بولمايدۇ، ئانام ئاچچىقلايدۇ. بولۇپمۇ كەنت باشلىقى قارا نوپۇسنى باشلاپ كەلدى دەپ مېنى ئەيىبلەيدۇ. ئۇنىڭ تىل-ئاھانىتىگە قالىمەن. توغرا، يېزىلىق ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بەرسەم، شۇلار بىر نېمە قىلمامدۇ؟ ياق، ھازىرقى ۋاقىتتا ئۇلارمۇ قورقىدۇ.

— خەير-خوش، ئۇكا، — دېدى كامىل ئۇنىڭ چىرايىغا قارىماي، — مەن كەتتىم.

كامىل دەڭنىڭ تار ياغاچ كۆۋرۈكىدىن ھارۋىسىنى ئاۋايلاپ ئۆتكۈزۈپ يولغا چىقتى-دە، ھارۋا شوتىسىغا لىككىدە ئولتۇرۇۋالدى. ئۇ ئارقىسىغا قانچە قارىماي دېسىمۇ ئوت-كاۋاپ بولۇپ قىزىپ كەتكەن بالىنىڭ قارىغۇچىسىز، ئاش-تاماقسىز قېلىۋاتقانلىقىنى ئويلىغىنىدا يۈرىكىنىڭ قەيپىردۇر ئېچىشىپ ئارقىغا قارىغۇسى كېلەتتى. ئۇ ئاخىرى ئارقىغا قارىدى-دە، ھارۋىسىنى توختاتتى. چۈنكى پاناھلىق تىلەپ چىققان تىلەمچى بالا مەيدىسىنى تۇتقىنىچە يۆتىلىپ يول ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قالغانىدى. كامىل ئىچىدە ۋاي نېمە قوق، ئۇمۇ ئىنسان تۇرسا... دېدى — دە، يۈگرۈپ كەلگىنىچە بالىنى دەس كۆتۈرۈپ ھارۋىغا سالدى.

— رەھمەت ئاكا... رەھمەت سىزگە... رەھمەت... مىڭ رەھمەت...

بالىنىڭ كۆزلىرىدىن مىجىلداپ مىڭ يەردىن ياش تۆكۈلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن روھسىزلىق ۋە بىچارىلىك چىقىپ تۇراتتى. چىرايىدىن بولسا، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز دەرد-ئەلەم، ئۆتۈنۈش، يېلىنىش ئىلتىجاسى ياناتتى. كامىل كۆڭلىدىن ئەخمەتكە ياردەملىشىپ مالغا قارىسىمۇ كۈنى ئۆتمەمدۇ، دېگەننى ئۆتكۈزگەندە ئۆزىگە تەسكىن تاپقاندەك بولدى.

قۇياش قۇم بارخانلىرى ئارقىسىدا غايىب بولدى. ئاستا-ئاستا يېيىلىۋاتقان گۇگۇم پەردىلىرى بارخانلار يانباغىرلىرىدا سۆسۈنرەڭ شايلارنى يايدى. ئەتراپ تىمتاس، پەقەت ھارۋىدا ئوت-كاۋاپ بولۇپ ياتقان لەيخۋانىڭ تىنىمسىز ئىڭرىشىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەن كەنتكە كىرىپ كەلگەن كامىل لەيخۋانى ئاپئاق ئېچىلىپ كەتكەن بىر تۈپ ئازغان تۈۋىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ھارۋىنى كەنت تەشكىلىگە ھەيدەپ كىردى. ئۇ ئاتلارنى ئەخمەتكە تاپشۇرغاندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ لەيخۋانى ئالدى-دە، كەنتنىڭ بۈك-باراقسان خىلۋەت كوچىلىرى بىلەن ئۆيىگە ئېلىپ كىردى.

كامىل ھويلىدىكى سامان تەكىيگە باش قويۇپ ئۇخلاپ قالغان ئانىسىنىڭ قېشىغا ئاستا كېلىپ ئەيمىنىپكىنە چاقىردى:

— ئانا... ئانا كۆزلىرىنى ئاچسىلا... مەن كەلدىم...

— ھە، كىم؟ — موماي كامىلنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ شاپىلداپ سۆيۈپ كەتتى، — ۋاي غۇجىكام بالام، ئانام بالىكام، خوندەك بالىكام، يولۇڭغا قاراپ كۆزۈمنىڭ قارىقى ئېقىپ

كېتەي دېدىيا بالىكام، ھەپتىنىڭ قارىسىنى ئالماي قايتىپ كېلەتتىڭ. مانا ساڭا 11 كۈن بولدىيا بالىكام.

— بۇ قېتىم سەل ھايال بولۇپ قالدىم ئانا، — كامىل ئىگەمبەردىنىڭ ئاق ئۇغۇتىنى پۇل قىلىش ئۈچۈن ھايال بولغانلىقىنى ئانىسىغا تىنمىدى.

— مەن چىراغ ياقاي بالام، تەرى-ۋەستىكنى بىر كۆرەي، — موماي قارا چىراغنى يېقىپلا ھويلا ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇرغان لەيخۇانى كۆرۈپ قالدى، — ۋاي خۇدايىم بۇ كىم؟

— ئانا بۇ... بۇ ئاتا-ئانىسى يوق بىر يېتىم خەنزۇ بالىكەن، ماڭا ئەگىشىپ كەلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېسەل...

— ۋاي خۇدايىم، نەچچە كۈننىڭ ياغى ئوڭ قاپقىمىنىڭ تارتقىنى بىكار ئەمەسكەن. ئەمدى سەن ئۆيگە باشلىمغان خامسۇ (1) قالدىما؟

— ئانا، گېپىمگە قۇلاق سالسىلىچۇ، ئۇ ياخشى بولۇپ قالغاندىن كېيىن كەنت تەشكىلدە ئەخمەت بىلەن ماللارغا قارىسىمۇ بولىدۇ. ياكى بولمىسا يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ئاپىرىپ بەرسەم بىر يەرگە تىقىپ قويىمامدۇ.

— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن ئىگەمبەردى بىلىپ قالسا تېگى-تەكتى نائېنىق بولغان يات بىرىنى پەيدا قىلدى دەپ...

— ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى، قېرىنداشلىرى ئاچارچىلىقتا ئۆلۈپ كېتىپ قارا يېتىم بولۇپ قاپتۇ. ئۆزلىرى ساۋابلىق ئىشنىڭ چېكى يوق دەيتتىلىغۇ.

— ئۇغۇ شۇنداق، مۇسۇلمان بولمىسىمۇ خۇدايىمنىڭ بەندىسى، ھەي... — ئانا ئېغىر خورسىندى، — مەنغۇ سېنى مامۇقنىڭ ئۈستىگە تۇغمىغان... سېنىڭ باغرىڭنىڭ يۇمشاقلىقى، دىلىڭنىڭ ئاقلىقى، كۆڭلۈڭنىڭ تۈزلىكى...

موماي لەيخۇانىڭ مۆلدۈرلەپ، خۇدۇكسىنىپ تۇرغان كۆزلىرىگە، كۆڭۈلنى ئايناتقدەك مەينەت بولسىمۇ، بىچارىلىك يېغىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ ئىچى ئاغرىپ قالدى.

— ماقول بالام، بۈگۈنچە قازناققا بىر پارچە كىگىز تاشلاپ بەر، شۇ يەردە ياتسۇن، ھە راست قىزىپ قالدى دېدىڭمۇ، ئۇنىڭغا كاشكاپ قاينىتىپ ئىچۈرۈپ قوي، شاپول...

كامىل ئەتىسى ئەتىگەندە ئانىسى، لەيخۇا ئۈچى ناشتىلىق قىلغاندىن كېيىن كەنت تەشكىلگە بېرىپ بوغالتىرغا ھۆججەت، تالونلارنى ئۆتكۈزۈپ ئىگەمبەردىنىڭ ئۆيىگە باردى. ئىگەمبەردى ئۇنى ناھايىتى قىزغىن كۈتىۋالدى. ئۇ گەپ ئارىلىقىدا بازاردا ئاق ئۇغۇتنىڭ بىر خالتىسى نەچچە پۇل بولىۋاتقانلىقىنى، بۇغداي بىلەن قوناقنىڭ چارىكى نەچچە پۇلغا چىققانلىقى، قوي بورداپدىغانلار چىگىتنى قانچە پۇلدىن ئېلىۋاتقانلىقىنى، بازار باشقۇرۇش كادىرلىرىنىڭ بوشاپ قالغان-قالمىغانلىقىنى ھەممىنى سوراپ بىلگەندىن كېيىن كامىلغا ئاستا ئېگىشتى:

— قارا ئوكا، بۇ قېتىم شەھەرگە چىگىت ئەكىرسەن. چىگىت ئاستىغا 20-30 چارەكتەك بۇغداي، قوناق بېسىپ بېرەي، سۇ قىلىپ چىققىن...

— ئەمدى بۇ ئىشنى قىلمىسىڭىز قانداق؟ مېنىڭ، بازار باشقۇرۇش كادىرلىرى ھەممە يەرنى قاپلاپ كېتىپتۇ. بۇ قېتىم 10-خالتا ئۇغۇتنى سېتىپ بولغۇچە تاس قالدىم

(1) خامسۇ — خەنزۇ دېمەكچى.

تۇتۇلۇپ قالغىلى.

— ئەخمەق، ئويلاپ باق، 26 ياشلارغا كىرىپ قالدىڭ، تېخىچە ئۆيلىنەلمىدىڭ. نېمىشقا؟ قىيىنچىلىقىڭ بار، تېخى ئاناڭنى داۋالىتىمەن دەپ تەشكىلگە قەرزگە بوغۇلدۇڭ.

— قەرزىمنى بىر ئامالالاپ تۆگىتىمەن، — دېدى كامىل جىددىي قىلىپ، — لېكىن بۇندىن كېيىن بۇنداق ئىشنى قىلمايمەن. ئەگەر ھۆكۈمەت قولىغا چۈشۈپ قالسام يالغۇز ئانامغا كىم قارايدۇ؟

كامىل ئاق ئوغۇتنىڭ پۇلىنى ئىگەمبەردىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ قايتىپ كەلگىنىدە ئانىسى ئىشىك ئالدىدىكى جىگدە كۆتىكىدە ئولتۇراتتى. كامىل يىراقتىنلا ئۇنىڭ خاموش ھالىتىنى كۆرۈپ، ئەيمىنىپكىنە ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئانا، مىجەزلىرى يوقمۇ نېمە؟

— ياقەي بالام، چۈشلۈك تامىقىڭنى يېمەي نەلەردە يۈرۈيسەن؟ ئاۋۇنىڭغا، — دېدى موماي قازاناقنى ئىشارە قىلىپ، — بىر ئاياغ قېتىق بىلەن يۇمشاق ئارپا كۆمىچى ئەكىرىپ بەردىم. ھۆ... ھۆ، ئۇنىڭ پاسكىنىلىقىغا... قىم-قىم پىت بېسىپ كېتىپتۇ... ئۇستىباشلىرىدا ئۆمىلەپ يۈرۈيدۇ...

— قانداق قىلىلا، ئانا؟

— مەن كان ئوچاققا سۇ قويۇپ قويدۇم، ئىسسىپمۇ قالغاندۇ، سەن داس، سوپۇن، سۇنى ئەكىرىپ بەر يۇيىنىۋالسۇن. ھە راست، ئۆزۈڭنىڭ بىر قۇر كىيىمنى ئەكىرىپ بەر، ئۇنىڭ ھەممە ئەسكى-تۈسكىلىرىنى باغلاپ باغقا كۆمۈۋەت...

— بولىدۇ، ئانا.

— توختىغىنا بالام، ئاخشام سېلىپ بەرگەن كىگىزنى ئاپتاپقا يېيىۋەت، قازاناقنى پاكىزلىۋەت.

كامىل چېلەكتە سۇ، داس، ئۆزىنىڭ بىر قۇر كىيىمنى ئەكىرىپ بەرگەندە قازاناق تېمىغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان لەيخۇا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايى خېلىلا تۈزۈلۈپ قالغاندەك ئىدى.

— قانداق، خېلى ياخشى بولۇپ قالدىڭمۇ؟

— رەھمەت، بۈگۈن ياخشى.

— كىيىملىرىڭنى سال، يۇيۇنغىن.

— مەن... مەن...

— ۋاي نېمىگە تارتىنىسەن؟ — كامىل ئۇنىڭ قولاقچىسىنى ئېلىۋېتىشى بىلەنلا پاخپايغان چاچ لەپلا قىلىپ ئۇنىڭ گەدىنىگە چۈشتى، — چېچىڭنى چۈشۈرۈۋەتسەم بولغىدەك.

لەيخۇا چاپىنىنى سېلىشقا خېلىلا تىرەجەپ تۇرۇۋالغان بولسىمۇ، كامىل بىر قۇر كىيىمنى ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلاپ، لەيخۇانىڭ چاپىنىنى ئۆزى سالدۇرۇۋەتتى، لېكىن لەيخۇا دەرھال ئارقىسىنى قىلىۋالدى.

— ۋاي، ساڭا نېمە بولدى، قىز بالىدەك نازلىرىڭنى تېخى، ماۋۇ ئاتىنىڭ چولۇۋۇرىدەك بولۇپ كەتكەن ئىشتانىنىمۇ سېلىۋەت.

كامىل لەيخۇانىڭ مۈرىسىدىن بىرلا تارتىپ ئۆزىگە قارىتىشى بىلەن ئۇنىڭ مەيدىسىنى توسۇۋالغان ئالقانلىرى ئارىلىقىدىن يۇپ-يۇمىلاق يۇمران كۆكسى كۆرۈنۈپ

uyghurkitap.com

قالدى. نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان كامىل دەرھال ئۆزىنىڭ ئەكىرگەن كىيىملىرىنى ئالدى-دە، ئۆيدىن ئوخچۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ، بوغۇزىغا نېمىدۇر قاپلىشىپ قالغاندەك نەپەسلىرى تېزلىشىپ كەتكەنىدى.

توغرا، — دېدى كامىل ئىچىدە پىچىرلاپ، — شۇڭا ئۇ خانىبىق دېگىنىدە بىللە ياتقىلى ئۇنىمىغان ئىكەندە.

— بالام، — دېدى باغدىن ئېتىكىگە ئۆرۈك تېرىپ چىققان موماي، — نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن، بۇ كىيىملەرنى نېمىگە قايتۇرۇپ چىقتىڭ؟

— ئانا، بۇ... بۇ... ئەستاغپۇرۇللا...

— ھە، نېمە بولدى؟ نېمىشقا زوۋانىڭنى ئاچمايسەن؟

— ئۇ... ئۇ...

— ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ؟

— ئۇ... ئۇ دېگەن قىز بالىكەن!

— قىز بالىكەن؟

— شۇنداق.

— گۇمانىم توغرا ئىكەن، — دېدى موماي سۇپىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، — مەن ئۇنى تۇنجى قېتىم كۆرگەندىلا، ئۇنىڭ مەينەتچىلىك يوشۇرۇپ تۇرغان مەسۇم چىرايىغا، بويۇنلىرى، يۇمران ئىڭەكلىرى، تومپىلاق لەۋلىرى، قىزلارغا خاس نېپىز يۈزلىرىگە قاراپ، ھەجەپ قىز بالىغا ئوخشايدىكەن، دېگەن ئويغا كەلگەنىدىم.

موماي ئېغىر خورسىندى. ئۇ مەيدىسىنى تۇتقىنىچە ئۈن-تىنسىزلا ئۆيگە كىرىپ كەتتى ۋە ھايال بولمايلا قاتلانغان كىيىمنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئوغلىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. بۇ كۆك گۈللۈك، سۆس قىزىل تەگلىك كۆڭلەكنى بولتۇر ھېيتتا كامىل تىكتۈرۈپ بەرگەنىدى. كۆڭلەك ئارىسىدا يېشىل دەنىزە ئىشتانمۇ بار ئىدى.

— ئانا بۇ...

— بۇ قېتىم يۇسام كىرىشىپ ماڭا كىچىك كېلىپ قالدى. يۇيۇپ قاتلاپ ئېلىپ قويغان، ئەكىرىپ بەر، — ئانا كەينىگە بۇرۇلۇپلا ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

كامىل قازناق ئىشىكى ئالدىدا بىردەم تېڭىرقاپ تۇرغاندىن كېيىن، ئىشىكنى چەكتى. لەيخۇا ئىشىكنى ئاچتىيۇ يەرگە قارىۋالدى. كامىل كىيىمنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قايتىپ چىقتى. ئۇ تولىمۇ چىگىش خىياللار ئىلكىدە سۇپىدا ئۇزۇن ئولتۇردى.

توۋا خۇدايىم، بۇ نېمە ئىشتۇ، — دەيتتى كامىل ئىچىدە پىچىرلاپ، — ئەمدى قانداق قىلارمەن؟ كىچىككىنە قىز بالىنى قانداقمۇ ئېغىلدا ئىشلەتكىلى بولسۇن، بىر يات قىزنى يېزا-كەنتلەردە سۆرەپ يۈرسەم كىشلەر نېمە دەر، نېمە يامان خىياللاردا بولار، نېمە پوق يەپ ھارۋىغا سېلىۋالغاندىمەن... ئەمدى قانداق قىلسام بولار؟

كامىل ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىپ ئانىسىنىڭ بېشىدا قاراپ تۇرغىنىنىمۇ سەزمەي قالدى. موماي سۇپىدا ئولتۇرغاندىن كېيىن ئوغلىغا ئەمدى قانداق قىلماقچى سەن، دېگەن ئېغىر نەزەردە قاراپ قويدى.

— ئانا، — دېدى كامىل بېشىنى كۆتەرمەي، — ئۇ ئەمدى مال ئېغىلدا ئىشلىسىمۇ بولمىغۇدەك.

— ھۆددەس بولمايدۇ، — موماي جىددىيلەشتى، — بولۇپمۇ ئىگەمبەردى دېگەن

بىر ئاچ بۆرە، هايۋان، ئۇنىڭ كەنت-ئايماقلاردا قىلغان بۇزۇقچىلىقى ئازمۇ؟ ئەڭ ياخشىسى شەھەرگە ئاپىرىۋەت.

— مەنمۇ شۇنى ئويلاپ تۇراتتىم، — دېدى كامىل ئىچچىۋىتىلگەن قازناق ئىشىكىنى ئېما قىلىپ، — ئۇ يېيىنىپ بولغان ئوخشايدۇ.

— ئۇنىڭ ھېلىقى پاسكىنا توقۇملىرىنى كۆمۈۋەت، — موماي دوڭغاسلاپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

كامىل قازناققا كىرگەندە لەيخۇانى تونىمايلا قالدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ھۆپپىدە قىزارغان، ئاقيۈزلۈك، ئوياتچان بىر قىز تۇراتتى...

قىزنىڭ نازۇك بويۇتلىرىنى يېپىپ تۇرغان قارا قوڭۇر چاچلىرى ئاپئاق توخۇم يۈزلۈك ھۆسنىگە قوشلاپ ھۆسن قوشقانىدى. قاپقارا چوڭ كۆزلۈك، قويۇق كىرپىكلىك، تولمۇ ئوماق بىر قىز شەلپەردەك قىزىرىپ، تىرنىقىنى تاتىلىغانچە كامىلغا غىل-پال قاراپ تۇراتتى... قومۇش قەلەمدە تارتىلغاندەك تۈز، ئىنچىكە قېشى، ئېقىپ چۈشكەندەك بۇرنى، ئالۇچىدەك كىچىك لەۋلىرى خىجىللىق ئىلكىدە يەرگە باققان بۇ قىزغا تەبىئي گۈزەللىك ئاتا قىلىپ، ئۇنى سەھرانىڭ ئېپپەت-نومۇسلۇق مەسۇمەلىرىگە ئوخشىتىپ قويغانىدى... كامىل گەرچە كىبلەڭسىزدەك كۆرۈنسىمۇ ئۇنىڭ ھۆسنىنى ئېچچۆتكەن چىت كۆڭلەككە، ئۇشۇقلىرىنى يېپىپ تۇرغان يېشىل دەنبىزە تامبالغا، رەتلىك سوزۇپ-تارىتۋالغان چېچىغا قارىدى.

— ئانىڭىز كىرگۈزگەن كىيىمنىڭ ئىچىدە باركەن، — دېدى لەيخۇا ئويۇقتىكى ياغاچ تاغاق بىلەن سۆزگۈچنى كۆرسىتىپ.

— ...

— قانداق بوپتىمۇ؟ — دېدى قىز ۋە تاتلىققىنا كۈلدى. ئۇ، كۈلگەندە چىشلىرىنىڭ سول تەرىپىدىكى كىچىككىنە ئوغرى چىشى ۋىللىدە چاقنىدى...

ئاھ خۇدا، ئوغرى چىشمۇ قىز بالىنى ئاجايىپ ئۆز كۆرسىتىدىكىنا دېگەن ئوي كۆڭلىدىن ئۆتكەن كامىل ئالمان-تالمان يۈزىدا دېسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى. ئۇ قايتىپ كىرىپ لەيخۇانىڭ كىيىملىرىنى ئېلىپ چىقىپ باغقا كۆمۈۋەتتى. كەچكە يېقىن كامىل قازناقتىكى بوغا، جاۋەن، لىڭگىرچاقلارنى بىر ياققا دۈۋىلەپ، بىر بۇلۇڭغا كېگىز سېلىپ، يوتقان-كۆرپە راسلاپ بېرىپ چىقىپ كەتتى.

موماي سەھەردە بامدات نامىزىنى ئۆتەپ بولۇپ ھويلا-ئارامىلارنى تازىلاش ئۈچۈن ئۆيدىن چىقتى. لېكىن ھويلا سۇ سېپىپ پاكىز سۈپۈرۈلگەنىدى. قوي ئېغىلىنىڭ ئالدىدىكى كۆندە چېچىلىپ كېتىدىغان ئوت-خەسلەرمۇ يوق بولۇپ، يېڭىلا سېلىنغان كۆك ئوتنى ئىشتىياق بىلەن يالماۋاتقان ساغلىقنى قارا قوزا تىزلىنىپ تۇرۇپ زوق-شوق بىلەن ئېمىۋاتاتتى. موماي ھەيران بولغان ھالدا تۇرۇپ قالدى. بۇ ئەسنادا چاقماقلىق بوز ياغلىقنى ئېڭىكىدىن چىگىۋالغان لەيخۇا بىر قۇچاق ئوتنى كۆتۈرۈپ باغدىن چىقىپ كەلدى. تۈنۈگۈن سەھەردە قازناق پەنجىرىسىدىن مومايىنىڭ ئىنجىقلاپ يۈرۈپ قىلغان ئىشلىرىنى كۆرگەن لەيخۇا بۈگۈن سەھەر تۇرۇپ كەتكەنىدى.

موماي لەيخۇانىڭ ئىشىدىن سۆيۈنگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنە نېمە ئۈچۈندۇر كۆڭلى غەش ئىدى. بۇ «گاھ» دېمىسىمۇ ئۆزى كېلىپ قولغا قونغان قۇش، ئەلۋەتتە. ئەمما ئۇ بۇ ناتوۋان قۇشنىڭ ئۆز ئۆيىگە مۇناسىپ ئەمەسلىكىنى بىلەتتى. چۈنكى

ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا سىڭىپ كەتكەن ئېتىقاد، ئەقىدە، ئىخلاس، ئۆرپ-ئادەت ئۇلارنىڭ روھىنى كىشەنلىۋەتكەنىدى. لېكىن موماي ئوغلىغا ئىچ-ئىچىدىن كۆيۈنەتتى، ئېچىناتتى. يىلدىن-يىلغا دېھقانلارنىڭ بوينىغا ئارتىلىۋاتقان قەرز بۇ ئانا-بالىنىمۇ ئالا قويمىغانىدى.

— بالام، — دېدى موماي بىر كۈنى كەچ ناماز ئالدىدا، — بۇ قىزنى شەھەرگە قاچان ئاپىرىۋېتىسەن، خەق بىلىپ قالسا سۆز-چۆچەك قىلىدۇ...

— ئانا مەنمۇ شۇ كويدا، ئەتە يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بارىدىغان ئوخشايمەن. بەلكىم ھەپتىنىڭ ئاخىرى شەھەرگە بېرىپ قېلىشىم مۇمكىن.

— بۇ قىزغۇ ئادەمنىڭ ئىچى كۆيگۈدەك قىزكەن. ئىشچانلىقى، قولىنىڭ ئەپلىكلىكى، سەھەردە تۇرۇپ ھويلا-ئارامىلارنى سۈپۈرۈۋاتقان، بىردەم تىنىم تاپمىغان، ئۇتياشلىقنى كۆردۈڭمىكىن بۆلەكچىلا ئىشلەۋېتىپتۇ...

— ھەئە كۆردۈم، ئانا...

— قېرىغان چېغىمدا مېنى ئازادىلا قىلىپ قويدى. شۇندىقتىمۇ ئاپىرىۋەتمىسەك بولماس...

ئانا-بالىنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىۋاتقان ۋەھىمىدىن، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولىۋاتقان سۆھبەتلەردىن لەيخۇانىڭ خەۋىرى يوق ئىدى. ئۇ ئاق كۆڭۈل، سەممىي، ياۋاش-يۇمشاق، ھالال كىشىلەرگە يولۇقتۇم، ئۆمۈر بويى مومايىنى كۈتۈپ، كامىلنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ ئۆتسەممۇ، ئۇلارنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقىنى، سەرسان بېشىمنى سىلىغان شاپائىتىنى يۇيۇپ تۈگىتەلمەيمەن دەپ ئويلايتتى. تۇرۇپلا كامىلنىڭ قامەتلىك بەستى، قاغا پېيىدەك قاپقارا قوشۇما قاشلىرىنىڭ ئاستىدىكى كۈلۈپلا تۇرىدىغان سەممىي كۆزلىرى... ھايا-نومۇسلۇق، ئەدەپ-ئىكراملىق چېھرى كۆز ئالدىغا كېلىش بىلەن ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا يۈزى ھۆپپىدە قىزىرىپ، يۈرىكىگە بىر ئىللىق سېزىم ھۇزۇر بېرەتتى... بۇنداق چاغدا ئانىسىنىڭ: «قىزىم، سەن بەك ياۋاش، ساددا، خۇدايىم ئۆزۈڭگە ئوخشاش بىرەر ئىنساپلىق يىگىتنى ساڭا جورا قىلىشنى نېسىپ قىلغاي» دېگەن سۆزىنى ئەسكە ئالاتتى ۋە يەنىلا ئۆزىگە ئىسسىق ماكان، خاتىرجەم تۇرمۇش ئاتا قىلغان كامىل ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدا پەيدا بولاتتى.

بەزىدە لەيخۇا يۇرتىدىكى ئاچارچىلىق، تەرەپ-تەرەپكە قېچىشىۋاتقان كىشىلەر، جۇلدۇر-كېپەن تىلەمچىلەرنىڭ سۇنغان قاقشال قوللىرى، ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان پويىز ئىستانسىلىرى... ئاتا-ئانىسىنىڭ پاجىئە بىلەن ئاياغلاشقان ھاياتى، كۆزلىرى مېيى تۈگىگەن قارا چىراغتەك پىلدىرلاپ تۇرغان ئىككى ئۇكىسىنىڭ ئۆلۈمى يادىغا كېلىش بىلەن پۈتۈن ۋۇجۇدىنى تىترەك بېسىپ كېتەتتى... لەيخۇا ئانىسىنى ئۇنتالمىغانىدى.. ئۇ بالىلىرىغا پۈتۈن تېنىدىكى شەربەتلىرىنى ئەمدۈرۈپ، ئۆزى قۇرۇق سۆڭەك بولۇپ قالغان ساغلىقىلا ئوخشايتتى. ئەدناسى ئۇ ئۆزىنى ئېسۋېلىش ئالدىدا بىر چىنە تاتلىق ياگيۇ ئۇنى بىلەن ئىككى باش سۇڭپىيازنى ئوچاق ئۈستىگە تىزىپ قويغانىدى... لەيخۇا ئانىسىنىڭ شۇ چاغدىكى بالىلىرىغا تارتىشىپ ئۈچۈق قالغان كۆزلىرىنى زادىلا ئۇنتالمايتتى.

لەيخۇا ئانىسىنى ئەسلىگەن كۈنلىرى، كامىلنىڭ ئانىسىغا ئوغرىلىقچە كۆز سالاتتى. تىل قىسىلچىقىمۇ ئەيتاۋۇر موماي ئانچە-مۇنچە ئىما-ئىشارىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا كۆپ گەپ قىلمايتتى. لېكىن موماي قولىغا سۈپۈرگە ئالغان ھامان ئۇ دەرھال مومايىنىڭ

قولىدىن سۈيۈرگىنى تارتىۋالاتتى.

تۈنۈگۈن لەيخۇا بىلەن موماي باغدا چامغۇر چۆنكىنى ئۈتىدى. موماي ئۇنىڭ قوللىرىغا سەپسېلىپ قارىدى ۋە لەيخۇانىڭ يېرىلىپ كەتكەن ئالقىنىنى قولىغا ئېلىپ سىلىدى. كەچتە لەيخۇا ئەمدىلا ياتاي دەپ تۇرۇشىغا موماي قازناقتا كىرىپ كەلدى ۋە ئۇرۇقچىدەك قوي مېيىنى قارا چىراغ ئوتىدا ئېرىتىپ، ئۇنىڭ ئالقانلىرىغا سۈۋىدى. ماينى قايتا-قايتا سۈۋاپ بولغاندىن كېيىن بارماقلىرىنى يۇمدۇرۇپ، يۇمشاق خامدا يۆگەپ ياتقۇزۇپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

مانا بۈگۈن تاڭ سەھەر هارۋىسىنى قېتىپ يېزىلىق هۆكۈمەتكە يىغىنغا بارىدىغان كەنت كادىرلىرىنى قومچاقارغا ئېلىپ كەتكەن كامىل هازىرغىچە قايتىپ كەلمىدى. لەيخۇا قازناق پەنجىرىسىدىن هويلىغا قاراپ ئۆرە تۇرغىلى نىكەم. ئۇنىڭ پۇتلىرى تېلىپ، كۆزلىرى ئېچىشىپ كەتتى. سىرت سۈتتەك ئايدىڭ ئىدى. موماي ئاللىبۇرۇنلا نامىزىنى ئوقۇپ ئۇخلاپ قالغانىدى.

ئېغىر ياتقۇ بىلەن كامىلنىڭ گەۋدىسى هويلىدا پەيدا بولدى. ئۇ قولىدىكى بىر نەرسىنى سۇپىغا «گۈپ» لا قىلىپ تاشلىدى ۋە ئۆز ئۆيىگە ماڭدى. لەيخۇا گويا يۈرىكىنى بىغىشىدىن ئۈزۈۋېلىپ كېتىۋاتقاندەك تاقەت قىلالماي ئىشىكنى قىيا ئېچىپ ئۆزىنىڭ ئويغاقلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بوش يۆتىلىپ قويدى. كامىلمۇ قايرىلىپ قارىدى.

— كامىلى ئاكا...

— تېخى ئۇخلىمىدىڭىزمۇ؟

— سىزنى ساقلاپ...

— بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟

— هەئە... ياق...

كامىل ئاللانىڭ بۇ سېھرىي كۆچكە تولغان ئاپئاق ئايدىڭ كېچىسىدە هۆسنى كامىلغا يەتكەن ئوماق قىزنىڭ قارا شوللار يېنىپ تۇرغان ئوتلۇق كۆزلىرىگە، سۈس هاۋارەڭ نۇر ئەگىلىك بولۇپ ئەكىس ئەتكەن يۇمران ئېڭەكلىرىگە، سەل تىترەۋاتقان يۇملاق كۆكسىلىرىگە بىر دەقىقە تىكىلىپ قالدى...

— بولىدۇ، مەن هازىرلا چىقاي...

كامىل ئۆيىگە كىرىپ ئانىسى بىلەن ئازراق سۆزلىشىپ ئالغاندىن كېيىن لەيخۇانىڭ قارا چىراغ بىلەن يورۇتۇلغان ئۆيىگە كىردى. قازناق پاكىز تازىلانغان بولۇپ، كامىل كەنت تەشكىلىدىن ئەكىلىپ بەرگەن گېزىتلەرنى جىگدە شوخىسىدا تامغا مىقلىۋەتكەنىدى. لەيخۇا پاكىز يۇيۇلغان بىر ئاياق ئۆرۈكنى كېگىز ئۈستىگىلا قويدى.

— يەڭ... — دېدى لەيخۇا كامىلغا مۆلدۈرلەپ قاراپ، لېكىن ئۇ كامىلنىڭ يۈزىدىكى بىر خىل خىجىللىق، قانداقتۇر بىر نەرسىنى دېيەلمەيۋاتقان تەڭقىسلىق ئىپادىسىنى كۆرۈپ، يۈرىكى ئويغانغاندەك بولدى. خېلى جىمجىتلىقتىن كېيىن كامىل ئېغىز ئاچتى.

— لەيخۇا ئۆگۈنلۈككە مەن شەهەرگە بارىمەن... سىزنى...

— مېنىمۇ بىللە ئاپىرامسىز؟

— سىزنى... سىزنى... ئاپىرىپ قوياي دەيمەن...

لەيخۇا ئىشىنىڭ تېگىگە يەتكەنىدى. ئۇ ئاغزىنى ئېچىپ گويا كامىلنى بىرىنچى

قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ئۇنىڭ چوڭ كۆزلىرىگە، ئېگىز قاڭشارلىق بۇرنىغا، چىڭ يۇمۇلغان لەۋلىرىگە، تەمكىنلىك، ئەدەپ-ئىكرام ئىپادىسى يالقۇنجاپ تۇرغان چىرايىغا تىكىلگىنىچە كۆز جىيەكلىرى قىزاردى. ئۇنىڭسىزمۇ تەگقىسلىق ئىسكەنجىسىدە قىسىلىۋاتقان كامىل قېلىن كىرپىكلەر ئارىسىدىن قىزنىڭ يىلىنىش ۋە ئۈمىد بىلەن تولغان كۆزلىرىنىڭ نەملىك يالقۇنىنى كۆرۈپ قالدى.

— لەيخۇا كېچىرىڭ... مەن سىزنى ئاپىرىپ قويمىسام بولمايدۇ، — كامىل، ئورنىدىن تۇردى.



— كامىلى ئاكا... — لەيخۇا بىردىنلا كامىلنىڭ تىزلىرىنى قۇچاقلاپ يىغلىۋەتتى.

— مەن ئانىڭىزنى ئۆز ئانامدىن چارە كۆتەي... سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى قىلاي... لېكىن مېنى شەھەرگە ئاپىرىۋەتمەڭ... مەن ئۇنداق ئىزا-نومۇسلۇق تۇرمۇشنى خالىمايمەن... مېنىڭ يەنە نەلەردە تەمتىرەپ، قايسى كوچىلاردا سەرسان بولۇپ، كىملەرنىڭدۇر ئاچچىق تىللىرىنى ئىشىتكۈم يوق... مېنىڭ يەنە لالما ئىتلاردەك ياشىشىمنى خالامسىز؟

كامىل لەيخۇانىڭ بەزى گەپلىرىنى ئاڭقىرالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئاساسىي مەزمۇنىنى چۈشىنىپ يەتكەندى.

— لەيخۇا يىغلىماڭ، ئانام ئاڭلاپ قالمىسۇن... مېنىڭمۇ ئامالىم يوق... سىز بۇ يەردىكى ئۆرپ-ئادەت، دىنىي قائىدىلەرنى بىلمەيسىز...

كامىل ئۆيدىن ئوخچۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ئەتىسى كەنت تەشكىلىدىن ئالدىراپ كېلىپ ئانىسىنىڭ قېشىغا كىردى.

— ئانا ئەتە شەھەرگە ماڭىدىغان بولدۇم.

— بولىدۇ بالام، هارۋىنى سەھەر قاراڭغۇلۇقتا هويلا ئالدىدا توختات. بۇ قىزغا ئاز-تولا يېمەكلىك، كىيىم تەييارلاپ قويدۇم. ئاھ خۇدايىم، بۈگۈن بۇ بىچارە قىزنىڭ كۆزى ياشتىن قۇرىمىدى. ئىچىم سىېرىلىپلا كەتتى.

— ئانا بۇ قېتىم ئەكەتەلمەيدىغان ئوخشايمەن.

— نېمىشقا؟

— ئەسلى شەھەردىن چارۋا مالالارغا تۇز ئەكىلسەن دەپ ئۇختۇرغان ئىدى. ئەمما كەنت باشلىقى ئىگەمبەردى هارۋىغا بۇغداي، قوناق بېسىپ ئەكىرمەكچى...

— ۋۇي ئۇلمەيدىغان ئاژناپ، ئامبار چاشقىنى، ئىچكىز سېرىق قۇيرۇقى... — موماي هاسىرىغىنىچە ئاچچىقلاپ كەتتى، — يا هارامدىن يانمىغان، يا بۇزۇقچىلىقتىن قايتمىغان، سەن هەرگىز ئارىلىشىپ قالما. بوپتۇ، بۇ قىز ماڭا هەمراھ بولۇپ تۇرغاچ تۇرسۇن.

كامىل شەھەرگە مېڭىپ ئەتىسى موماي كېسەل بولۇپ قالدى. ئۇ شۇ ياتقىنىچە ئورۇن تۇتۇپ قالدى. هويلا ئارامنىڭ هەممە ئىشى لەيخۇاغا قالدى. ئۇ قويلارغا ئوت بېرەتتى. قاپاقتا سۇ ئەكىرىپ سۇغوراتتى. توخۇ كاتەكلىرىدىن تۇخۇملارنى يىغاتتى. مومايىنىڭ ئەتراپىدىن پەرۋانىدەك چۆرگىلەپ نېرى كەتمەيتتى. موماي بىر نەچچە قېتىم كۆرسىتىپ قويىۋىدى، «ئۇگرە»، «قوناق چۆچۇرىسى»، «كۆمۈلەك» دېگەندەك ئاشلارنى ئېتىپ مومايغا قوشۇقتا ئىچۈرەتتى. بىر كۈن كەچكىچە يېتىپ ئۇيۇشۇپ كەتكەن دولىسىنى تۇتاتتى. كاشكاپ قايىنىتىپ بېرەتتى. موماي قىزنىڭ تەر تامچىلىرى يالتىراپ تۇرغان يۇمران چىرايىغا، تىنماس ئىشچانلىقىغا، ئۆگەنگەن تىللىرىنىڭ ئىچىدىكى «ئانا...» دېگەن تاتلىق سۆزلىرىگە مەستلىكى كېلەتتى.

موماي ھەپتە بولغاندا خېلى ياخشى بولۇپ قالدى. لەيخۇا سۇ ئىسسىتىپ مومايىنىڭ بېشىنى يۇيۇپ، شالاڭ ئاق چاچلىرىنى يىلىم چېپىپ ئۆرۈپ قويدى. ئۇ مومايىنىڭ دۇمبىسىگە ئىككى تەكىينى يۆلەپ تۇرۇشى قوشنىسى ھەۋزىنىيازخان موماي ئىنجىقلاپ كىرىپ كەلدى.

ئەسلىدە ھەۋزىنىيازخان بۇلارغا تام قوشنا بولۇپ باغلىرى تۇتىشىپ تۇراتتى. ھەۋزىنىيازخانىنىڭ بىر تۈپ ئامۇتى بۇلارنىڭ بېغىغا، بۇلارنىڭ بىر تۈپ ئۆرۈكى ئۇلارنىڭ بېغىغا تۆكۈلەتتى. لېكىن سېنىڭ-مېنىڭ دېيىشمەيتتى. بۇ ئىككى ئائىلە مەھەللىنىڭ ئاياغ قۇيرۇقىدا بولۇپ بۇك باراقسان مېۋىلىك، مېۋىسىز دەرەخلەر ئارىسىدا ئايرىم تۇراتتى. ئۇنىڭ بىر ئوغلى يېزىلىق ھۆكۈمەتتە ئىشلەيتتى. بۇ ئىككى موماي ياشلىقىدىن تارتىپلا دوستلاردىن بولۇپ، قەدىناسلىرىنى ئىلگىر-ئاخىر ئۆزىتىپ قويغانىدى. ھەۋزىنىيازخان كىرىپلا لەيخۇاغا تىكىلىپلا قالدى. لەيخۇامۇ ئالمان-تالمان داستىكى يۇندىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

— ئەسسالام نېۋىخان، كېسەل بولۇپ قالغان چاغلىرىدا، يوقلاپمۇ كىرەلمەپتىمەن، — دېدى ھەۋزىنىيازخان لەيخۇانىڭ ئارقىسىدىن قاراپ.

— ئوغۇلنىڭ ئۆيىدە خېلى ئۇزۇن ئولتۇرۇپ قالدىلىغۇ، قانداق ئوغۇل، كېلىن، نەۋرىلەر تىنچلىقمىكەن؟

— خۇداغا شۈكرى، كېلىنىم، نەۋرىلىرىم قويماي، — دېدى ھەۋزىنىيازخان نېۋىخانىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە ئولتۇرۇۋېتىپ، — نېۋىخان. تۇمۇچۇقتەكلا كېلىن تېپىۋاپتىلىغۇ، مەن يوق چاغدا كاملاخۇنىنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويغان ئوخشايلا.

— نەدىكىنى، — دېدى نېۋىخان ئېغىر ئۇھ تارتىپ.

ھەر قانداق ئىشنى با مەسلىھەت قىلىدىغان بۇ ئىككى موماي پات-پاتلا مۇڭدىشاتتى. بىر ئايدىن بېرى ھەۋزىنىيازخان يوق چاغدا كامىلنىڭ قىلىپ قويغان ئىشىنى نېۋىخان ئۇنىڭغا دەۋەتتى، هازىر بۇ قىزنىڭ كەتكۈسى يوق، يىغلاپ كۆڭلىنى پاراكەندە

www.uyghurkitap.com



قىلىۋاتقانلىقى، كامىلىنىڭمۇ بۇ قىزنى كەتكۈزگۈسى يوق ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

— ئۇنداقتا ئىۋىخان بۇ ئىككىسىگە ئىسسىق ئۆتۈشۈپ قالغان چاغۋا.

— مېنىڭمۇ كۆڭلۈم شۇنىڭدىن ئۇيۇپ تۇرىدۇ، دېسىلە.

— نىم قوق، ئاخۇنۇمنى چاقىرىپ نىكاھ قىلدۇرىۋەتسىلە.

— توۋا دېسىلە ئۇ دېگەن...

— ئىمان ئېيتقۇزۇپ، مۇسۇلمان قىلسا بۇنىڭدىن ساۋاب ئىش يوق.

— شۇنداق دېگەنلىرى بىلەن نى نومۇس، نى سەت...

— مۇنۇي شۇمۇ گەپ بوپتۇ. ئۆز ۋاقتىدا ئۆزلىرىمۇ كامىلاخۇنىنىڭ دادىسىغا قېچىپ تەگكەنىغۇ؟

— ئىلاھىم ئاغزىلىرىغا هوناق چىقار...

ئىككى، موماي بىر هازا كۈلۈشكەندىن كېيىن ھەۋزىنىيازخان ئۇزاپ چىقتى، ئۇ قايتا-قايتا:

— هېچقىسى يوق ئاجىز قىزنى ھەيدىۋەتسىلە ئوت ئۇۋالىغا قالىدىلا، ئەللە نېمە دېمەيدۇ، قاغا نېمە يېمەيدۇ، بىر پاي كارىلىرى بولمىسۇن، — دېدى. ئىۋىخانىمۇ يېنىكلەپلا قالدى... دېمىسىمۇ موماي لەيخۇادىن تولىمۇ مەمنۇن ئىدى. ئۇنىڭ قېتىرقىنىپ كۆتۈشىدىن تېزلا ئەسلىگە كەلدى. ئۇ بولمىغان بولسا قانداق قىلاتتى. مانا هويلا، باغلارمۇ چىنىدەك پاكىز، ئېغىلدىكى قويلارمۇ ئۇنىڭدىن خۇش بولغاندەك بويۇنلىرىنى توختىماي لىڭشىتىپ لەيخۇانى كۆرگەن هامان ئالدىغا يۈگرەيدۇ... باغدىكى قىغدەك دۆۋىلىشىپ كېتىدىغان ئۆرۈكلەرمۇ پاكىز يۇيۇلۇپ ئۆگزىلەرگە قاق سېلىنىپتۇ. قىسقىسى، بۇنداق ياۋاش، ئايىغى ئىتتىك، قولى چاققان كېلىننى كۈندۈزى چىراغ يېقىپمۇ تاپقىلى بولماس...

ئەتىسى ئەتىگەندە لەيخۇا ياغاق چىيىي قىلىپ مومايىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزغاندىن كېيىن ئۇنىڭ دولىسى، پۇتلىرىنى تۇتتى. ئۇ نېمىدۇر بىر نەرسە دېمەكچى بولاتتى. ئۇختۇرالماسلىقتىن ئەنسىرەپ دۇدۇقلاپ توختاپ قالاتتى.

— ئانا... — دېدى لەيخۇا ئېغىزىغا ئوبدانلا ئۆزلىشىپ قالغان تىل بىلەن، — ئۇخلاپ... ئۇخلاپ... كامىل... كامىل...

لەيخۇا ئۇخلىغانلىقنى ئىشارە قىلىپ كۆزىنى كۆرسەتتى. موماي كۈلۈپ كەتتى. چۈنكى ئۇ لەيخۇانىڭ كامىلنى چۈشەپ قالغانلىقىنى بىلگەن ئىدى.

— خۇدايىم ياخشى چۈش كۆرگىلى نېسىپ قىلغاي قىزىم، — دېدى موماي ئىللىق چىراي بىلەن، — چۈشەپ قالغانلىقىڭغا قارىغاندا كامىل بۈگۈن كېلىپ قالارمىكى.

مومايىنىڭ ئىللىق چىرايى، «ياخشى...»، «كامىل» دېگەن سۆزنى، بولۇپمۇ «قىزىم...» دېگەن سۆزنىڭ تەكىتىگە يەتكەن لەيخۇا قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ مومايىنىڭ تېرىلىرى خالتىلىشىپ كەتكەن يۇمشاق قوللىرىنى يۈزلىرىگە سوۋۇغىنىچە:

— قىزىم، قىزىم... — دېدى بىگىز قولىدا بۇرنىنى كۆرسىتىپ.

— ھەئە قىزىم... — موماي ئۈنلۈك كۈلۈۋەتتى.

كونىلارنىڭ چۈش دېگەن چۈلۈۋۈرلۈق تۆگە، نەگە بۇرىساڭ شۇ تەرەپكە ماڭىدۇ، دېگىنى راست ئوخشايدۇ. كامىل گۈگۈم بىلەن هويلىغا كىرىپ كەلدى. 10 كۈندىن

بىرى كاملنىڭ چىراينى بىرەر دەقىقمۇ كۆز ئالدىدىن كەتكۈزەلمىگەن لەيخۋا قويلارغا ئوت سېلىۋاتاتتى. ئۇ كاملنى كۆرۈش بىلەن ئېغىلدىن ئۇچقاندەك چىقتى-دە، ئۇنىڭ ئالدىدا چىپ توختاپ كۆزلىرىگە تەلمۈرۈپ قارىدى. كاملنىڭمۇ ئاستا كۆتۈرۈلگەن قوللىرى بوشلۇقتا ئېسىلىپ قالدى. چۈنكى ناھايىتى تېزلا تولۇپ، ئاقىرىپ، ھۆسنىگە تولغان بۇ ئوماق قىزنىڭ گۈگۈمدىكى بەرنا سىماسىنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتۇپ ئالالمىغان كامىل ئۇنىڭ چاچلىرىنى، يۇملاق مۇرىلىرىنى سىلىغۇسى، چۆچۈك تىل بىلەن ئەركىلەتكۈسى كەلگەن ئىدى.

بۇ قېتىم ئۆزىنى شەھەرگە ئاپىرىۋەتمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى باشقىچە چۈشەنگەن لەيخۋا:

— رەھمەت، سىزگە رەھمەت كامىل ئاكا، — دېدى ئاستاغىنا.

— مەن ئانام بىلەن كۆرۈشۈپ چىقاي...

كامىل ئانىسى بىلەن ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن موماي ئون كۈندىن بېرى قاتتىق كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانلىقى، لەيخۋانىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇپ پۈتۈن ئائىلىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققانلىقى، كېچە-كۈندۈزلەپ بېشىدىن نېرى كەتمەي قارىغانلىقىغا قەدەر ھەممىنى سۆزلەپ بېرىپ يىغلاپ سالدى.

— ئەگەر بۇ قىز بولمىغان بولسا قانداقمۇ قىلارىدىم، ئۆلۈكۈم ھەپتىلەپ ئۆيدە ياتىدىغان چېغى. سەن مېنىڭ رەھمىتىمنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ قوي، ھە راست، ئەمدى سەن كەلدىڭ، ئۇ ھەرگىز بۇ ئۆيگە كىرمەيدۇ. شۇڭا قازانقا بىر سۆگە سېلىپ بەر، نەم تارتىپ بېلى ئاغرىپ قالمىسۇن...

— بولدۇ ئانا، بۇ ناۋاتنى سىزگە ئالغاچ كەلدىم، — كامىل پوتىسىغا تۈگۈۋالغان بولاقنى ئانىسىغا تۇتقازدى، — مەن ھازىرلا رەھمىتىڭىزنى يەتكۈزۈپ قوياي...

كامىل خۇشاللىقنى باسالماي قالدى. چۈنكى نەچچە كۈندىن بېرى ئۇنىڭمۇ ئۇيقۇسى قاچقان ئىدى. ئانىسىنىڭ سۆكە سېلىپ بەر دېگىنى ئېلىپ قالايلى دېگىنىدە...

ئەتىسى كامىل توي قىلسام لازىم بولار، دەپ يىغىپ قويغان تاختايلارنى ئېلىپ كېلىپ لەيخۋاغا چىرايلىق قىلىپ سۆكە ياساپ بەردى. ئۇلار ئىككىسى ئۇششاق-چۈششەك نەرسىلەرنى ئۆگزىگە، ئېغىل بۇلۇڭلىرىغا يىغىشتۇرۇپ، پاكىز تازىلاپ قازانقنى چىرايلىقنا ھوجرىغا ئايلاندۇردى. لەيخۋانىڭ خۇشاللىقى ئېيتقۇسىز ئىدى. ئۇ كاملنىڭ ھەممە ھەرىكەتلىرىگە سەپ سالاتتى. ئۇنىڭ ئىش قىلغان ۋاقتىدىكى ئەستايىدىللىقى، ئىنچىكىلىكى، چاققانلىقىغا ئىچ-ئىچىدىن سۆيۈنەتتى.

— لەيخۋا نېمىشقا ئانام بىلەن يېتىشقا ئۇنىمايسىز؟ — دېدى كامىل لەيخۋانىڭ ئۇششاق تەر تامچىلىرى مەرۋايىتتەك تىزىلىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ.

— كېچىلىرى ئانىڭىز بىر نېمە دەپ قالسا ئوقالماي خىجىل بولىدىكەنمەن.

— بۇندىن كېيىن سىزگە ئۇيغۇرچە ئۆگىتىپ قويسام قانداق؟

— راستىما؟ — لەيخۋا خۇشاللىقىدىن كاملنى قۇچاقلىۋالدى. تۇنجى قېتىم ئايال زاتىنىڭ يۇمران بەدىنى ئۆز بەدىنىگە تەگكەن كاملنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ئىللىق بىر ھارارەتنىڭ سىماپتەك ئېرىپ كەتتى...

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

مەسئۇل مۇھەررىر **كامىل تۇرسۇن**

www.uyghurkitap.com



## « تارىم » ژۇرنىلىنىڭ ژورنال ئارقىلىق ئوقۇتۇش كۇرسىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئېلانى

ئۆتكەنكى ئۈچ قارارلىق كۇرسنىڭ نەتىجىسى ياخشى بولدى. كۆپلىگەن كۇرسانتلارنىڭ ھېكايە، نەسر، شېئىرلىرى ئېلان قىلىندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە خېلى ئوبدان ئەسەر يازالايدىغان، چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزەلەيدىغان بەزى ئاپتورلار بايقالدى. بىز شۇنداق ئاپتورلارنى يېتەكلەش مەقسىتىدە بۇ كۇرسنى داۋاملىق ئېچىشنى قارار قىلدۇق.

ئوقۇتۇش ئۇسۇلى: كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى تاپشۇرۇق ئىشلەپ (شېئىر، ھېكايە، ئوبزور يېزىپ) ئەۋەتىدۇ. تاپشۇرۇقلارنى مەخسۇس مۇئەللىملەر كۆرۈپ تەكشۈرىدۇ ۋە تەلەپكە ئۇيغۇن بولغانلىرىنى ژورنالنىڭ كۇرسانتلار سەھىپىسىدە ئېلان قىلىدۇ. ئوقۇتۇشتا ئەسەر ئېلان قىلىشتىن سىرت يەنە خەت ئارقىلىق يېتەكلەش ئېلىپ بېرىلىدۇ. تاپشۇرۇقلارغا باھا يېزىلىپ، كەمچىلىك-نۇقسانلىرى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ ۋە ئېنىملەرگە دىققەت قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىدۇ (بۇ كۇرسەتمە ۋە مەسلىھەتلەر كۇرسنىڭ ئاخىرقى ئېيىدا ئەۋەتىلىدۇ).

ئوقۇتۇش مۇددىتى 8ئاي (1995-يىلى 1-ئايدىن 8-ئايغىچە) بولىدۇ. مۇددەت توشقاندا ئوقۇش تۈگىتىش گۇۋاھنامىسى بېرىلىدۇ.

ئوقۇتۇش ھەققى 100 يۈەن بولىدۇ. قايتا ئوقۇماقچى بولغان ئىلگىرىكى كۇرسانتلاردىن 70 يۈەن، دېھقانلار، چارۋىچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلاردىن 80 يۈەن ئېلىنىدۇ.

كۇرسانتلارغا ھەر ئايدا بىر نۇسخىدىن « تارىم » ژۇرنىلى ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ (بۇ، ئوقۇتۇش ھەققىنى تاپشۇرۇپ ئالغانلىقىمىزنىڭ ئىسپاتى بولىدۇ).

كۇرسقا تىزىملانغانلار ئوقۇش ھەققى ئەۋەتكەن كۈندىن باشلاپ تاپشۇرۇق ئىشلەپ (شېئىر، ھېكايە، ئوبزور يېزىپ) ئەۋەتىشكە باشلىسا بولىدۇ (پوۋېست قوبۇل قىلىنمايدۇ) ئەۋەتىلىدىغان تاپشۇرۇقلارنىڭ سانىغا چەكلىمە قويۇلمايدۇ. تاپشۇرۇقلارنى ئۆلچەملىك قەغەزگە قۇر ئاتلاپ كۆچۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ.

تىزىملاش ۋاقتى ئېلان چىقىرىلغان كۈندىن باشلاپ 3-ئايغىچە بولىدۇ.

ئوقۇتۇش ھەققى ئاددىي پىرىۋوت چېكى ئارقىلىق ئەۋەتىلىشى، ئەۋەتكۈچىنىڭ ئىسىم-فامىلىسى، ئادرېسى، پوچتا نومۇرى ئېنىق يېزىلىشى كېرەك.

خەت-چەكلەرگە « ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22-قورۇ « تارىم » ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى ئوقۇتۇش مەركىزىگە تېگىدۇ » دەپ يېزىلسا بولىدۇ.

پوچتا نومۇرى: 830000

**« تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى ئوقۇتۇش مەركىزى**

غه نزات غه يۇرانى

## رۇبائىي ۋه قىتئـلـر

**1**

مىنىپ تۇلپارىغا ئىشقىنىڭ ئۇزۇن مه نزىلگه ماڭغاندا،
گويا گۇلخان كه بى شول ئىشق ئوتى قه لبىمده يانغاندا.
دادام: « ئوغلۇم بۇ يولدىن قايت، ۋاپاسىز ئۇ، بۆلهك يار تاپ! »
دېسه « ياق » دەپ مانا قالدىم ئه جه پمۇ داغدا، ئارماندا.

**2**

هۆركىرەپ يۇردۇم ئه مه لنىڭ بارىدا يولۋاس بولۇپ،
قايسى كۈن چۈشتۇم شۇئان ئۆچتى ئۈنۈم تىمتاس بولۇپ.
يا يۈرەكتىن ئالدى دەرد دوختۇرغا سۆرەشتى، دەرىخ،
يا ئۇدۇل مه سچىتكه كىردىم ئه ل ئارا چىقماس بولۇپ.

**3**

كەپ تۇراتتى ئۆيگه دائىم خىلمۇ خىل سوۋغا-سالام،
يارۇ دوستلار هه ممه يه رده بىلدۈرەتتى ئىهتىرام.
ئىهتىرام، تەزىم، خۇشامەت، سوۋغا، دوستلۇق هه ممسى
مه نسىپىمدىن ئايرىلىپ قالغان كۈنى بولدى تامام.

**4**

بولسا شاھ چاشقان ئه گه رده ئامتى ئوڭدىن كېلىپ،
ئايلىنار ئه تراپىدا شىر پۇكلىنىپ تەزىم قىلىپ.
شاھىمىزنىڭ قۇدرىتىدىن يېرىلار تاغ چاكۇچاك،
دەپ چاپارمه نلىك قىلار يولۋاس جاهانغا جار سېلىپ.

**5**

دەردىم كۆپكەن ئويلىسام كه لگىنىمده ئه قلىمگه،
بۇ دەردىمنى، هه سرەتنى ئه مدى ئىپتارمەن كىمگه.
دەردىم شۇكى، دوستلىرىم قىلىپ بېرەلمه پتىمەن
ئه رزىگۇدەك بىرەر ئىش ۋەتىنىمگه، خه لقىمگه.

**6**

هه دېگه ندە پايدىغا كۆز سالار بەزىلەر،
پۇرسەت كه لسه ئۆز ئېلىنى تالار بەزىلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


جانغا شۆھرەت تېگىشىشكە تېپىلسا بازار،
ئۆز ئوغلىنى قۇربان قىلىپ ئالار بەزىلەر.

7

تارىخىمىز گەر ھاياتىدا نۇرغۇن ئەلەم، دەرد،
ۋەتەن ئۈچۈن قىلدى كۆرەش، قىلدى ھەرىكەت.
بارلىقىنى قىلىپ مىللەت، خەلققە تەقدىم،
شۆھرەت تەمە قىلماستىن كۆز يۇمدى قانچە مەرت.

8

بەخت نېمە؟ ئەمگەكتىن يارالغان مېۋە،
يىلىنغانغا، تىلىگەنگە كىملەر ئۇ دېمە.
بولۇپ يالغان شېرىن سۆزگە مەستۇمۇبتەلا غەرق،
كۆكتىكى غاز شورپىسىغا نان چىلاپ يېمە.

9

تۇرمۇشتا بار ئايغا پىچاق ئاتىدىغانلار،
دوست دەپ تۇرۇپ ئۇنى پەملەپ ساتىدىغانلار.
بۈگۈن سېتىپ ئەتە ئەگەر چۈشسە ھاجىتى،
كۈچۈك كەبى ئايىغىدا ياتىدىغانلار.

10

ماختالسام ئۆچمەن خۇددى پەي بولۇپ،
نۇرلىنىپ كېتىمەن گويا ئاي بولۇپ.
دەپ قالسا بىرەرى نۇقسانلىرىمنى
يەۋەتكۈم كېلىدۇ غەزەپكە تولۇپ.

1994 - يىل ئىيۇل، ئاۋغۇست.

جاپپار قاسىم

## ئۈچ شېئىر

### سەن كەتتىڭ پويىزدا

سەن كەتتىڭ پويىزدا، مەن قالدىم قاراپ،
يىغلايدۇ يۈرىكىم، كۆرمىدىڭ بىراق.
ئۆمرۈمدە ئۇزاتقان تالايلارنى مەن،
ئاھ، لېكىن ھەسرەتتە قالمىغان بۇنداق.

سەن كەتتىڭ پويىزدا، مەن قالدىم قاراپ،
سەن كەتتىڭ، شادلىقتىن ئايرىلدىم بىراق.
تاغ باسسا بۇنچىلىك بوپ كەتمەس ئىدىم،
تاغنىمۇ ئېزەركەن ئايرىلىش، پىراق.

سەن كەتتىڭ پويىزدا، مەن قالدىم قاراپ،
يېگىنىم - ئىچكىنىم سىڭەرمۇ ئەمدى؟!
سەن بىلەن كۆكلىگەن سۆيگۈ دەرىخىم
بىر ئۆمۈر چاكىتلداپ ئۆتەرمۇ ئەمدى؟!

سەن كەتتىڭ پويىزدا مەندىن يىراقلاپ،
كۆزدىكى ياپراقتا ئايلاندى تېنىم.
يىغلايمەن ۋە لېكىن كۆزۈمدىن ئاققان
ياش، ئەمەس، يۈرىكىم، روھىم ۋە قېنىم.

### يۇرتۇم شامىلىغا

يۇرتتىكى يارىم نادىر بىر سۈرەت،
ھەيھات، بىر گۈزەل سەنئەت بۇيۇمى.
ئۇ بىر پەرىزات چۈشى ئالەمگە،
سەنئەتتىن پۈتكەن پۈتۈن ۋۇجۇدى.

ئېچىلار سەنئەت باسقان ئىزىدىن،
تامدۇ سەنئەت قاراشلىرىدىن.
كۈلكىسى سەنئەت، يىغىسى سەنئەت،
ئېرىيدۇ تاشلار باغاشلىرىدىن.

يۇرتۇمدىن ئۇچۇپ چىققان ئەي شامال،
ئۇرۇل سەن قېنى باغرىمنى تۇتاي.
سەن بىلەن كېلىدۇ قالتىس بىر سەنئەت،
مەن ئۇنى پۇراي، زارىقىپ يۇتاي.

### خېتىڭنى كۈتۈپ...

تاڭنى كۈتكەندەك كۈتىمەن يارىم
كۆزۈمگە سۈرتمەك بولۇپ خېتىڭنى.
يۇلتۇزلار ئارا ئىزدەيمەن سېنى،
يات ئەلدە تەنھا يادلاپ ئېتىڭنى.

تەبىئەت نەچچە يەڭگۈشلىدى تون،
ئايلىنار كۈن-تۈن قىشۇ ياز شۇنداق.
تېشىلدى كۆزۈم سەندىن خەۋەر يوق،
يارمۇ تاش يۈرەك بولامدۇ بۇنداق؟!

كېلەر يۈچتىكەش، ئاتىمەن ئۆزۈم،
بىراق، قۇرۇق قول تۇرۇپ قالىمەن.
كۈلەر ئۆزگىلەر، چالا ئۆلۈك مەن،
مىڭ بىر خىيالغا پېتىپ قالىمەن:

سىياھى يوقمۇ ياكى قەغىزى،
قەلىمى، كۆڭلى؟ — بىلەلمىدىم ھېچ.
«كۆزدىن يىراق، كۆڭۈلدىن يىراق» دەپ
ئۆزىچە «ھەمراھ» تاپتىمۇ تىپ-تىنچ.

بىلمىدىم، پىقىر رەمچى ئەمەسمەن،
ۋە ياكى ئەۋلىيا، ئاقىل-دانىشمەن.
سەن ئەگەر سادىق يار بولساڭ ئەبەد،
بېشىمدا مەڭگۈ ئالتۇن تاجىمسەن.

92-93-يىللىرى، ئالمۇتا

**ئابلىز ھۇشۇر**

## شېئىرلار

### پەرىزاتقا ئوخشايسەن بەخت

پەرىزاتقا ئوخشايسەن بەخت
پەرىزاتتەك تارتىنچاق، گۈزەل.
كەل، قەلبىمنى ئەيلىگىن تەخت،
ماڭا پەقەت ۋىسالىڭ ئەۋزەل.

ماڭا پەقەت ۋىسالىڭ ئەۋزەل،
بىر قولۇڭمەن ساڭىلا تالىق.
مامات تىلەر جانغا بىمەھەل
تارتىنىشتىن كەلگەن جۇدالىق.

تارتىنىشتىن كەلگەن جۇدالىق
ئوت-قوقاسقا كۆمدى يۈرەكنى.
سۆيگۈ ئەھلى بولسا ۋىجدانلىق،
قىسمەتكە يەم قىلماس تىلەكنى.

## تەئەججۈپ

ئادەم دېگەن بۇ دۇنياغا چۈش كۆرگىلى كېلەمدۇ؟!
مېنى كۆكۈل ئاراممغا قويماس چۈشلەر ھەمىشە.
چۈشلىرىمدىن كېيەن تىكىپ ھايات مېنى كۆمەمدۇ؟!
نېچۈن يەنە ئىنتىزارمەن لەۋزىڭدىكى يېمىشكە؟!

سەھەر بىلەن ئىزدىگىنىم كۆلەڭگىسى ھۇمانىڭ،
باش ئۈستۈمدە ئەگىپ يۈرەر لېكىن قۇزغۇن سايىسى.
تۇزغاق كەبى تۇزۇپ كەتتى ئۈمىدلىرى مومامنىڭ،
يۈرىكىمنى يېرىپ كۆرسەڭ قىسمەتلەرنىڭ داغ-ئىزى.

تەئەججۈپكە ئۇرۇن قالماس ئاپەت كەلسە رەقىبتىن،
مىڭ تەئەججۈپ ئۆز كىشىڭدىن ئازار يەتسە دىلىڭغا.
ۋاپا بىلەن سۆيگۈ بېرىپ، سۆيگۈ كۈتسەم رەپىقتىن،
ۋاپايىمنى پېتىقلىدى ئىشەك باغلاپ تىلىمغا.

كىم ئۇ تاڭغان گۈل بېشىمغا رۇياپ تاپماس چۈشلەرنى،
مېنى كۆكۈل ئاراممغا قويماس چۈشلەر نېمىشكە؟!
سۆيگۈ بىلەن باغلاپ بولماس ساداقەتكە ئۆچلەرنى،
ئەجەپ يەنە قەلبى ئاچمەن لەۋزىڭدىكى يېمىشكە...

## ئارمانلار ئىلكىدە ھاياتتۇر ئادەم

تۆت قۇلاق ئىزدەيتتىم باللىقىمدا،
تۆت قۇلاق ئىزدىدىم قىرانلىقتا ھەم.
دۇنيانى سىغدۇردۇم خىياللىرىمغا،
تۆت قۇلاق، ئۈستىگە ئەيلەپ مۇجەسسەم.

تۆت قۇلاق ئىزدەيتتىم باللىقىمدا،
تۆت قۇلاق ئىزدىدىم قىرانلىقتا ھەم.
ئالمىغىن بۇرادەر ھەيرانلىقىڭغا،
تۆت قۇلاق ئىزدىسەم بۈگۈن تاڭدا ھەم.

ئالمىغىن بۇرادەر ھەيرانلىقىڭغا،
تۆت قۇلاق ئىزدىسەم بۈگۈن تاڭدا ھەم.
تەپەككۇر كۆزىدە باقساڭ جاھانغا،
ئارمانلار ئىلكىدە ھاياتتۇر ئادەم.

## قىزلار

ئوخشاتقۇم كېلىدۇ قىزنى قۇياشقا،
قۇياش كۈندۈزدە بار، تۈندە يوق بىراق.
غەمسىز يۈرەكلەرنى پۈچىلار چوغقا،
گۈزەل تەبەسسۇملەر ۋە ئوتلۇق قاراق.

گۈزەل تەبەسسۇملەر ۋە ئوتلۇق قاراق،
كۈندۈزنىڭ خۇلقىنى تۈنگە كۆچۈرگەن.
ئۈنىڭسىز بىر پارچە مۇزدۇر بۇ تۇپراق،
ئۇنى ئىللىتارغا قىزلارنى بەرگەن.

## ئۆچ ئەمەسمەن قۇياشقا، ئەمما...

ئۆچ ئەمەسمەن قۇياشقا-نۇرغا،
(قۇياش بىلەن تىرىكمەن-ئۆرە.)

سىغىنىمەن شۇندىمۇ ئەمما،
ئاخشاملارنى كۈندۈزدىن كۆرە.

مىڭ بىر غەم بار كۈندۈز ئىشىدا،
تۇرمۇش، مېھنەت ئاڭا مۇجەسسەم.
ئاخشاملارنىڭ جىم-جىت قوينىغا،
ئەجەبلەنمەڭ، كۆڭلۈمنى بەرسەم.

يۈرىكىمدە كۈندۈز سۈرىتى،
چۈشلىرىمدە قوشاق يادلايمەن.
قوشاقلارغا كۆمگەن ئاخشامنى
تەرك ئېتىپ قانداق ياشايمەن؟!

## كۆكۈل

دېڭىزدەك ئىپايان،
سەدەپتەك تازا،
مەشۇتتەك ئەۋرىشىم،
جەننەتتەك گۈزەل؛
قۇياشتەك پارلاقسەن،
سىياھدەك قارا.
ئاتەشسەن يالقۇنلۇق،
جۇتسەن ئىناۋا،
چىمەنگە تەققاسسەن،
زەردىن ئىباھا.
پەرىدەك نازۇكسەن،
ئۈنتەك ئىھايا.

## كۈندە نەچچە ئىز سالار خىياللىرىم ئالەمگە

دۆۋە-دۆۋە ھەسرەتنى تاشلاپ قويۇپ خانەمگە،
سەن يۈرسەن نەلەردە مېنىڭ سۆيگەن ئاپپىقىم.
كۈندە نەچچە ئىز سالار خىياللىرىم ئالەمگە
دىدارىڭغا تېۋىنىپ ۋۇجۇپاتىم-بار جېنىم.

سەبىي ئىدىم ئەجەپ بىر غەمدىن خالاس بىر چاغلار،
شەپقىتىدىن ئانامنىڭ كەۋسەر ئىچتىم، بال ئىچتىم.
خازان تۆكتى تالاي رەت جۇدۇنلاردا گۈلباغلار،
يۈرىكىمنىڭ قېنىنى مەنمۇ غەمگە تېگىشتىم.

ھايات دېگەن شۇنداقكەن، بىلىپ بولماس سىرلىرىن،
ئۆزگىلەرگە زەر ياغدى، ماڭا توپان ئىتەكلەپ.
دەرياسىدا سۆيگۈنىڭ ئىقىپ پۈتتى سىرلىرىم،
يۈلغۈن كەبى قىزاردىم باياۋاندا چېچەكلەپ.

قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدە شاۋقۇنلىرى دېڭىزنىڭ،
تامچە كۆرمەي تومۇزدا لەۋلىرىمدىن نەم كەتتى.
گىياھدەك شۇمشەيدىم قىراۋ باسقان ئېگىزنىڭ،
چۈنكى سەنسىز، ئاپپىقىم، يىگەن ناندىن تەم كەتتى.

*　　　　　*

دۆۋە-دۆۋە ھەسرەتنى تاشلاپ قويۇپ خانەمگە،
سەن يۈرسەن نەلەردە مېنىڭ سۆيگەن ئاپپىقىم.
كۈندە نەچچە ئىز سالار خىياللىرىم ئالەمگە
دىدارىڭغا تېۋىنىپ ۋۇجۇپاتىم-بار جېنىم.



مەشھۇر تىلشۇناس، تەرجىمشۇناس، ئالىي مۇھەررىر ھاجى غۇلام غوپۇرى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، 1994-يىل 8-ئاينىڭ 3-كۈنى سائەت توققۇزدا بەختكە قارشى قۇمۇلدا 67 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

تۆۋەندە مەرھۇمگە ئاتالغان مەرسىيەلەردىن بىر نەچچىنى بەردۇق.

مۇھەررىردىن

## ئـەلـۋىـدا، غۇلام

### ئىمىن تۇرسۇن

كەلمىگەن سەن دۇنياغا مەئىشەت-مېھمان ئۈچۈن،
قەرنىلەپ سەرپ ئەيلىدىڭ زېھنىڭنى پەن-ئىرپان ئۈچۈن.
مەنىلىك ئۆتتى ھاياتىڭ پايتەخت بوستانىدا،
پىكرۇ زىكرىڭ بولدى مەنسۇپ ئەلگە نەپ-ئېھسان ئۈچۈن.
بولدۇڭ پۈتۈك نەشرىنى دەپ جامائەتكە چىن غۇلام،
ئاققۇزۇپ تەر ئىشچى، چويان، كاسىپۇ دېھقان ئۈچۈن.
كىم بىلەن قىلساڭ مالاقەت بولدۇڭ ھېلىم ھەم مېھرىبان،
شۇڭا ئەلدە ئۆلپىتىڭ كۆپ، بولغاچ پىدا ياران ئۈچۈن.
ئۆتتى يايراپ قانچە ئىنسان، قالمىدى ئاندىن نىشان،
ئۆچمىگەي باسقان ئىزىڭ، سوۋغىتىڭ چەندان ئۈچۈن.

1994-يىلى 19-ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

رەھمىتۇللا جارى

## دوستىمىز ھاجى غۇلام غوپۇرغا يادنامە

كەتتىڭ بىمەزگىل، قالدۇق پەرىشان،
ھەيھات، ئىلاجسىز تەقدىرگە ئىنسان.

ۋەتەن بۇرچىنى تۇتتۇڭ مۇقەددەس،
سۆيگۈڭنى قىلدىڭ قەلبىڭدە گۈلخان.

*

بىر دوست ئىدىڭ سەن ساپدىل-سەممىي،
يۆكسەك پەزىلەت سەندە نامايان.

مەزمۇنغا بايدۇر ئۆتكەن ھاياتىڭ،
ئەل خىزمىتىدە تۆھپەڭ پاراۋان.

ھارماي بىر ئۆمۈر دۇردانە تىزدىڭ،
ساڭا مۇناسىپ ئالىملىق ئۇنۋان.

ئەھلى ئىلىمنى ئۇنۇتماس مۇدام،
بىلگىن، جاھاندا ۋىجدانلىق ئىنسان.

ساڭا تىلەيمىز رەھمەت ئىلاھىي
خىزمەتتە بولسۇن ئۇچماقتا غىلمان.

ئاددىي بۇ نەزمەم يادنامە بولسۇن،
ئۆسسۇن ھەر باھار قەبرەڭدە رەيھان.

1994 - يىل، سېنتەبىر

**ئوسمانجان ساۋۇت**

## ھازا كۈيى

(ھاجى غۇلام غوپۇرغا مەرسىيە)

خانبالىقتا، زېمىندىكى تۇنجى قورۇلدا
مىجەزىڭىز پەيزىنى مەن كۆپ سۆرگەندىم.
ئۈرۈمچىدە يا بولمىسا شەھرى قومۇلدا،
كۆرۈشمىز ئېھتىمال، دەپ شاد يۈرگەندىم.

دۇردۇننى ئارمانلارنىڭ تەقدىر قايچىلاپ،
دېرىزىمدىن ئۇچۇپ كىردى ئاق رەڭلىك باغاق.
كۆزلىرىمدىن يامغۇرلاردەك ياشلار تامچىلاپ،
يۈرىكىمنى تاراپ ئۆتتى مىڭ تۈمەن تارغاق.

كۆڭلىڭىزدىن بايقايتتىما ساغلام سادانى،
دىل قەسرىڭىز شۈبھىسىزكى ئاجايىپ كۆركەم.
بۇ تەبىئەت تەكرارلايدۇ بىر زور خاتانى،
ئاتقان ئوقى ياخشىلارغا تېگىدۇ ھەردەم.

تومىلىرىڭىز تەكچىلەردە ئەجەب مۇتىۋەر،
مۇشەققەتلىك قەدەملەرنى تاشلايدۇ كۆزگە.
ئەگرى تۈمەن تۈز قېلىپتا ھامان تۈزلەر،
ئۆيۈرنى ئۆيغا بەرمەس ئەرلىرىم ئۆزگە.

ئانا تىلىنىڭ سۆيگۈسىدە ئوت بوپ ياندىڭىز،
ھاۋا، ئاپتاپ سۇ بىلدىڭىز سۆزۈكلىكنى.
ئەبجەشلىكنى ئەبگالىق دەپ تازا چاندىڭىز،
چىنلىق شۇندا كۆرسەتتىڭىز تۈزۈكلىكنى.

ھەربىر سۆزدە ئۇرۇپ تۇرغان يۈرىكىڭىز بار،
ھەربىر سۆزدە يېنىپ تۇرار سىزدىكى ئىمان.
ھەربىر سۆزگە سۆيگۈڭىزچۇن ئانا ۋەتەن يار،
ھەربىر سۆزدە ئاقار شەربەت قىيان ۋە قىيان.

يەتمىش ياشلىق مۆچەل تويغا كېرەك تەنتەنە،
تەڭرىتاغنىڭ قۇچاقلىرى سالىدۇ چۇقان؛
دەپ يۈرەتتىم، نېمە بولدى قايغۇلۇق ھەممە،
ئۈرۈمچىگە تۆكتى باغداش ئۆرەندەك پىغان.

شۇنداق قىلىپ يەنە قالدىم مەڭگۈ ھەيرەتتە،
ئوغلان كېتىپ قوغلان قالغان شۇمىكىن ۋە يا؟
يەنە ھەسرەت شۇتا بولدى مىندىم غەيرەتكە،
نۇر چاچقانى نۇرغا بۆلەر بەربىر دۇنيا.

1994 - يىل 8 - ئاي، ئۈرۈمچى

بۇ سانىدىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى **ئوسمانجان ساۋۇت**

ئەرشىدىن توختى

## كۆڭۈل كۆكىدە چاقنىغان يۇلتۇزلار

(نەسىرلەر)

ھەقىقىي دوست شېرىن مېۋىلەرنى دوستلىرىغا ھەقسىز سوۋغا قىلىدۇ.

*　　　*　　　*

دوستلۇقنىڭ بىرىنچى شەرتى — ئىشەنچ، ئىككىنچى شەرتى — سەممىيلىك.

*　　　*　　　*

يۈرەك ۋىجدان سۈيىنى ئىچىپ تۇرمىسا، قۇرۇلۇپ قالىدۇ.

*　　　*　　　*

ئەمگەكچان ئادەم ھەر بىر كەتمەن چاپقاندا، بىر قېتىم ھەرەمگە بارغاندەك ھېس قىلىدۇ.

*　　　*　　　*

ھەسەتخور، ئىچى تار كىشىلەر ئۆزگىلەرنىڭ مېۋىلىك دەرىخىنى كېسىپ تۇرىدۇ. كۆكسى-قارنى كەڭ، دانا كىشىلەر ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى كۆچەتلەرنى تىكىپ تۇرىدۇ.

*　　　*　　　*

ھەسەت ئەڭ ئاۋۋال مېۋىلىك دەرەخنىڭ يىلتىزىنى يەيدۇ.

*　　　*　　　*

باشقىلار تاپىنىڭنى قاشلىسا، دەرھال ۋىجدان سۈيى بىلەن يۇيۇۋەت.

*　　　*　　　*

ھاياتنىڭ ئۆزى بىر كائىنات، ئۇ سېنى سىرلىق ھېكمەتلەر دۇنياسى ۋە شاد-خۇراملىق «قابۇسنامە»سى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

*　　　*　　　*

زىمىستان قىش مەجنۇنتالنى ئەللەي ناخشىسى بىلەن ئۇخلاتتى، باھار ئۇنى غىزالاندۇرۇش ئۈچۈن ئويغاتتى.

*　　　*　　　*

بىلىمسىز، ئەخمەق ۋە نادانلار ۋاقىت-سائىتى كەلگەندە كۆز پەسلىدىكى قومۇش پۆپۈكىدەك توزۇپ كېتىدۇ؛ ئاقىل ۋە دانىشمەنلەر بولسا، ھەممە ۋاقىت قۇياشقا ئوخشاش پارلاپ، دېڭىز سۈيىدەك دولقۇنلىنىپ تۇرىدۇ.

*　　　*　　　*

ئۆز ئىشىڭغا پۇختا بولساڭ ئالەم سېنىڭ.

*　　　*　　　*

بىر ئۇلۇغ گۈل مېنى تاڭ شەپقى سۈپىسدا ئۇخلىتىپ قويغانىدى. تېخمۇ ئۇلۇغ بىر گۈل مېنى كەچكى شەپەق سۈپىسدا ئۇخلاتتى...

* * *

چېكىدىن ئاشقان ۋاپاسىزلىقتا ۋاپادارلىق يولىنى تۇتۇش ئۆزىڭمۇ، ئۆزگىلەرگىمۇ زۇلۇم سالغانلىقتۇر.

* * *

سەن ۋاپادار گۈلنى تاللاشتا پۇرىقى، شىرنىسىگە قاراشتىن ئاۋۋال تىكىنىنىڭ بار-يوقلىقىغا قارا.

* * *

ئاق كۆكچە قوغۇن قۇياشقا بولغان مۇھەببىتى ۋە رەھمىتىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن يېرىلدى. ئاپتەپپەرەس بولسا، كۆزىنى يۇماي تىكىلگىنىچە ۋىلىقلاپ كۈلدى.

* * *

قۇياشتىن ھارارەت، ئايدىن گۈزەللىك ئالغان گۈل مېنى ئىختىيارسىز ئەسىر قىلدى، ئەمما «مەن ۋە قىرغاق» درامىسىنى يېشىدىن ئۆتكۈزگەن دانالىقىم مېنى قۇتقازدى.

* * *

ھەي ئىنسان، تاڭ شەپقى بىلەن تەڭ تالاغا چىققىنىڭدا، بىر خۇرجۇن ۋىجدان ئۇرۇقىنىمۇ يۇدۇپ چىققىن، كەچتە ئۆيۈڭگە قايتقىنىڭدا، ئىككى خۇرجۇن ۋىجدان ئۇرۇقىنى يۇدۇپ كىرگىن. پەقەت شۇ چاغدىلا ئائىلەڭدىكى مۇھەببەت دەرىخى تېخمۇ ئۇلۇغلىشىدۇ.

* * *

قۇياش كۆك قەھرىگە ھەسەن-ھۈسەن ئاتلىق يەتتە خىل ئالتۇن زەنجىرنى ئاستى، بۇلۇت دېڭىز دولقۇنىنى باغرىغا بېسىپ، ھەسرەتتىن كۈلدى...

* * *

ئاي يۈزىنى كۆرسەتتى، ياسمەن گۈل خىجىللىقىدىن بويىنىنى تۆۋەن سالدى.

* * *

قار لەيلىسى زېمىستان قىشتا باھار ناخشىسىنى ئېيتتى. بىراق بىنچارە بۇلبۇلدىن نىدا كەلمىدى.

* * *

دەرەخ يىلتىزى سۇ ئىزدەپ ئاۋارە، تېزەك قوڭغۇزى كالا پوقى ئىزدەپ ئاۋارە. بۇ — ھايات ناخشىسى!

* * *

ئىنساننىڭ بىلىدىغانلىرى قانچە كۆپ بولسا، ئىلىم-ھېكمەت شەربىتى ئۇنىڭ تىلىدىن گويا سىم-سىم يامغۇردەك تامچىپ تۇرىدۇ.

* * *

ھەي، ئىنسان، ساڭا يوشۇرۇنغان ئەيىبنى ئەڭ ئاۋۋال دوستۇڭ كۆرىدۇ، ئاندىن دۈشمىنىڭ كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالايدۇ. دوستۇڭ ئۇنى تازىلاش ئۈچۈن تىرىشسا، دۈشمىنىڭ ئۇنى تېخمۇ ئاۋۇتۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ.

* * *

ئاياللىڭنى سۆيگۈدىن رازى قىلاي دېسەڭ، تاڭ شەپقى سۈپىسدا بىللە ئولتۇرۇپ،

ئۇيغۇر كىتابلىرى بېكىتى www.uyghurkitap.com

باھار ۋە بەخت ناخشىسىنى بىللە ئېيتقىن!

* * *

دەل-دەرەخلەر توپراقتىن ئىبارەت ئانىسى بولغانلىقى ئۈچۈن خۇش، ھاۋادىن ئىبارەت ئاتىسى بولغانلىقى ئۈچۈن مەزمۇتتۇر.

* * *

پاك بولمىغان يۈرەككە تىكىلگەن كۆچەت ھەرگىز مېۋە بەرمەيدۇ.

* * *

ساپ ۋىجدان پەقەت ناھەقچىلىك دېڭىزىدا ھاياتلىقنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرغىدەك دولقۇن پەيدا قىلىدۇ.

* * *

مۇھەببەت ھەسرەت بىلەن خۇشاللىقنىڭ بىر كومزەك ئىچىدە بىللە تۇرۇشىدۇر.

* * *

مەن تاغقا يامىشىمەن، ئۇ پۇتۇمدىن تارتىدۇ. بۇ، ئورا كولاش ھۈنىرى!

* * *

مەن تاغ چوققىسىغا يامىشىمەن، ئۇ مورە قويۇپ بېرىدۇ. بۇ قوللاش، ئىلھاملاندۇرۇش ناخشىسى!

* * *

ئىشچان ئادەم قېرىمايدۇ.

* * *

قاقاس تاغلار يېشىل تاغلارغا مۇڭ بىلەن قاراپ، ھەسرەتلىنىپ يىغلىدى. يېشىل تاغلار قاقاس تاغلارغا:

— ئۈمىدۋار بولغىن، مېھرى-شەپقەتنى يېپىنچا قىلغىن، گۈزەللىك كەلگۈسىدە ئالدىڭدا، — دېدى.

* * *

گۈل ئېگىلىپ تۇرسا سەجدە قىلدى دېمە، غادىيىپ تۇرسا ھاكاۋۇرلۇق قىلدى دېمە. ئەكسىچە سەۋرى-تاقەت كېمىسىدە ئولتۇرۇپ، ئىخلاسمەنلىك بىلەن پۇراپ باققىن، شۇ چاغدىلا مېۋىلىك باغقا ئېرىشىپ قالارسەن.

* * *

گۈل قۇش تومشۇقىغا ناز بىلەن مۇھەببەت ناخشىسىنى ئېيتتى. ئەمما قۇش تومشۇقتىن سادامۇ چىقمىدى.

* * *

بامبۇك بېلىنى بەلباغ بىلەن باغلىۋېدى، قۇياش ئاڭا مۇراجىئەت قىلىپ:

— ھاياتىڭ دەھشەتلىك جۇدۇن-چاپقۇنلىرىدىن سالامەت ئۆتۈپ، پەرىشتىدەك بولۇپ تۈيۈلۈشىڭنىڭ سىرىنى ئەمدى بىلدىم، — دېدى.

* * *

بۈركۈت قانىتىنى كەردى، مەن باغرىمنى باستىم. بۇلۇت ئۈستىگە چىقتۇق. ئاينى سۆيدۇق. قۇياشقا يېقىنلاشتۇق. بۇ باتۇرلۇق ناخشىسى ئىدى.

* * *

بەختسىزلىك قورقۇنچاق، يۈرىكى ئاجىزلارغا بودۇشقاقتەك چاپلىشىۋالىدۇ.

* * *

تاغنى يارساڭ سايىنى كۆرىسەن، بۇلۇتنى يارساڭ قۇياشنى.

* * *

پەرزەنتلەرنى ئاسرىغىنىڭ ئۆز مۇھەببىتىڭنى قەدىرلىگىنىڭدۇر.

* * *

دانا كىشى دائىم ئىمكانىيەتنى ئاشكارە يۈدۈپ يۈرىدۇ-دە، ھاجەتمەنلەرگە داستىخان سېلىپ بېرىدۇ. ئىچى تار، ئەقىلسىز كىشىلەر بولسا، ئىمكانىيەتنى ئۆزگىلەردىن يوشۇرۇپ يەرگە كۆمۈپ قويىدۇ.

* * *

ئاچچىق ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلىسەڭ، تاتلىق مېۋىنىڭ شىرىنىسىگە ئېرىشەلەيسەن.

* * *

ھايات ناخشىسىنى توختىماي ئېيتىپ كېلىۋاتقان دەرەخ سايە چۈشۈردى. ئېشەك سەگىدى، بىراق تېزەكلەپ قويدى.

* * *

گۈلنىڭ يىلتىزى — بارلىق ئېغىرچىلىقنى ئۈستىگە ئالغان خاسىيەتلىك ئانىدۇر.

* * *

ئېتىقاد — يۈرەكتىكى قۇياش. ھەر قانداق كۈچ ئۇنى زېدە قىلالمايدۇ.

* * *

مەن دائىم ئاقتىن لىباس كىيگەن زېمىندە ۋە كانكى تېپىلىش مەيدانىدا تۇرۇپ باھارنى ئەسلەيمەن؛ يېشىللىقنى يېپىنچاقلىغان زېمىندە سالقىن شامال ئېلىپ كەلگەن باھار گۈللىرىنىڭ پۇرىقى دىمىقىمغا ئۇرۇلغاندا، زىمىستان قىشنى ئەسلەيمەن.

* * *

ھەسەت بايرىقى لەپىلدىسە، ئەقىلسىزلار خۇشاللىقىدىن چۇقان-سۈرەن كۆتۈرۈشىدۇ. تەقۋادارلار بولسا، تاڭ شەپىقى سۈپىسىدا ئولتۇرۇپ تەجرىبە ئېگىلەيدۇ.

* * *

ئاچچىق كۆز ياشلىرىمىز بولمىغان بولسا، كۆزلىرىمىز شۇ قەدەر روشەن ۋە خۇمالىق بولمىغان بولاتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قەيسەر مىجىت

## خىيال دېڭىزىدىن چېچەكلەر

(نەسرلەر)

### تەنھالىق

تەنھالىق ئوخشىمىغان ياشتىكى ئوخشىمىغان كىشىلەرگە ئوخشىمىغان نەرسىلەرنى ھەدىيە قىلىدۇ. كىچىك ۋاقىتلىرىمدا مەن ئۇنى ھېس قىلمىغان، قاچان ياشلىق خىياللىرى ۋە تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى ماڭا جۆر بولدى، مەن شۇندىن بېرى ئۇنىڭغا ئەسىر بولدۇم.

مەن تاماكا چەكمەيمەن، لېكىن كۈندە بىر-ئىككى رەت ئايلىنىشقا خۇمارمەن. مەن ھاراقنى ئاندا-ساندا ئىچسەممۇ، لېكىن مەست بولغۇدەك ئىچمەيمەن، ئەمما تەنھالىق مېنى پات-پات مەست قىلىپ قويىدۇ.

ئۇنىۋېرسىتېت ھاياتى ماڭا تەنھالىقنى بەخش ئەتتى. قىشنىڭ قار ياغقان سوغۇق كۈنلىرى ساۋاقداشلىرىم تاتلىق ئۇخلاۋاتقاندا مەن ئورنىمدىن تۇرۇپ، سىرتقا چىقىپ، تەنتەربىيە مەيدانىنى بىر نەچچە رەت ئايلىنىۋېتەتتىم-دە، ئاستا قەدەملەر بىلەن قار ئۈستىدە ئىز قالدۇرۇپ، تەنھالىق ناخشىسىنى غىڭشىپ ئېيتىپ ياتاققا قايتاتتىم. بەزىدە يۇشۇرۇلۇپ ئۇخلاۋاتقان ساۋاقداشلىرىمغا قاراپ خىيالغا كېتەتتىم.

ياز كۈنلىرى چىڭقى چۈش مەزگىللىرىدە خۇددى تەبىئەت مېنى چاقىرغاندەك بىر خىل سېزىم بىلەن پىشىللىقنى ياقىلاپ، ئۆزۈم ياشاۋاتقان بۇ زېمىندىن تەنھا ھالدا نېمىلەرنىدۇر ئىزدەيتتىم، بەزىدە دەلدۈگۈنۈپمۇ كېتەتتىم.

ساۋاقداشلىرىم بار تۇرۇپمۇ تەنھالىق ھېس قىلاتتىم ھەم تەنھالىقنى خالايتتىم.

ئاخىر ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسى كەتتى. ئۇلارنىڭ كېتىپ قالغىنى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئالدىدا ياش تۆكمىگىنىم بىلەن تەنھا قالغان چاغلىرىمدا ئۆكسۈدۈم.

شۇنداق، تەنھالىق مەن بىلەنلا قالدى. تەنھالىق بەزىلەرگە زېرىكىش ۋە ئازاب ئېلىپ كېلىدىغاندۇ، لېكىن مەن نېمىشقىدۇر تەنھالىقنى سۆيىدىغان بولۇپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. چۈنكى ئۇ مېنى پىكىر قىلىشقا ئۈندەيدۇ، رىغبەتلەندۈرىدۇ. تۇرمۇشنى سۆيۈشكە ئۈندەيدۇ، تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. مەن تەنھالىقتىن ئۆزۈمگە خاس شىجائەت ۋە غايىنى تاپالايمەن. تەنھالىق يەنە مېنى سۆيگۈمگە سادىق ۋە سەممىي بولۇشقا ئۈندەيدۇ، ۋىجدان ۋە غۇرۇر بىلەن ياشاشقا يېتەكلەيدۇ.

ئاھ، تەنھالىق، سېنىڭدە بىر سېھرىي قۇدرەت بار! ئۇنى پەقەت ھېس قىلغۇچىلارلا سېزەلەيدۇ، خالاس!

## قەلب ھەممىگە قادىر

بىزنىڭ بۇ يەر دېڭىزغا يىراق، مەن سېنى دولقۇنلىرى قىرغاقلىرىغا ئۇرۇلۇپ تۇرغان دېڭىز ساھىلىدا كۈتەلمەيمەن. بىزنىڭ بۇ يەر قۇملۇق شەھەر. بىراق مەن قۇملار كۆچۈپ، بوران ئەگىگەن ۋاقىتتىمۇ، سېنى كېلىدۇ دەپ تاقەت بىلەن ساقلىيالايمەن.

خالىساڭ، دەشتى-باياۋاننى كېزىپ پىيادە بولسىمۇ كېلىسەن. خالىمىساڭ. بوئىن 747 تېپلىق زامانىۋى ئايروپىلانمۇ ساڭا بەربىر! چۈنكى، قەلب ھەممىگە قادىر.

* * *

مېنىڭ سېنى پەرىزاتقا ئوخشاتقۇم بار. سېنىڭ تەبىئىلىكىڭ، سېنىڭ سېھرىڭ ۋە جەزبىدارلىقىڭنى تۈنجى بولۇپ ھېس قىلغۇچى پەقەتلا مەن ۋە مەڭگۈ مەن بولىمەن!

سەن ئەتىدىن كەچكىچە قۇرۇق ۋاتىلدايدىغانلاردىن ئەمەس ياكى تۇرمۇشقا ئىشەنچسىز قارايدىغان، روھىي چۈشكۈن، جىمغۇرلاردىنمۇ ئەمەس. سەن ھەرقايسى تەرەپلەردىكى ئۆزگىچىلىكىڭ بىلەن مەن ئۈچۈن جاھاندا بىر.

سېنىڭ قارا كۆزلىرىڭدىن پاكلىق ۋە مېھر-مۇھەببەت، كەلگۈسى تۇرمۇشقا بولغان ئىشەنچ ۋە ئۈمىدۋارلىق، سېنى سۆيگەن ئادىمىڭگە بولغان ساداقەت ۋە ۋاپا نۇرلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ.

سەن چوقۇم بەختلىك بولىسەن! مەن سېنىڭ بەزى يېنىك ئاچچىقلىنىشلىرىڭدىن ساددىلىقىنى، مىجەزىڭدىكى نورمال ئۆزگىرىشچانلىقىنى، قىزلارغا خاس نازاكەتنى ھېس قىلىمەن. بەلكىم سەن ئاشۇ كۈندىكى ئۇيىلانماي قىلىپ قويغان گەپلىرىڭ ئۈچۈن بىئارام بولغانسەن. ئۇ كۈنى ھاۋا سوغۇق، قار يېغىۋاتاتتى. سەن نېمىشقىدۇر خاپا بولۇپ قالغانىدىڭ. بوپتۇ، مەن قورساقنى كەڭرەك تۇتاي.

قەلبلەر — چېگرا تەۋەلىكى بەلگىلەنگەن دۆلەتلەر. چۈشىنىش — پاسپورت. بىز ھەر ئىككىمىز پاسپورت ئالالماي ئاۋارە. بىراق مېنىڭ ئىشەنچىم كامىل!

* * *

سۆيۈش — مەردانىلىق. سۆيۈلۈش — بەخت، بىراق سۆيۈپ، سۆيۈلمەسلىك بەختسىزلىك. سۆيۈلۈپ سۆيمەسلىك زېرىكىشلىك.

قىزچاق، سۆيگۈ ئىلاھى ساڭا گۈل تۇتقاندا سەن ئۇنى ئوبدان كۆزەت.

ئۇ ئاسمان تۈزۈپ كېتىدىغان ياكى تىكەنلىك گۈل بولۇپ قالمىسۇن! بۇ بارلىق پاكلىقنى سۆيىدىغان قىزلارغا قىلىنىدىغان مەسلىھەت، بىراق پاكلىق گۈلى ساڭا ئۇزىتىلغان ھامان سەن ئۇنى ئوبدان يۇرا. چۈنكى ئۇ پەرۋىشكە مۇھتاج.

مەن پەزىلەتلىك قىزنى ياخشى كۆرىمەن.

سەن ساماۋى چۈچەكلەردىكى پەرىزاتتەك مېنىڭ كۆڭلۈمدە چۈشۈمگە بۇسۇپ كىرىپ قەلب زېمىنىمنى لەرزىگە سالدىڭ. مەن كۈتكەنىدىم، ساقلىغانىدىم. بىراق ساقلىغان ئادىمىمنىڭ مەۋھۇم ئىكەنلىكىگە ئىشىنەي دەپ تۇرغاندا سەن پەيدا بولدۇڭ. ئەسلىدە مېنىڭ ساقلىغان ئادىمىم سەن ئىكەنسەن. قىزچاق، قەلب ئىشىكىڭنىڭ ئاچقۇچى ياكى سەندە ياكى مەندە. مېنىڭچە، سەن ئۆزىگە ۋە كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچى كۈچلۈك، ئۆز غورۇرىنى ساقلىيالايدىغان، خۇددى ئۆزۈڭدەك پاك، ئاتا-ئانىلارغا، ئۇرۇق-تۇغقانلارغا كۆيۈمچان، ساڭا سادىق ۋە مەسئۇلىيەتچان، بوشلۇقتا قانات قېقىشقا ئىنتىلىدىغان بۈركۈتسىمان يىگىتنى ئىزدەيسەن. چۈنكى سەن ئالدى بىلەن پەزىلەت ئىگىسى.

مەسئۇل مۇھەررىر **سارەم ئىبراھىم**

ۋەلى كېرىم

# نەسىرلەر

## ئانامغا خاتىرە

مېنىڭ كۆك چىپار ئايغىرغا مىنىپ شامالدەك چاپتۇرغان ھالىتىم ھەر قېتىم چۈشۈمگە كىرگىنىدە، ئاق شايى روملىڭغا ئورۇنۇپ كېچە قويىنىغا پەخىرلىنىش تۇيغۇسىدا تەبەسسۇم قىلالمىدىڭغانسەن؛ باتۇرلۇققا يېقىنلاشقان سۆيۈمىم بىلەن بۇ ئىنسانلار دۇنياسىدا نامدار ئاتالسام بوينۇمدىن تارتىپ كېلىپ پېشانەمگە سۆيەمدىڭغانسەن، چەكسىز ئانىلىق مېھرىڭ بىلەن قۇلىقىمغا پىچىرلاپ، بوۋاق ۋاقتىمدىكىدەك تاتلىق-تاتلىق ئەركىلىتەمدىڭغانسەن، ئانا؟ يولۇمغا زارىققان ياشاڭغۇ كۆزلىرىڭ مېنى ئىستەمدىڭغاندۇ؟!

مەن بىلەن كۆرۈشكىنىڭدە بوتىسىنى سېغىنغان ئانا تۆگىدەك بوزلاپ يىغلارسەن، ئانا. بالىلىق مېھرىم شۇنچە كۆچلۈك كېلىپ، سېنى بېسىپ بولمايدىغان يىغا دولقۇنى قىستىغان بولسا قىينالماي يىغلاۋەر! كۆز ياشلىرىڭ كۆكسۈمگە سىڭىپ كەتسۇن، شۇندىلا كۆڭلۈڭ ئارام تېپىپ، ئاجىزلاشقان كۆزلىرىڭ قايتا نۇرلىنار؛ لەختە-لەختە قانغا تولغان ئىچى-باغرىڭ تازىلىنىپ پاكىزلىنار. مەن شۇ چاغدا ئالتە ئايلىق بۇدرۇق بوۋاقتەك ئوماق كۈلۈپ بېرىمەن!

ئانا، مېنىڭ گەپلىرىمنى قىزىق ھېس قىلىپ، سېنى كۈلكە قىستىغان بولسا ئىككىلەنمەي كۈلىۋەر؛ بۇ خاسىيەتلىك كۈلكىدىن يۈزلىرىڭدىكى قورۇقلىرىڭ يېشىلىپ، قېنىپ ئۇخلىغان، كۈن بويى خۇشال يۈرگەن كىشىدەك ياشىرىپ قالارسەن.

ئانا، مەن ساڭا ھەر ۋاقىت تەلپۈنگەن بولىمەن، سەن ھەم ماڭا كۆيۈپ-پىشىپ تەلپۈنگەن بولىسەن؛ ئىككىمىز ئارىسىدىكى ئارىلىق سەن مېنى، مەن سېنى ئەسلەپ، ياد ئېتىپ تۇرىدىغان قىسقا مۇساپە. مېنى ھەر كۈنى ئەسلەپ قوي، چۈشلىرىڭدە كۆر ۋە ئىسمىمنى توختىماي زىكرى قىلىپ تۇر. بولمىسا... كېتىمەن ئانا، كېتىمەن!... دەپ سېنى تېرىكتۈرىمەن. بىلمەمىكى، بۇ ساڭا ئېغىر كېلىپ، گۇنسىز كۆزلىرىڭدىن ئۈنچىدەك ياشلىرىڭنى تۆكۈشۈڭگە سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ.

## مەڭگۈلۈك تەشنالىق

مەن قەدىمىي كۈيلەرنى كۈيلەپ سەن بىلەن كۆرۈشكىلى بارغىنىمدا، كۆزلىرىڭدىن چاچرىغان سېھرىي نۇرنىڭ ئۇستۇمگە تەشنالىق ئىلكىدە سېپىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەمەن.

لەۋلىرىڭ كۆلكە يامراتقاندا بولسا، ئۇنىسىز بىر ناخشىنىڭ مېنى ئۆز قوينىدا توختاۋسىز ئەللەيلىتىپ جەننەت بېغىدا سەير ئەتتۈرگەنلىكىنى سېزىمەن.

مەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلمەن، نۇرغۇن نەرسىلەرنى ساڭا قاراپ تەسەۋۋۇر قىلىمەن.

بۈگۈن مەن چەكسىز يايلاقتا ئەركىن چېپىپ يۈرگەن تايچاقتەك روھلۇق هالدا بىزنىڭ ئەمەنلىككە كەلدىم. تونۇش ئوت-چۆپلەر ماڭا تەبەسسۇم قىلىپ ھىدىنى چاچتى. مەن بۇ يەردە ئولتۇرغاچ سېنى ئويلاپ ئالەمچە ھېسلارغا چۆمدۇم. ئاھ، ھىلال ئاي، تەڭرى ساڭا ھەر قېتىم يامغۇردىن ئازاب شارابى ئۇزاتقىنىدا، مەن ئازاب قوينىدا قىلدەك تولغىنىمەن.

يۈرەك-باغرىم ئۈنسىز يىغلاپ قۇرىدى، سەرسان بولغان كۆڭلۈم كارۋات پەردەڭنىڭ بىر يېقىنى قايرىپ ساڭا سالام يوللايدۇ: تەڭرىم ساڭا ئاسانلىق بەرسۇن. مېنى سېغىنغانسەنمۇ؟

ۋاقىتلىق غېرىب بولۇپ قالغان كۆڭلۈم مەجنۇنلۇق دەشتىدە سەرسان يۈرۈپ ئىسمىڭنى توختىماي زىكرى قىلىدۇ، سېنىڭ بۇنىڭسىز روشەنلىشىۋاتقان ئاي يۈزۈڭ قاغجىراق قەلبىمگە ھاياتلىق نۇرى تۆكىدۇ...

سېنىڭ بۈگۈن قۇشقاچلار ئاندا-ساندا سايراپ قالغان چۇشلۇكى يېنىمدىلا پەيدا بولىدىغانلىقىڭنى بىلىمەن. سېنى ئۆزۈڭدىن بېرى سېغىنغان قەلبىم ھىدىڭنى ھىدلاشقا تەلمۈرىدۇ.

ئېچىرقاپ كەتكەن بۇ روھ جۆرە زوھقا سىڭىپ كېتىشكە ئالدىرىماقتا. ھاياجان تەپتىدىن تىترىگەن قوللار ئۈنسىز بىر ناخشىغا ئۇسسۇل ئوينىماقتا.

سېنى... سېنى ھاياتىمدىكى ئەڭ چوڭ ھېماتچىم دەپ بىلدىم. كۆڭلۈم ئازاب ئارىلاشقان خۇشاللىقىنىڭ پەپىلىشىدىن ئەللەي مۇقاملىرىغا مۇڭ بولماقتا؛ سەن بۈگۈن ئالدىمغا ھىلال ئايدەك تۇيۇقسىزلا پەيدا بولسەن، يۈرىكىم ھىجران ناخشىسى قوينىدىن ئۆزىنى تارتىپ، شوخ مۇھەببەت كۇيلىرى ئۈستىدە ئۇسسۇل ئوينايدۇ!

## سەن يۈزلىنىپ تۇرغان ئېقىن

بۇ — ئۆزۈلمەس ئېقىن. بۇ ئېقىننىڭ قاچانلاردىن بېرى مۇشۇ زېمىندا ئېقىپ يەر باغرىنى سۆيگەنلىكىنى دەپ بېرەلمەيمەن. پەقەت ھەر كەچلىكى ئۇنىڭ بويىدا ئولتۇرۇپ خىيالىمنى مۇشۇ ئېقىن بويلىتىپ ئاققۇزغىنىمدىلا، ئۇ ماڭا پىچىرلايدۇ.

ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن ئۇچار قانات ئۇۋىلاپ كەتكەن بىر تۈپلا قارا ياغاچ بار بۇ قەدىمىي قەبرىستانلىق مەن چىقىشىم ھامان سۈكۈناتقا پاتىدۇ. بۇ قەبرىستانلىق سۈزۈك ئېقىنغا يېقىن، ئېقىن ئۇنى ئەگىپ، باغرىنى يالاپ ئۆتىدۇ.

ساڭا دەيدىغان جىق گەپلىرىمنى دېيەلمىگەچ يالغۇز دەرەخ، قەدىمىي قەبرىستان، قارام ئېقىنلار بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرىمەن. سېنىڭ ماڭا تەسەللى بولغۇدەك بىر ئېغىز گېپىڭنى كۈتىمەن.

مەن ئەتىيازدا بېقىۋالغان قۇشقۇچۇمنى گۈگۈم قوينىغا ئېتىۋەتتىم. گۈگۈم چوققۇم ئۇنىڭغا يول باشلايدۇ، ماڭا بەخت كەلتۈرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

بۇ كۆكۆل ئەلچىسى سەھەردىلا قىشقىغا يېتىپ بېرىپ سالىمىمنى ساڭا يەتكۈزىدۇ...

## ئانامغا ئېيتىدىغان سۆزلىرىم

ئانا! سېنىڭ ھەر قاچان بالام، دەپ پىچىرلايدىغان لەۋلىرىڭدە تەبەسسۇم پارلىشىنى كۈتىمەن. بۇ مەنزىرىلىك تاغدا تۇرۇپ ئورمان چەكسىزلىكىگە نىگاھ تاشلىغىنىمدا، بىر سۈرەتتەك ئەسلىمە كۆزلىرىمنىڭ نۇرىنى ئېلىۋالدى، تاشتىن-تاشقا ئۇرۇلۇپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇ سېنىڭ تولۇپ-تاشقان مېھرىڭنى ئېسىمگە سالدى.

ئانا، بۇ كۈنلەردە يەنىلا چىراغ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ رېشلىيە ئىشلەۋاتامسەن؟ بارماقلىرىڭغا يىڭنە سانجىلىپ كەتمىگەندۇ؟ ئۇزاق قاراپ ئىشلىگەچكە كۆزلىرىڭنىڭ نۇرلىرى تۈگەپ قالغان بولغىيدى؟ بولدى ئەمدى، ياستۇققا باش قويۇپ ئارام ئال، مېنىڭ كۆكۆل كۆزۈم سېنىڭ ماڭا يەتكۈزگەن چەكسىز ئانىلىق مېھرىڭ بىلەن قوشۇلۇپ قورۇق باسقان پېشانەڭگە تىكىلىدۇ؛ سەرسان شەھەردە سەرسان بولغان روھىم كەڭ ئېچىلغان قوينۇڭغا پىغان ياشلىرىنى تۆكىدۇ.

مېنى ئەسلەپ قال، ئانا، شۇ چاغدىلا مەنمۇ سېنى ئەسلەپ قالىمەن! ئۆتكۈنچى يامغۇر تۆكۈپ ئۆتكەن ئاقۇچ بۇلۇتلار ساڭا سالىمىمنى يەتكۈزۈپ قويىدۇ، ئانا. شۇ چاغدىلا ئوغلۇڭنىڭ نەقەدەر خىيالىي جاسارەتكە تولغان رومانتىكىسىنى بىلىپ قالىسەن.

## ئانا، كۆز يېشى

سەن — ئىنسان بىلەن تەڭرى ئوتتۇرىسىدىكى مېھرى-مۇھەببەت ئەلچىسى؛ ئىنسان قەلبىنىڭ ھېسسىيات چوڭقۇرلۇقىغا شۇڭغىيالىغان غەۋۋاس؛ كۈلۈمسىرەش بىلەن قېنىپ كۈلۈش ئارىسىغا يوشۇرۇنغان لىۋەن كۈلكە؛ سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭغا بالىلىقتىكى ساپ تىل، ئوتتۇرا ياشلىقتىكى قىرانلىق ۋە قېرىلىقتىكى مېھرى-مۇھەببەت مۇجەسسەم بولغان.

ئانا، چوڭ بولۇپ قالغان بولسامۇ خۇددى بۆشۈكتىكى چېغىمدىكىدەك ئەللەي ناخشىلىرىڭنى سېغىندىم؛ نېمىشقا ياش تۆكىسەن، ئانا؟ گۇناسىز كۆزلىرىڭدىن تۆكۈلگەن ياشلىرىڭنى كۆرسەم قاتتىق ئازابلىنىدىغانلىقىمنى بىلمەمدىغانسەن؟

ئانا، سەۋادان تېرەكتەك ياشىرىپ تۇرغان قامەتلىك ئوغلۇڭ ئالدىدا بىھۇدە ياش تۆكمىگىن. پەقەت ئوغلۇڭغا ئاق يول تىلە ۋە پېشانىسىگە ئامراقلىق بىلەن سۆيۈپ قوي.

## ھاۋاسىز بوشلۇق

يامغۇر يېغىپ تۇرغان بۇ كېچە ئىنتايىن سۈرلۈك. مېنىڭ خىيال قۇشلىرىم سېنىڭ ھاۋاسىز بوشلۇقىڭدا پالاقلاپ قالغىنىدا، ئىنتىزارلىق بېغىڭدىن ئەتىرگۈل ئۈزۈپ كېلىپ پۇرتارسەنمۇ؟ كۈلكىلىرىم ساختا ئاۋاز بىلەن مابانلىق گۈگۈمدا لەيلەپ قالغىنىدا، سەن ماڭا چىن مەنىسىدىن كۈلكە ئاتا قىلارسەنمۇ؟

قارىغايزارلىق بىلەن بۇ چەكسىز چۆللۈكلەر ئارىسىدا تەمتىرەپ يۈرگىنىمدە، سېنى گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىمدە ساقلايمەن. چۆللۈك ئارىسىدىن قوزا كۆز بۇلاقلارنى

تېپىۋالسام، ئۇسسۇزلۇق تامچىلىرى بىلەن قوشۇپ سېنى تەشنالىق بىلەن سۈمۈرىمەن.

تاڭ بىلەن گۈگۈم، كېچە بىلەن كۈندۈز ئەتراپىمدا چۆرگىلەپ ئازاب شەربىتى ئىچۈرۈپ يۈرگەن بۇ كۈنلەرنى ئۇنتۇش مېنى دوزاخ ئازابىدا قىينايدۇ؛ سەن بىلەن ۋىسال تاپمىغىچە تىنمايدىغان كۆڭلۈم سېنىڭ ماڭا تېخىمۇ مېھرىبان بولۇشىڭنى ئۈنسىز نىدا قىلىدۇ.

## خىيالىي تىلەك

كىچىككىنە قوللىرىڭنى ماڭا سۇن، قوللىرىڭغا ئىچىمگە قاپسىلىپ كەتكەن ئازابلىرىمنى تۆكۈپ بېرەي، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى پېشانەڭگە سۈرتىۋالارسەن.

چوڭ-چوڭ كۆزلىرىڭنى ماڭا تۇتۇپ بەر، مەن بۇ ئوتلۇق كۆزلەرگە تويماي-تويماي سۆيۈپ قوياي، كۆزلىرىڭ نۇرلىنىپ كەتسۇن. شۇنىڭ بىلەن مېنى تېخىمۇ روشەن كۆرىدىغان بولارسەن.

چۆچۈرىدەك قۇلاقلىرىڭنى ماڭا تۇتۇپ بەر، ئوتلۇق ئۆپۈپ قوياي. ناخشا ئاۋازىمنى ئاڭلاپ-ئاڭلاپ تاتلىق ھېسلار ئىلكىدە مۇڭلىنارسەن.

كەل، چىن مېھرىم بىلەن سېنى قۇچاقلاپ قانغۇچە يىغلىۋالاي. كۆز ياشلىرىم ئىككى مۈرەڭگە تۆكۈلۈپ ۋۇجۇدۇڭغا سىڭىپ كەتسۇن، مېنى تېخىمۇ ياد ئېتىدىغان بولارسەن.

ئازابلىرىمنى پۈتۈنلەي قوبۇل قىل، تاماكا ئىسىدىن بۇرۇختۇم بولغان ئىچكى دۇنيارىمنى چۈشىنىپ قوي. شۇندىلا ئالدىڭدا پۈتكۈل تېنىم نۇرانە ئىنسانغا ئايلىنىپ، ساڭا چەكسىز شەپقەت كۆرسىتىشكە مۇيەسسەر بولىدۇ.

## سىما

سەن قارىغىنى ماڭا كۆرسەتكىنىڭدىلا، مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي چەكسىز ھاياجانغا چۆمىمەن. نۇرلۇق كۆرۈنگەن چېھرىڭ يەر يۈزىگە كۈلكە سېپىپ كېلىدۇ؛ خېنە ياققان بارماقلىرىڭ توختاۋسىز بىر نەرسىنى سىلاپ سىپاشتۇرۇپ كېلىدۇ...

بۇ ئۇزۇن يول. مەن سېنى يېتەكلەپ ماڭىدىغان بۇ يول پەقەت سېنىڭ ھەمدىمىڭ ئارقىلىق ئاخىرقى مەنزىلگە تۇتىشىدۇ. سەن ئارمان بىلەن دەرمان ئوتتۇرىسىدا پۈتۈڭنى تەستە يۆتكەۋاتقىنىڭدا، مېنىڭ سەن ئۈچۈن چەككەن پىغانلىرىم ئاياغ ئىزى بولۇپ كەينىمىزدە قالىدۇ.

سەن بىرلا قارىساڭ مۇھەببىتىم ئۆركەش ياساۋاتقان قەلبىم ساڭا تالىق بولغاندەك بولىدۇ؛ پۈتۈن دۇنيادىن نەزىرىمنى ئۈزۈپ كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالىمەن. شۇ چاغدىلا سەن بىلەن ئەرشئالادا ئۇچۇپ مەڭگۈلۈك مۇھەببەت قويىنىغا يېتىمەن.

## مەن بار

مەن ھەر قېتىم ئادەملەر مىغىلداپ تۇرغان كوچىغا چىقسام ئۆزۈمنى ئەسلىۋالىمەن، تەنھا ئۆتكەن كۈنلىرىمدە يوقىتىپ قويغان ئەسلىملىرىمنى تېپىۋالىمەن. زاۋۇت

تۇرخۇنلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن بۇرۇختۇم ئىسلاردىمۇ مەن بار، مېنىڭ روھىم ئاللقاچان تۇتۇنگە ئايلىنىپ ئاسماندا لەيلەپ قالغان.
مىغىلداپ كېتىۋاتقان ئادەملەر ئارىسىدا مەن بار، ئۇلارنىڭ تىنىقلىرى مېنى كۆمۈۋالدۇ، كۆز نۇرۇم خىرەلىككە قاراپ يېيىلدۇ...
تورغاي، مەن — باياۋانغا، خاراب بولۇپ كەتكەن جىسمىمغا قاراپ قايغۇلۇق مەرسىيەگىنى ئوقۇما. مۇڭلۇق ئاۋازىڭدىن بوغۇم-بوغۇم بولۇپ چېچىپ چۆلىستانغا سىڭىپ قالىمەن. مەن بۇلۇتلارغا يېپىشىۋالغان لېرىكا، قۇم زەررىچىلىرى مەندىن بىزار بولغان، ئۇلارنىڭ يېنىغا بارسام ۋاقىتسىز كۆمۈلۈپ قالىمەن، بۇ دۇنيادىن نام-نىشانسىز كېتىمەن.
ئېقىن تاپالمىغان بۇلاق كۆزىدە مەن بار، مەن ئۇ يەردە ئۇزۇن يىل تۇرۇپ قالغان؛ دەردمەن ئاشىقنىڭ تارام ياشلىرى مېنى يۇيۇپ پاكلايدۇ، دەردىم ئۇنىڭدىن مەلھەم تاپىدۇ...

## ماھىرە

ھىلال ئاينىڭ ئۆزگە يارىشا كۆركەم جىلۋىسى بولغاچ، ئۇ پەرىلەرنىڭ قىياقتەك قاشلىرىغا ئوخشىيالىغان؛ تولۇن ئاينىڭ نۇر تۆكۈلۈپ تۇرغان جامالى بولغاچ گۈزەللەرنىڭ كىشى كۆڭلىنى كۆتۈرگۈچى سىياقىغا ئوخشىيالىغان. سەن ماھىرە، مېنىڭ كۆيۈك باغرىمدىن كۆتۈرۈلگەن بىر ئۇچۇم ئوتقا تۆكۈلگەن شىپابەخش يامغۇر بولغاچ، كۆكۈل بېغىمغا ئۆز قۇدرىتىڭ بىلەن دەستە-دەستە گۈللەرنى ئېچىلدۇرالىغان. سېنىڭ مەنلا بىلىدىغان زىبالىقىڭ ۋە مېنى پۈتۈنلەي مەپتۇن قىلىۋالغان سۆيگۈ كۆيۈكىدە مېنىڭ ساتار كۈيىدەك مۇڭ ئاۋازىم، تېنىڭنى ئاراملىق سىلاپ قويغۇچى روھىي قولۇم، يۈرەك ئۈستۈڭگە سۆيۈپ قويغۇچى شېرىن لېۋىم بار.
بۈگۈن غەم سۈيى ئىچىۋالغاندەك مۇڭلىنىپ قالدىم، كۆزلىرىم گۇنىسىز كۆرۈنگەن ئاھۇ كۆزلىرىڭگە نېمىشقا تىكىلگەن بولغىيدى؟ ئازاب ئارىلاشقان مەيۇس چىرايىڭغا يامرىغان دەرد تامچىلىرى نېمىشقا قولۇمغا تامچىلىغان بولغىيدى؟ ئەمدى... ھېچقانداق تەسەللىي ئارام بېرەلمەيدىغان-كۆڭلۈم ئىزتىراپلىق ئىلكىدە ئارام تاپمايدۇ؛ سەن بۈگۈن كۆڭ قىبىلغاندىلا تۇمانلىق ئەسلىمىلەر قوينىدا غايىب بولدۇڭ، ھارغىنلىق يەتكەن ۋۇجۇدۇڭلۇق گۆش كەبى بوشىشىپ كەتكەن، خۇددى ماڭا قارىماس بولۇپ كەتكەندەك غايىب بولدۇڭ!...
ماھىرە!... نەم پۇراپ تۇرغان بۇ باغچا ئىنتايىن مىسكىن. سەن مەن بولۇپ كۆلكەگىنى يوشۇرغىنىڭدا، سېنىڭ ئاۋاز ئارتىسلىرىغا ئوخشاش خۇش ئاۋازىڭ يۈرىكىمنى ئۆزىنىڭ نازۇك قوللىرى بىلەن سىلاپ قويىدۇ. يۈرەك ئۈستىگە تۆكۈلۈۋاتقان زەرداب سۇ بۇ كىچىك قوللارغا ئاچچىق ياش بولۇپ تۆكۈلىدۇ.
ئاھ، ھاياتىمنىڭ پاسبانى! سېنىڭ شەپقىتىڭ بىلەن گۈزەللىم ھۆسنىگە تولۇپ، كۆك قەرىدىكى تولۇن ئايغا ئوخشىدى، سېنىڭ قۇياش نۇرىدەك ئالتۇن تالالىرىڭ ئۇنىڭ كۆكرەك قەپىسىدە ئۇنتۇلماس سۆيگۈ مايسىلىرى يېتىلدۈردى. پەقەت سۆيگۈ قەدىمى ئۇچۇن چېلىنىۋاتقان مۇڭلۇق مۇقەددەس كۈيلىرىڭ، دەرگاھىڭ ئۇچۇن تەلپۈنگەن ئاجىز يۈرەكنىڭ زارىنى قوبۇل قىلغاي.

مەن بۇ ئالتۇن خورىزىمنى سۆيگۈنىڭ ئالتۇن دانلىرى چېچىۋېتىلگەن ئېتىزلىققا قويۇپ بەردىم. ئۇنىڭ سەھەردىلا چىللىغان غەلىبە ئاۋازى مېنىڭ ماھىرەم ئۈچۈن چەككەن پىغانلىرىمنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇلدۇرۇپ قويىدۇ. مەن بۇ خورازنى سۆيگۈمنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە سېنىڭ دېرىزەڭ ئالدىدىلا چىللاتقۇزىمەن. سەن شۇ چاغدا خوراز ئۆگىنىپ قويغان تەسىرلىك مۇھەببەت كۈيىنى ئېيتقانچە ماڭا قاراپ ئاستا كېلىسەن.

سېنىڭ دەريا قىزى ئىكەنلىكىڭنى بىلىمەن. سېنىڭ دەريا بويىدا ئولتۇرۇپ ئالەمچە ھېسلار ئەللەيلىشىدە مېنى بىلمىگەن ھالدا خىيالىڭغا كەلتۈرگەنلىكىڭنىمۇ بىلىمەن. مەن سېنىڭ كۈلكەڭ ئاستىغا يوشۇرۇنغان لۆھەن كۈلكەڭنى تېنىڭنىڭ ئارامى بولۇپ مەن تۇتۇپ تۇرغان ئالتۇن پىيالىگە تۆكۈپ باقمىغانلىقىڭنى، چوقۇم بىر كۈنى تۆكىدىغانلىقىڭنى بىلىمەن.

ماھىرە!... سېنىڭ شەپقىتىڭ بىلەن مەن ئادەم سۈپىتىگە يېقىنلاشتىم، سېنىڭ كىچىككىنە قوللىرىڭدىن سىرغىغان نېمەتلەردىن يەپ ئېچىرقىغان كۆڭلۈمنى ئەملەپ كەلدىم. نېمىشقا، نېمىشقا بۈگۈن ھاۋانىڭ تۇتۇلۇشىدەك تۇتۇلۇپ قالدىڭ؟ كۆڭۈل قېتىمغا تولغان ئاچچىق يىغىنى ئۆز قۇدرىتىڭ بىلەن كىشى كۆرمەيدىغان يەرلەرگە تۆكۈۋەتمىدىڭ؟

ماھىرە، سېنى دەپ سوقۇۋاتقان يۈرىكىمنى ئەملەپ قوي، كۆزلىرىمگە پۈتۈن مېھرىڭ بىلەن خۇمارلىق بېقىپ ئۇنىڭ نۇر جۇلالىرىنى ئاۋۇندۇر. پەرىلەر دۇنياسىدا سەير ئەتكەن سەرۋى تېنىڭ، گۆدەكلىك بېغىدا كېپىنەك قوغلاپ ئويناۋاتقان مەندەك سەبىينى ئۆز قوينىغا ئېلىپ، مەڭگۈلۈك مۇھەببەت قوينىدا پەرۋاز قىلدۇرسۇن.

## كۈيچى موماي

سەن مېنىڭ يىللىق كۈي-ناۋالىرىڭنى ياڭرىتىپ ياسىداق مەپەڭنى گۈلگە تولدۇرۇپ كەلگىنىڭدە، ئالەمشۇمۇل غەلىبە شادلىقىغا چۆمىمەن؛ غېرىب تورغاينى قومۇش قەپەسكە سولاپ توپىلىق يولدا تايتاڭلاپ كەلگىنىڭدە بولسا، مۇڭلۇق ھازا قوشاقلىرىنى ياڭرىتىپ باھار يامغۇرىدەك زار يىغلايمەن...

مەن مومامنىڭ بۇ دۇنيادىن قانداق ئۆتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن، ئەمما بىزنىڭ باغدىكى ھەر خىل قۇشلار ئۇنىڭ غەزەلخانلىق قىلىپ ئۆتكەن ئۆمرىنى ماڭا ئەسلەپ بېرىدۇ؛ باغ ئارىسىدىكى گۈللۈكتە شىرنە يىغىۋاتقان ھەسەل ھەرىلىرى ئۇنىڭ گۈل بەرگلىرىگە سىڭىپ كەتكەن مۇڭلۇق بېيىتلىرىنى ماڭا ئوقۇپ بېرىدۇ.

مومام كۆك قەرىنى چاك كەلتۈرۈپ، تەبىئەت دۇنياسىنى ئۆزىگە رام قىلىپ ئۆتكەن مەزلۇم! مەن ئۇنىڭ يىرىك قوللىرى بىلەن بېشىمنى سىلاپ تاتلىق ئەركىلەتكەنلىكىنى، مۇڭلۇق ئەللەي ناخشىلىرىنى ئېيتىپ مېنى پەپىلىگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمەن.

يۈر، شەپقەتچىم، بۇ كۈي-ناۋا دۇنياسىغا شۇڭغۇيلى؛ بىز بۇ ئۆمۈرلۈك باغقا كىرىپ، بىر ئۆمۈر ناخشا-ساز بىلەن ھاياتىمىزنى بېزەيلى؛ تاملارغا، گۈل بەرگلىرىگە، پىشقان ئۆرۈكلەرگە سىڭىپ كەتكەن ناخشا-كۈيلەرنى ئېلىۋالايلى؛ ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا پۈتۈن بەدىنىدىن كۈي تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان مومام بار...

مەسئۇل مۇھەررىر **سارەم ئىبراھىم**

**ئەكبەر ئابدۇقادىر**

## قەلب خىتابى

(نەسىر)

ئادەمنى بەزىدە بىمەنە خىياللار ئۆزىگە ئەسىر قىلىۋالىدىكەن. شىرىن خىياللار ئىلكىدە تەنها تۇرغىنىڭىزدا ئۆزىڭىزنى خۇددى غالىب شاھلاردەك سېزىدىكەنسىز، مۇتەپەككۇرانە سالاھىيەت بىلەن باشقىلارنى مەنسىتمەيدىكەنسىز. ۋۇجۇدۇمدا مۇشۇنداق كەيپىيات ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىللەردە ھېسسىياتىمنىڭ بەگىباشلىقى ئەۋجىگە چىقىدۇ، تەسەۋۋۇر قۇشلىرىم بەكمۇ ئەركىنلىشىپ كېتىدۇ. كۆڭلۈم توق، تېنىك ۋە روھلۇق يۈرگەن چاغلىرىمدا ئىجادىيەت پەرىلىرى مېنى بەس-بەس بىلەن چىللاشقا باشلايدۇ. ئۇلۇغۋار غايىنىڭ ئېتىغا قامچا سالغانسېرى، ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى شۇنچە تونۇپ يېتىمەن. گاھىدا تەگسىز خىياللار دېڭىزىغا شۇڭغۇپ، ھاياتتىن ئۈمىدسىزلىنىپمۇ قالىمەن. روھىي ئالىمىدە پات-پات قاتتىق جەڭ يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. تۇرمۇشتىكى رەڭدار كۆرۈنۈشلەرگە كۆز تاشلىساڭ، ھاياتنىڭ خۇددى چۈشكە ئوخشايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىسەن.

بەزىلەر ئۆزلىرىنى خۇددى بۇ دۇنيادا ئەزەلدىن ياشاپ كېلىۋاتقاندەك ھەم مەڭگۈ ياشايدىغاندەك ھېس قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرى، ئىستىقبالى ئۈستىدە ئانچە باش قاتۇرۇپمۇ كەتمەيدۇ. ھايات دەرىخىدىكى يوپۇرماقلارنىڭ سارغىيىپ كېتىۋاتقانلىقىمۇ، تۆكۈلۈپ كېتىۋاتقانلىقىمۇ ئۇلارنى ئەندىشىگە ياكى ئويغا سالمايدۇ.

ئاھ، خۇدا، مېنى ئاشۇنداق روھىي ئالەمنى زۇلمەت قاپلىغان، غەپلەت ئۇيقۇسىغا پاتقان تىرىك مۇردىلارنىڭ قاتارىغا قېتىپ قويمىغىن! مېنىڭ قەلبىم مەڭگۈ نۇر ھەم گۈزەللىككە مەنسۇپ.

دوستۇم، ئېسىڭدە بولسۇنكى، بىر گۈزەل قەلب ئەتراپىدىكى مىڭ قەلبكە ئىللىق تۇيغۇ تەقدىم قىلالايدۇ. بىر قەلبتىن تارقالغان نۇر مىڭ قەلبنى يورۇتالايدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

رابىيەم ئىسرائىل

## ئۈنسىز سۆيۈش

كىم ئۇ كۆككە خىيالچان بېقىپ،
كۆل بويىنى يالغۇز ئايلانغان؟
كۆيۈۋاتقان قوللىرى بىلەن،
مۇز ئۈستىگە ئىسمىمنى ئويغان؟
بىلسەڭ ماڭا ئېيتىپ بەر گۈلۈم،
كىم ئۇ ماڭا ئۈنسىز باغلانغان؟

سۈكۈت باسقان چىغىر يوللاردا،
كىم ئۇ مېنىڭ ئىزىمدىن ماڭغان؟
چۈشۈپ قالغان زەڭگەر لېنتامنى،
دېرىزەمگە ئاستا ئېپ قويغان؟
بىلسەڭ ماڭا ئېيتىپ بەر گۈلۈم،
كىم ئۇ مېنى ئۈنسىز سېغىنغان؟

قىرغاقتىكى قۇملۇق ئۈستىگە،
كىم ئۇ مېنىڭ كۆزۈمنى سىزغان؟
بۇلاقلارغا ئېيتىپ كۆڭلىنى،
جىلغىلارنىڭ چۈشىنى بۇزغان؟
بىلسەڭ ماڭا ئېيتىپ بەر گۈلۈم،
كىم ئۇ ماڭا ئۈنسىز گۈل تىزغان؟

كىم ئۇ مېنى سېغىنىپ يېتىپ،
سەھەردىكى چۈشىدە كۆرگەن؟
ئۈمىد باغلاپ كېلەر يولۇمغا؛
ئالمىلىقنى ئايلىنىپ يۈرگەن؟
ئېيتقىن گۈلۈم كىم ئۇ بۇلبۇلغا
ئاۋازىمنى تەرىپلەپ بەرگەن؟

كىم ئۇ قورام تاشتا ئولتۇرۇپ،
يىراقلارغا خىيالچان باققان؟
كىم ئۇ كۈلگەن چېچەكلىرىمگە
ئاستا كېلىپ باغرىنى ياققان؟
ئېيتقىن گۈلۈم كىم ئۇ سۇ بولۇپ،
ئېرىقىمدا ئۈن-تىنسىز ئاققان؟

ئەكبەر نىياز پەتتارى

## قوشماق كۇبلېتلار

### شەيتان

تەۋەللۇتۇڭ جەننەتتە، خۇدا
ھەيدىۋەتكەن يۈزۈڭگە ئۇرۇپ.
شۇندىن بۇيان نۇرغۇن ئادەمنى،
سەن ئەقلىدىن كەلدىڭ ئازدۇرۇپ.

پاك ۋۇجۇدلار بولغانسا تامام،
ئىچ-ئىچىڭدىن بولسەن خۇرسەن.
قورقۇنچلۇق ئۆزۈڭگە ئايان،
دانىشمەنلەر سەن ئۈچۈن «دۈشمەن».

www.uyghurkitap.com

مۇھەببەت تەسۋىرى

قەلبلەردە چىقسەن تۇنەپ،
كۆزلەر بىلەن بولسەن ئىزھار.
مۆكتۈرمە بوپ سۆزلەرگە ھەدەپ
تۇيغۇلارنى قىلسەن شىكار.

بىر كۈلدۈرۈپ، مىڭ رەت يىغلىتىپ،
ھىجرانىڭدا قۇرسەن بىر دار.
تاۋلانسا كىم پولاتتەك پىچتا،
كۈلۈمسىرەپ ئاچسەن دىدار.

ئابابەكرى تۇيغۇن

## قۇياشنى باشلاپ كەل بوۋا يۇرتۇمغا

سەن ناخشا ئوقۇغان شۇ كۆتەك هارۋا،
قۇياشنىڭ نۇرىدەك تالا-تالا يول.
تاڭ سەھەر پادامنى كىتىدۇ باشلاپ،
ئىسقىرتما كۈي بىلەن جاڭگاللغا ئۇدۇل.
بوۋامسەن
شۇ يەردە چىكەتكە باققان،
بوۋامسەن تاغلارغا ئۆگەتكەن ئۇسسۇل.
تارتىلغان ئۇيۇقتا ھەسەن-ھۈسەن بوپ،
شايىدىن تىكىلگەن تونلىرىڭ تۆگەل.
قوينۇڭدا توشۇلغان ساسلىقلارغا دان،
تۆكۈلدى ئاپتاپلار يەشكىنىڭدە بەل.

بىلمەن، سەن شۇندا بىر كونا يىلتىز.
يۇلتۇزلار تۇنگەن ساقاللىرىڭدا.
تۇنگەن،

پۇرلەشكەن كىرپىكلىرىڭنى
بۇركۈتلەر چۇشلىرى ئۇ ۋاقىپ گويا.
سەن قايتىپ كەلگەندە شۇلار ھەم قايتقان،
مومامنى شۇلار ھەم بىللە ئويغاتقان.
ئاپىرىپ ئايدىڭدا بۇلاق بېشىغا،
ھەممنى نەۋرەڭگە قوشۇپ ئويناتقان.

سەن شۇنداق ئاتقۇزغان نۇرغۇن تاڭلارنى،
(جاڭگالدا لىۋىڭگە يىقىنلا ئۇيۇق.)
چاڭگاللاپ ئۇتلىساڭ سۇزۇك نۇرلارنى
ناشتىدىن، كەچكىچە قورساقلىرىڭ توق!
بىر كۇنلەر پەرىشتە قالغاندا ئاقساپ،
نۇر قونغان ھاساڭنى تۇرامسەن بىرىپ؟
قۇياشنى باشلاپ كەل بوۋا يۇرتۇمغا،
تۇندىمۇ ئۇيۇقنىڭ باغرىنى يىرىپ!

ئۆمەرجان مۇھەممدى

## شېئىرلار

### دوستۇمغا

مەنزىلىڭ چاقىرماقتا سېنى دوستۇم،
ھودۇقماي مەنزىل تامان كېتىۋەرگىن.
شۆھرىتىڭ شادلاندۇرار مېنى دوستۇم،
ئەڭ گۈزەل ئارمانلارغا يېتىۋەرگىن.

ھودۇقما، مەنزىل تامان كېتىۋەرگىن،
قالدۇ بىر كۈن پەسلەپ ھەسەتلەرمۇ.

(نىمبولدى ئادەملەرگە،
خالىي ئەمەس
بۇ كۈندە ھەسەتلەردىن-جەسەتلەرمۇ.)

رەنجىمە بۇ ھاياتتا ئۇچراپ تۇرار،
مېۋىلىك دەرەخلەرگە تاش ئېتىشلار.
يارامسىز-زۇغۇيلارغا چۇشمەس نەزەر،
بەرھەقتۇر چىرايلىققا قاش ئېتىشلار...

شۇ سەۋەب ھەسەتلەرگە قىلما پەرۋا،
ھەر ھەسەت بىرەر يېڭى ئارمان ساڭا.
ھەسەتخور ئۆزلىكىدىن گۇم بولىدۇ،
ھەسەتلەر بەرگىنىدە دەرمان ساڭا.

## مىسكىن دەرەخ

ئۆكۈنەمسەن؟ — ئەي مىسكىن دەرەخ،
خازان بولغان ياپراقلىرىڭغا.
چېچەك قوغداپ چاك-چاك يىرىلغان،
ئەسلى گۈزەل قاسراقلىرىڭغا.

ئەسلى گۈزەل قاسراقلىرىڭغا،
قاراپ ئىچىم سىيرىلدى مېنىڭ.
قاراپ ئۆلگەن ياپراقلىرىڭغا
ئۆلگەن ھېسسىم تىرىلدى مېنىڭ.

ئۆلگەن ھېسسىم تىرىلدى مېنىڭ،
ئەمما لېكىن يۈرەك تىلىندى.
ۋۇجۇدۇمغا كىرىپ سوغ تىترەك،
كىرپىكىمگە مونچاق ئىلىندى...


مەيلى ئۆكۈن-مەيلى ئۆكۈنمە،
ساڭا مەڭگۈ باھار ئىزلەيمەن.
« زىمىستاندىن غالىبتۇر باھار »
ھەر قەدەمدە شۇنى كۆزلەيمەن.

## سىنى دەپ

سىنى دەپ چىمەنلەر ياسىدىم رەت-رەت،
ۋە لېكىن كەلمىدىڭ، ئايلاندى چۆلگە.
بۇ تەشنا دىلىمنى قاپلىدى ھەسرەت،
شۇ گۈزەل ئۈمىدلەر تەڭ بولدى نۆلگە.

كەلگەنىڭ بىر قېتىم چىمەنزارىمغا،
ئىزىڭدىن ئىچىلدى قىرمىزى گۈللەر.
بىرىلىپ خاتىمە ئاھۇزارىمغا،
يامرىغان نۇرلاردەك كۈلدى كۈگۈللەر.

كەلسەڭچۇ، بۇرۇنراق ئۇماق، ئەزىزىم،
ئەيلىنىپ كەتمەستە كۆپ چىمەن چۆلگە.
مېنىڭغۇ بارلىقىم كارى چاغلىق ئىش،
ئايلىنىپ كېتەركەن بۇ زېمىن گۈلگە...



ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com



# 6-نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» ۋە 2-قېتىملىق يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

**مىجىت ناسىر**

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)

ھۆرمەتلىك يولداشلار، ئۇستازلار، مەن بۈگۈن پېشقەدەم، تۆھپىكار يازغۇچى-شائىرلار ۋە ياش ئەدىبلەرنىڭ 6-نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» ۋە 2-قېتىملىق يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بۇ يەرگە جەم بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. بۇ بىر كۆڭۈللۈك، مەنىلىك، ئەھمىيەتلىك ۋە پەخىرلىنەرلىك سورۇن. چۈنكى بۇ سورۇن بىزگە 2000 يىلغا يېقىن تارىخى بار ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ پۈتۈن گەۋدىسىنى ئەسلىتىدۇ؛ ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە قايتىدىن يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىۋاتقانلىقىنى نامايەن قىلىدۇ. بۇ سورۇن بىزگە يەنە پارلاق كەلگۈسىدىن بىشارەت بېرىش بىلەن بىللە، ھازىرقى ۋەزىيىتىمىزنىڭ مۇشكۈل، شەرەپلىك ۋە مۇقەددەس ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئىشىنىمەنكى، سورۇن ئەھلى ئوخشاشلا خۇشال ۋە ئېغىر مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە. مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن بۇ يىغىننى قىزغىن تەبرىكلەيمەن، يىغىنغا ئۇتۇق، يولداشلارنىڭ تېنىگە سالامەتلىك تىلەيمەن، مۇكاپاتلىنىدىغان ئاپتورلارنى تەبرىكلەيمەن.

ئەدەبىيات — ئۇستقۇرۇلمىغا مەنسۇپ بىرخىل ئىدېئولوگىيە كاتېگورىيىسىدىكى ساھە. بۇ ساھە ھاياتىمىزدا كەم بولسا زادى بولمايدۇ. بۇ ساھە گۈللىنىشى، راۋاجلىنىشى كېرەك. ئەدەبىيات ئۆزىگە خاس قانۇنىيەت ۋە ئۇسۇل بىلەن راۋاجلىنىدۇ. پارتىيىمىز ئەنە شۇ قانۇنىيەت ۋە ئۇسۇلغا ئاساسەن، ئەدەبىياتىمىزنىڭ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش نىشانى بىلەن «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىم بەس-بەستە سايراش» فاڭجېنىنى بەلگىلىگەن. ئەدەبىياتىمىز مۇشۇ نىشان، فاڭجېن بويىچە تەرەققىي قىلىپ، غايەت زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن غايەت زور نەتىجىلەر قولغا كەلدى. توغرا نىشان، فاڭجېن ئىجرا قىلىنغان مەزگىللەردە ئەدەبىياتىمىزدا گۈللىنىش بولدى، ئەكسىچە بولغاندا ئەدەبىياتىمىز ئوڭۇشسىزلىققا يولۇقتى. شۇڭا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پەيدا بولغان ھەر بىر مۆجىزە،

ھەر بىر نەتىجە پارتىيىمىز، خەلقىمىزنىڭ غەمخورلۇقىنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىز. بۇلۇپمۇ يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ھەر بىر كۆچەت پارتىيە، خەلقىمىز يارىتىپ بەرگەن مۇنبەت تۇپراق، ئىللىق ھاۋا ۋە مول ئوزۇقلۇق بىلەن چېچەكلەپ مېۋە بەرگەن. ئەدەبىياتىمىز پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى ئەشۇنى قىلدى. دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈردى. بىز « ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىشكنى ئېچىۋېتىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش » ئاساسىي فاڭجېنىدىن ئىبارەت ئۇمۇملۇقنى تەشۇنى قىلىشىمىز، دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى تەشۇنى قىلىشىمىز لازىم.

ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس يەنە بىر قانۇنىيىتى — ئۇنىڭ كۈچلۈك مىللىي ئالاھىدىلىكى. ئەدەبىيات ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، بىر مىللەتنىڭ ئۆز تىلى، ئۆز تۇرمۇشى، ئۆز پسىخىكىسى، ھايات كەچۈرۈش ئادەتلىرىگە تايىنىپ، شۇ مىللەتنىڭ مەنىۋى گۈزەللىكىنى ئىپادىلەيدۇ، تەشۇنى قىلىدۇ، بېيىتىدۇ. ئۇ ئۆزى ياراتقان مەنىۋى ئوزۇق ئارقىلىق ئۆز خەلقىنى گۈزەل ھاياتنى سۆيۈشكە، يېڭى ھايات يارىتىشقا، ئۇنى قوغداشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. ئەدەبىيات ياراتقان ئوزۇق شۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگىكى، باشقا ھېچقانداق پەن ياكى ساھە ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلىيەلمەيدۇ. ھاياتنىڭ نازۇك سىرلىرىنى ئەدەبىياتلا ئەڭ روشەن، توغرا يورۇتۇپ بېرەلەيدۇ. خەلقىمىزنىڭ مىللىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش تولىمۇ زۆرۈر بولۇۋاتقان ھازىرقى مەزگىلدە ئەدەبىياتىمىزدىن روھىمىزنى ئۇرغۇتىدىغان ياخشى ئەسەرلەرنى تەلەپ قىلىش رېئاللىققا تامامەن ئۇيغۇن.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، يەنە پۈتكۈل جۇڭگو ۋە دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىلغار، يېڭى ئامىللىرىنى قوبۇل قىلىپ، دۇنياۋىلىققا قاراپ يۈزلەنمەكتە. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېقىنقى يىللاردىن بېرى مىللىي ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىكنى بىرلەشتۈرۈش خاھىشىنىڭ بىخلىرى كۆرۈلدى. بىز بۇ بىخلارنىڭ مېۋىگە ئايلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا خەلقىمىز سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ياخشى ئەسەرلەر، خەلقنىڭ ھۆرمەت، ئېتىبارىغا ئىگە بىر قىسىم ئاپتورلار مەيدانغا كەلدى. بۇ ئەسەرلەر بىلەن ئاپتورلار قەدىرلىشىمىزگە، پەخىرلىنىشىمىزگە ئەرزىيدىغان بايلىقىمىز. لېكىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىغا سېلىشتۇرغاندا يەنىلا ئارقىدا. بۇ پەرقنى ئازايتىش، ئاخىرىدا تۈگىتىش ئەدىبلىرىمىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچى. بىزدىن دۇنيا مۇنبىرىدە نۇر چاچالايدىغان زامانىمىزنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپلىرى، ناۋايى، نىزارى، موللا بىلاللىرى چىقىشى كېرەك. دۇنيا ئەدەبىيات قامۇسىدىن ئورۇن ئالالايدىغان، ئەسەرلىرىنى نۇرغۇن تىللاردا، نورغۇن مىللەتلەر ئوقۇپ ھۇزۇرلىنالايدىغان يۇلتۇزلار پەيدا بولۇشى كېرەك. باشقىلار قىلالىغاننى بىزمۇ قىلالىشىمىز، باشقىلار ئېرىشكەنگە بىزمۇ ئىگە بولالىشىمىز، باشقىلار يامىشىپ چىققان چوققىلارغا بىزمۇ چىقالىشىمىز كېرەك. بۇ، ئىرادىمىزگە، غەيرىتىمىزگە، روھىمىزغا ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇمىزغا باغلىق.

بۇ يەردە مەن بىر نەچچە تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن. بىرىنچى، ئەسەرلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش مەسىلىسى. مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتە يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە، ھەم ئىجتىمائىي ئۈنۈم بېرەلەيدىغان، ھەم كىشىلەرنى ھۇزۇرلاندۇرالايدىغان، چەت تىللارغا تەرجىمە قىلىنسىمۇ باشقا مىللەتلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشەلەيدىغان نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىش — خەلقنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. سۈپەت ئۆتكىلى ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئالدىدىكى بىر داۋان. بۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىش ھەممىدىن

زوّرۇر، ئىككىنچى، تېخى تاللاش مەسىلىسى. ئاپتورلىرىمىز. خەلقىمىز تولىمۇ كۆكۈل بۆلىدىغان رېئال مەسىلىلەرنى كۆپرەك يېزىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدىكى چوڭ مەسىلىلەر چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بەدىئى ئەسەرلەرنى يېزىشقا كۆپرەك كۈچ سەرپ قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن. بولۇپمۇ تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئورنىتىلغان بۈگۈنكى كۈندە ئەدەبىيات-سەنئەت بازارنىڭ سىنىقىنى قوبۇل قىلىشقا تېخىمۇ موھتاج. بازارنى پۈتۈنلەي چەتكە قېقىش رېئاللىققا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئۆزىنى قاچۇرۇش مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى ئەمەس. رىقابەتكە توغرا قاراپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئورنىتىلىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىپ، سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشنى ۋە ئۇنىڭ ھەرىكەت مېخانىزمىنى پائال ئۆزگەرتىش ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش قىيىنچىلىقىدىن قۇتۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى كەڭ ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى ئالدىدا تۇرغان باش تارتقىلى بولمايدىغان تارىخىي ۋەزىپە. يولداش جياڭ زېمىن مەملىكەتلىك تەشۋىقات، ئىدىيە خىزمەت يىغىنىدا «پارتىيىمىز رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ھەر قايسى سەپلەردىن تەشۋىقات، ئىدىيە سېپى ئىنتايىن مۇھىم بىر سەپ، پارتىيىمىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورگىنىدا تەشۋىقات، ئىدىيە خىزمەت تارمىقى ئىنتايىن مۇھىم بىر تارماق. پارتىيىمىزنىڭ كادىرلار قوشۇنىدا تەشۋىقات، ئىدىيە خىزمەت قوشۇنى ئىنتايىن مۇھىم بىر قوشۇن» دەپ كۆرسەتتى. شۇڭا تەشۋىقات، ئىدىيە خىزمىتىدە دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ئاممىنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىپ، مىللەت كۈچىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇش كېرەك. ئۈچىنچى، ئەسەرلىرىمىزدىكى ئىدىيىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ھايات كارتىنىسىنىڭ كەڭلىكى، ئوبرازلارنىڭ جانلىقلىقى ۋە چىنلىقى مەسىلىسى. بۇ، ئاپتورلىرىمىزنىڭ ياخشى تەربىيىلىنىشىدىن پەيدا بولىدىغان ۋە مۇكەممەللىشىدىغان ماھارەت مەسىلىسى. مۇشۇ جەھەتتە مەسىلىلەر مەۋجۇت. يۈزەلىك، قاتماللىق، تەكرارلىنىش، سۇنئىيلىك مەۋجۇت. ئاپتورلىرىمىز خەلققە ياخشى ئەسەرلەرنى تەقدىم قىلىشى كېرەك، ھەرگىز سان قوغلىشىپ ناچار مالنى بازارغا سالماسلىقى كېرەك. تۆتىنچى، ئاپتورلار قوشۇنىنىڭ ئىتتىپاقلىقى مەسىلىسى. بىزدە رىقابەت ئېڭى، رىقابەت پسىخىكىسى بولۇشى كېرەك. لېكىن بۇ خىل رىقابەت ئىجادىيەت ئۈستىدە بولۇشى، دوستلۇق، ئىناقلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇشى كېرەك. بىز بىر-بىرىمىزنىڭ ئۇتۇقلىرى بىلەن خۇشال بولۇشىمىز كېرەك. بەشىنچى، يازغۇچى، شائىرلىرىمىزنىڭ ماددىي تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش مەسىلىسى. ھازىر بۇ جەھەتتە مەسىلە كۆپ، خېلى ئېغىر. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورۇنلار ئەدەبىيات ساھەسىنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ، ئاپتورلارغا ياخشى شارائىت يارىتىشىمىز، قىيىنچىلىقلارنى ئىمكان قەدەر ھەل قىلىپ بېرىشىمىز كېرەك.

ئاجايىپ ئەسەرلەرنى ياراتقان، خەلقىمىزگە ئاجايىپ شېرىن مەنىۋى ئوزۇق تەقدىم قىلىۋاتقان يازغۇچى، شائىرلار ئىشىنىمەنكى، تېخىمۇ ئىتتىپاقلىق روھىدا تۇرۇپ، مەسىلىلەرنى ئېنىراپ قىلالايدۇ، يېڭەلەيدۇ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ گۈللەپ-ياشنىشى ئۈچۈن كۈرەش قىلالايدۇ. كۈرەش قىلىشىمىز ھېسابىغا يېقىن كەلگۈسىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاجايىپ گۈللەر بىلەن تولغان، دۇنيا خەلقىنىڭ نەزەرى چۈشىدىغان بۇك-باراقسان گۈلبېغى پەيدا بولغۇسى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

قەييۇم تۇردى

# « خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى » پائالىيىتى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملاشسۇن ۋە مېۋە بەرسۇن

6-نوۋەتلىك « خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى » پائالىيىتى بىلەن 2-قېتىملىق يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ گۈزەل غۇلجا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەنلىكى ھەممىمىزنى خۇشال قىلىدىغان زور ۋەقە.

ئىلى رايونى ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى يارىتىش، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا پەخىرلىنىشكە ئەرزىگۈدەك ئالىملار، مۇتەپەككۇرلەر، يازغۇچىلار، مۇقام پېشۋالىرى، سەنئەت ئۇستازلىرى ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كېلىپ تۇرغان ئانا ماكانلىرىمىزدىن بىرى. 20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدىن كېيىن ئىلى تۇپرىقىدا يەنە كۆپلىگەن مەدەنىيەت ئەرباپلىرى، مەشھۇر يازغۇچىلار، شائىرلار، سەنئەتكارلار ئارقا-ئارقىدىن مەيدانغا كېلىپ، ئۇيغۇر يېڭى مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى. كىشىنى تېخىمۇ خۇشال قىلىدىغىنى شۇكى، ئازادلىقتىن كېيىن ئىلى دىيارىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىدا ھەممە يەر رەڭدار گۈل-چېچەكلەرگە پۈركەنگەن گۈللەپ ياشناش مەنزىرىسى ئۈزلۈكسىز بارلىققا كەلدى. باھار نوتىلىرىدەك ئۈنۈپ چىققان، ئىلى دەرياسىدەك ئۈركەشلىگەن يېڭى بىر ئەۋلاد ئىجادكارلار قوشۇنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، مۇھىم رول ئويناۋاتىدۇ. بىز مۇشۇنداق ئىجادكارلار تۇپرىقىدا ئېچىلىۋاتقان بۇ ئەھمىيەتلىك ئىجادىيەت يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن خۇشالمىز.

« خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى » پائالىيىتىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈۋاتقىنىغا بۇ يىل 6-يىل. يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە پائالىيىتىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەدەبىي ژۇرناللارنى ئاساس قىلىپ سىستېمىلىق ئىزغا چۈشۈرۈلگىنىگە بۇ يىل 2-يىل بولدى. ئۆتكەن بىر قانچە يىللىق ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنىدىغان 20 چە ئەدەبىي ژۇرنال نەچچە مىڭلىغان ئاپتورنى ئۆز ئەتراپىغا توپلىغان، يېتىشتۈرگەن ۋە ئۇلارغا ئىجادىيەت سەھنىسى ھازىرلاپ بەرگەن ئەڭ ئاساسلىق ئەدەبىيات گۈلزارلىقى. مۇشۇ ژۇرناللارنى ئاساس قىلىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىش يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ رېئال ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىش، ئاممىۋى ئاساسقا بىۋاستە يېقىنلىشىش دېمەكتۇر.

« خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى » ۋە يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



پائالىيىتى مۇھاكىمە تېمىسى ئېنىق، تەسىرى زور، كەسپىي خاراكتېرى كۈچلۈك بولغان مۇھىم ۋە ئىجادىي خاراكتېرلىك ئىلمىي تەتقىقات پائالىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۆتكەن بىر قانچە يىللىق تەجرىبە ئىسپاتلىدىكى، بۇ كەسپىي خاراكتېرلىق ئىلمىي پائالىيەتنىڭ يۆنىلىشى توغرا، ئەھمىيىتى چوڭقۇر، ئۈنۈمى ئالاھىدە روشەن بولۇپ، ھەر قايسى ئەدەبىيات ژۇرناللىرىنىڭ ئۆز ئارا ئۆگىنىش، سېلىشتۇرۇپ پەرقلەرنى تېپىش، ئىنتىلىپ بىرلىكتە ئالغا بېسىش، شۇنداقلا ژۇرنال باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، كۆپلەپ ئىختىساس ئىگىلىرىنى ۋە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشتە كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈش، تۈيۈشتۈرۈش ۋە يېڭىلىق يارىتىش رولىنى ئوينىدى، ھەر قايسى ئەدەبىيات ژۇرناللىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تىرىشچانلىقى ۋە تۆھپىسىنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىم.

يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى مۇھاكىمە قىلىش دېگەنلىك، بىزنىڭچە، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش دولقۇنى شارائىتىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى مەنبە-ئېقىملىرى، خۇسۇسىيىتى، ئوبيېكتى، نىشان-يۆنىلىشى، ئىجابىي-سەلبىي تەجرىبە-ساۋاقلىرى ۋە تالانت ئىگىلىرى، ياشلار ۋە باشلامچىلارنىڭ تۆھپە-نەتىجىلىرىنى مەركەزلىك تەتقىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئەينەك قىلىپ، مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان «ئاساسىي مۇقامىنى گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن كۆپ خىللاشتۇرۇشنىڭ بىرلىكى» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى قانداق قىلىپ تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك گۈللەندۈرۈشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش دېگەنلىكتۇر. بۇ قېتىمقى يىغىنىمىزغا خېلى كۆپ تەتقىقاتچى، ئوبزورچى ۋە مۇتەخەسسىسلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە بۈگۈنكى ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەھۋالىمىز مۇھاكىمە قىلىنغان ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى ئېلىپ كەلدى. مەن ئىشىنىمەنكى، بۇ ماقالىلەر ئۆتكەنكىگە نەزەر سېلىپ، بۈگۈنكىنى خۇلاسىلاپ، ئېلىمىزدىكى ھەر قايسى قېرىنداش مىللەتلەر ئىجادكارلىرى بىلەن بىرلىكتە يېڭى دەۋر سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەپ-ياشنىشىنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى ۋە نەزەرىيىۋى ئاساسى توغرىسىدىكى تونۇشىمىزنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۆتكەن بىر قانچە يىل مابەينىدە، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىدا ئىلگىرىكىگە نىسبەتەن كىشىنى مەمنۇن قىلىدىغان گۈللىنىش-نۇرلىنىش ۋەزىيىتى ساقلىنىپ كەلمەكتە. پروزا ئىجادىيىتى، بولۇپمۇ ھېكايە-پوۋېست ۋە رومانچىلىق ئىجادىيىتىدىكى كەڭلىك، چوڭقۇرلۇق، سۈپەت جەھەتتىكى يۈكسىلىشنىڭ بىر قەدەر گەۋدىلىك بولۇشى كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدۇ. رېئال تۇرمۇشتا، دەۋر روھىنى ئىپادىلەشكە يۈزلەنگەن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەقىل-پاراسىتى، ئالىيجاناب پەزىلىتى، گۈزەل، مۇرەككەپ روھىي دۇنياسى، ئالغا ئىنتىلىش روھى ئىپادىلەنگەن، سوتسىيالىستىك رېئالىزملىق يېڭى روھ چاقناپ تۇرىدىغان كۆپلىگەن سەرخىل ئەسەرلەر كىتابخانلار قەلبىدە چوڭقۇر تەسىر قوزغىدى ۋە ئۇلارنىڭ دىت-رايىغا يېقىپ، ئىلھام-رىغبەت ئاتا قىلدى. ئۇزاق مۇددەت پۇت-قولى چۈشىلىپ قالغان ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئېغىر «سول» چىللىق، چاكىنا شۇئارۋازلىق ۋە بىمەنە قاتماللىقنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، قەددىنى رۇسلاپ، بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ چىنلىق پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، گۈزەللىك بابىدا ئۆزىنى ئەركىن نامايەن قىلىش ۋە ئىنسان روھى دۇنياسىدا ئەركىن

پەرۋاز قىلىش ئىزىغا چۈشتى، چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەرگە تويۇنغان ۋە تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىنى، ئالدى بىلەن ئىنسان روھىنى يۈكسەك قىزغىنلىق ۋە ماھارەت بىلەن ئىپادىلەيدىغان يىڭىچە ھاياتىي كۈچكە، جەلپكارلىققا ۋە قىممەتكە ئېرىشتى. ئەدەبىي ئوبزورچىلىقتىكى كۆپ خىللىشىش، تامچە سۇدىن قۇياش نۇرىنى چاقنىتىش ۋە ئىلھاملاندۇرۇش-تۈرتكە بولۇش روھى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىپ، مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان «ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، مۇقىملاشتۇرۇش ۋە ئىلھاملاندۇرۇش» رولىنى ئوينىدى. بۇلار بىزنىڭ يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى، شۇنداقلا ھەممىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى مۇھاكىمە قىلغاندا، مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىزنىمۇ كۆرۈش بىلەن بىللە، گۈللىنىش يولىدىكى ئاجىزلىقلىرىمىزنىمۇ، تەرەققىيات جەريانىدىكى نۇقسانلىرىمىزنىمۇ كۆرۈشىمىز لازىم. شۇنى ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىمكى، جۇش ئۇرۇپ ئىلگىرىلەۋاتقان ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتىغا نىسبەتەن بىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىمىزنىڭ قەدىمى دەۋر تەلىپىدىن خېلىلا كەينىدە قالماقتا. دۇنياغا يۈزلەنگەن، مەملىكەت بويىچە تەسىر قوزغىغان نادىر ئەسەرلىرىمىز بەك ئاز ياكى يوق دېيەرلىك؛ ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ھەر مىللەت كىتابخانلىرى بىردەك ئېتىراپ قىلىپ ئالقىشلىغان ۋە سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ئېسىل ئەسەرلىرىمىزمۇ ئۇنچىۋالا كۆپ ئەمەس. كىنو-تېلېۋىزىيە ۋە دراما ئىجادىيىتىدىن ئېغىز ئېچىش تېخىمۇ قىيىن. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆزلۈكسىز كۈنسېرى ئۆسۈپ بېرىۋاتقان كۆپ قاتلاملىق، كۆپ تەرەپلىمە ۋە كۆپ خىل مەنىۋى ئېھتىياجى ۋە ئېستېتىك تەشنالىقىنى قاندۇرۇشتىن تېخى يىراق تۇرماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەدەبىي ئوبزورچىلىقتا بىر مۇنچە ياخشى ۋە بىر قەدەر ياخشى ئەسەرلەر تېخى تېگىشلىك باھاغا ئېرىشەلمىدى، ئۇندىن باشقا، ھازىر بەرپا قىلىنىۋاتقان بازار ئىگىلىكى بىز كۆزىتىۋاتقان تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھە، چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ئۆز قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ، ئېلىمىزنىڭ قىياپىتىنى يېڭىلاپ، بېسىلىپ قالغان يوشۇرۇن كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، دەۋر چاقىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە. لېكىن، بازار ئىگىلىكىنىڭ كەسكىن رىقابەتچانلىقى، قىممەت قانۇنىيىتىنى ئالىي پرىنسىپ قىلىدىغانلىقى، تەبىئىيكى، ئاڭ فورماتسىيىسىنىڭ كۆپ مەنبەلىشىشىگە ھەمدە پۇلنىڭ قوماندانلىق رولىنى ھەددىدىن زىيادە كۆپتۈرۈپ، پۇلغا چوقۇنۇش ئىدىيىسى ۋە مەنپەئەتپەرەسلىك ئىدىيىسىنىڭ يامراپ كېتىشى ۋە ئۇنىڭ «پەرىشتە» گە ئايلىنىۋېلىشىغا تەسىر كۆرسەتمەكتە. بۇ يېڭى ئەھۋال ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرلىرى ۋە تەتقىقاتچىلىرىمىز ئالدىغا بىر مۇنچە يېڭى، قىيىن ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىدىغان مەسىلىلەرنى قويماقتا. يىغىپ ئېيتقاندا، تۇرمۇشىمىزدا، كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسى ۋە قىممەت قارىشىدا يۈز بېرىۋاتقان غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بىزنىڭ تۇرمۇشنى ئىپادىلەش جەريانىدا ھادىسە بىلەن ماھىيەتنى، شاكال بىلەن مېغىزنى پەرقلەندۈرۈپ، مەسىلىلەرنى سەنئەتكار نەزىرى بىلەن توغرا بىر تەرەپ قىلىشىمىزنى كۈتمەكتە. بۇ ھەقتە يولداشلارنىڭ ئورتاق مۇھاكىمە قىلىپ، ئىمكانقەدەر تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەھەتتە ئىلگىرىلەشنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە يازغۇچىلار جەمئىيىتى

يېقىنقى 3-4يىل مابەينىدە ھەر خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىنى جانلاندۇرۇش مەقسىتىدە خىلمۇ خىل شەكىلدىكى سۆھبەت يىغىنلىرى، ئۇچرىشىش ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ كەلمەكتە. ئىجادىيەت سەھنىسىدىكى پېشقەدەملەرنى قەدىرلەش، تۆھپىكارلارنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى ئورنى ۋە رولى، تۆھپىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە ئۇلارغا مۇناسىپ باھا بېرىپ، ياش-ئوتتۇرا ياش ئىجادكارلارغا ئىلھام بېرىش — ئەدەبىي تۈرمۇشنى جانلاندۇرۇش پائالىيىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالدى. مۇشۇ مەنىدە ئىلقا ۋە تۇرپاندا ئۆتكۈزۈلگەن لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ياد ئېتىش-خاتىرىلەش پائالىيىتى كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ قوللىشى ۋە رازىمەنلىكىگە ئېرىشتى. يېقىنقى 3يىل مابەينىدە پىلانلىق ۋە تەييارلىقى بولغان ھالدا ئۆتكۈزۈلگەن پېشقەدەم ئەدىبلىرىمىزنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتىگە بېغىشلانغان ئىلمىي مۇھاكىمە-خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى ياشلىق باھارىنى خەلقنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشكە ئاتاپ ھارماي-تالماي ئىجادىي ئەمگەك قىلغان مىڭلىغان ياش-ئوتتۇرا ياش ئىجادكارلارنىڭ بىر ئۆمۈر ئەدەبىياتنى قىزغىن سۆيۈش ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، نادىر ئەسەرلەرنى تەقدىم قىلىش ئىرادىسىگە ئىلھام بەخش ئەتتى. بۇندىن كېيىن تۆھپىكار ئەدىب-يازغۇچىلارنىڭ بەدىئىي ھاياتىغا بېغىشلانغان بۇنداق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى داۋاملىق ئۆتكۈزۈشىمىز، ئەدەبىي تۇرمۇشىمىزنى يەنىمۇ جانلاندۇرۇشىمىز لازىم.

بۇ قېتىم ئىلى رايونىدا ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان 6-نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» ۋە 2-قېتىملىق يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى پائالىيىتىدە، شائىر مەھەممەتجان سادىقنىڭ 60 ياشقا كىرگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن مەخسۇس تېمىدا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈش قارار قىلىندى. تالانتلىق شائىر ۋە پروفېسسور مەھەممەتجان سادىق 40 يىل زور شىجائەت ۋە ئۆزىنى بېغىشلاش روھى بىلەن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا ئوقۇتقۇچىلىق ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، خەلقىمىزنىڭ مۇناسىپ ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. ئۇنىڭ «قېلىن قاردىكى ناخشا»، «تيانشان ناخشىسى»، «ۋاپا ۋە مەردلىك»، «قىزىل يۇلغۇن»، «تۇلپار مىنگەن پالۋان» قاتارلىق شېئىر-داستانلار توپلاملىرى ۋە «ئىلى پەرزەنتلىرى» ناملىق 2 قىسملىق شېئىرىي رومانى ئارقا-ئارقىدىن نەشر قىلىنىپ ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشتى ۋە قىزغىن قارشى ئېلىندى ھەمدە بەزىلىرى ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشتى. مەھەممەتجان سادىق شېئىرىي ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك يېرى، ئۇنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ، ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى خىلمۇ خىل مول ھوسۇللۇق شائىر بولۇشىدىلا ئەمەس، بەلكى شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاجايىپ ئىزدىنىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھى بىلەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ چاچما شېئىر تۈرىنى ئۆزىگە خاس يول بىلەن يېڭى بىر پەللىگە چىقارغانلىقىدىن ئىبارەت. بۇ، يول ئېچىش خاراكتېرلىق تۆھپە بولۇپ، بىزنىڭ سەممىي قەدىرلىشىمىزگە ۋە چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ، بىز شائىرنىڭ ئىجادىيىتىگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمىز.

بۇ قېتىمقى يىغىن كەڭ ئاممىۋى ئاساستا ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ئاساسىغا ئىگە كەسپىي، ئىلمىي يىغىن، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەپ-ياشنىشىغا جىددىي كۆڭۈل بۆلىدىغان، مەلۇم مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ تۇيغۇسىغا ئىگە يازغۇچى-تەتقىقاتچىلار

(ئاخىرى 131-بەتتە)

مەھەممەت تۇرسۇن ئېلى

# ئەدەبىياتنىڭ ئوبيېكتى توغرىسىدا

بىزنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان «ئەدەبىيات — رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى»، «ئەدەبىيات — رېئاللىقنىڭ يازغۇچى مېڭىسىدىكى ئىنكاسى»، «ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى قايتا گەۋدىلەندۈرۈش — ئەدەبىياتنىڭ ئالىي مەقسىتى» دېگەنلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، چېرنىشۇېسكىينىڭ «سەنئەتنىڭ بىرىنچى مەقسىتى رېئاللىقنى قايتا گەۋدىلەندۈرۈش» دەپ كۆرسەتكەنلىكىنى، بالزاكنىڭ «رېئاللىقنى مۇستەسناسىز تەقلىد قىلىش»نى تەكىتلىگەنلىكىنى، گوركىينىڭ ئەدەبىياتتىن «رېئاللىقنى ئوبيېكتىپ رەۋىشتە تەسۋىرلەش»نى تەلەپ قىلغانلىقىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭمۇ شەرتسىز ھالدا رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلىپ كەلدۇق. يۇقىرىقىلاردا ئەدەبىياتنىڭ ئوبيېكتىنىڭ رېئاللىق بولۇشى كېرەكلىكى ياكى ئەدەبىياتنىڭ ئوبيېكتىنىڭ رېئاللىق ئىكەنلىكى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. مەن بۇ يەردە بۇنداق قاراشنى خاتا دېمەكچى ئەمەس. ئەدەبىيات رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرەمدۇ-ئەكس ئەتتۈرمەمدۇ، دېگەننى تالىشىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ئەدەبىيات ئەلۋەتتە رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك، ئەدەبىياتنىڭ ئوبيېكتىمۇ رېئاللىق بولۇشى كېرەك.

لېكىن بۇ يەردە بىز جەزمەن ئايدىڭلاشتۇرۇۋالمىساق بولمايدىغان، ئەمما ھازىرغىچە سەل قارىلىپ كېلىۋاتقان بىر مەسىلە بار. ئۇ بولسىمۇ ئەدەبىياتنىڭ ئوبيېكتى بولغان رېئاللىقنى قانداق چۈشىنىش مەسىلىسى.

ئېھتىمال، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى تەتقىقاتچىلىرى بىز بۇ مەسىلىنى ئاللىقاچان ئايدىڭلاشتۇرۇپ بولغان، «رېئاللىق دېگەن ئوبيېكتىپ مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان تاشقى ماددىي دۇنيا، رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇشقۇ؟! بۇ رېئاللىق ھەققىدىكى تارىخىي ماتېرىيالىزم ۋە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ئاساسىغا ئورنىتىلغان ماركسىستىك چۈشەنچە» دېيىشى مۇمكىن.

توغرا، «رېئاللىق ئوبيېكتىپ مەۋجۇد تاشقى ماددىي دۇنيا، رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇش» دېگەن چۈشەنچە ئەلۋەتتە رېئاللىق ھەققىدىكى ماركسىستىك چۈشەنچە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ماركس ئالدى بىلەن سەنئەتنى دۇنيانى ئىگىلەشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى دەپ قاراپ، ئەدەبىيات-سەنئەت بىلەن ئوبيېكتىپ ماددىي دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئىگىلەش-ئىگىلىنىش مۇناسىۋىتى ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇپ بەرگەن. دۇنيانى ئىگىلەش دۇنيانى ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە بىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سەنئەتنى دۇنيانى ئىگىلەشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى دەپ مۇقىملاشتۇرغانلىق، ئەمەلىيەتتە،

uyghurkitap.com


دۇنيانى سەنئەتنىڭ ئۆگىلەش، بىلىش، ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكتى دەپ مۇقىملاشتۇرغانلىق. شۇنداق بولغان ئىكەن، ئەدەبىياتنىڭ ئوبيېكتى ھېسابلانغان رېئاللىقنىمۇ تەبىئىي ھالدا پۈتكۈل ئوبيېكتىپ ماددىي دۇنيا دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ماركس يەنە ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئاڭ فورماتسىيىلىك خاراكتېرىنى بەلگىلەپ، ئۇنىڭ بىر خىل ئاڭ شەكلى سۈپىتىدە مەۋجۇدىيەتنى ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقنى مۇقىملاشتۇرۇپ بەرگەن. شۇڭلاشقا يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ ئەدەبىياتنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكتىنى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيىتى، يەنى ئۇلارنىڭ «رېئال تۇرمۇش جەريانى» (ماركس يەنە «كىشىلەرنىڭ مەۋجۇدىيىتى ئۇلارنىڭ رېئال تۇرمۇش جەريانى» دەپ كۆرسەتكەن) دەپ قاراپ، ئەدەبىياتنىڭ ئوبيېكتى ھېسابلانغان رېئاللىقنى كىشىلەرنىڭ رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇشى دەپ چۈشىنىشكىمۇ تامامەن بولىدۇ.

دېمەك، رېئاللىق ھەققىدىكى يۇقىرىقى چۈشەنچە ئەدەبىيات نەزەرىيىسى تەتقىقاتچىلىرى تەرىپىدىن ماركسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بايانلىرىغا ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ماركسىستىك چۈشەنچە بولۇپ، ئۇنىڭ توغرا ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانغىلى بولمايدۇ. لېكىن بىز يەنە شۇنىمۇ كۆرۈۋېلىشىمىز كېرەككى، يۇقىرىقى كۆز قاراشلارنى ماركس پەلسەپە ۋە مېتودولوگىيە مەسىلىلىرىنى مۇلاھىزە قىلغاندا ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئەدەبىياتنىڭ ئوبيېكتى ھېسابلانغان رېئاللىقنىڭ مەنىسى مەسىلىسىنىمۇ پەقەت توغرا كېلىپ قالغاچقىلا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈپ كەتكەن. ئەمما ئەدەبىياتنىڭ ئوبيېكتى ھېسابلانغان رېئاللىقنىڭ مەنە دائىرىسىنى ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەردە تۇرۇپ يورۇتۇپ بېرىش كېيىنكىلەرنىڭ ئىشى ئىدى. ھالبۇكى بۇ ئىشقا ھازىرغىچە يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىلمىدى.

ئۇنداق بولسا، رېئاللىقنى ئەدەبىياتنىڭ ئوبيېكتى سۈپىتىدە باشقىچىرەك مەنىلەردىمۇ چۈشىنىشكە، شۇنىڭدەك رېئاللىق ھەققىدىكى يۇقىرىقى چۈشەنچىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە باشقىچىرەك مەنىلەرنى يۈكلەپ چۈشىنىشكە بولامدۇ-يوق؟

ئالدى بىلەن بىز گەپنى 20-ئەسىر غەرب ئەدەبىياتىدىن باشلايلى. غەرب ئەدەبىياتى 20-ئەسىرگە كەلگەندە، قەدىمكى يۇناندىن باشلانغان ۋە 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە داۋاملىشىپ غەرب ئەدەبىيات مۇنبىرىدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن تاشقى ماددىي دۇنيانى تەقلىد قىلىش، ئۇنى قايتا گەۋدىلەندۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ غايەت زور بىر يېتەكچى ئېقىمغا جەڭ ئېلان قىلىپ، ئەدەبىياتنى ئىچكى دۇنياغا بۇراش تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەدەبىيات ساھەسىدە ئومۇميۈزلۈك ھالدا سۇبيېكتقا، سۇبيېكتنىڭ ئېڭى، پسىخىكىسى، ئىچكى دۇنياسى، روھىيىتى ۋە چوڭقۇر قاتلاملىق ئېڭىغا قاراپ يۈزلىنىشتىن ئىبارەت ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى. بۇ ئەسىردىكى يازغۇچى، شائىر، دراماتورگ، ئوبزورچى ھەم ئەدەبىيات نەزەرىيىسى تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ھەممىسى بىردەك ھالدا ئىنسان مەنىۋىيىتىدىكى، قەلب چوڭقۇرلۇقىدىكى سىرلارنى ئېچىپ بېرىشنى ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ ئالىي مەقسىتى دەپ بىلىپ، غەرب ئەدەبىياتىدىكى تاشقى دۇنيا مونوپوللىقى ھەم ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەردى.

20-ئەسىر غەرب يازغۇچىلىرى كىشىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسى، ئاڭ پائالىيەتلىرى ۋە پسىخىكىسىنىڭ پۈتكۈل رېئال دۇنيانىڭ كەم بولسا بولمايدىغان تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن، ئەدەبىياتقا نىسبەتەن يالغۇز تاشقى ماددىي دۇنيانى يېزىشنىڭلا يېتەرلىك بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قارىشىچە،

«تاشقى رېئاللىق»تىن باشقا يەنە «ئىچكى رېئاللىق»مۇ مەۋجۇت ئىدى. شۇڭا رېئاللىقنىمۇ يالغۇز تاشقى ماددىي دۇنيا، رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇش دەپلا چۈشىنىۋېلىشمۇ يېتەرلىك ھەم مۇكەممەل بولمايتتى. فرانسىيە يازغۇچىسى ئاندىرې برېتون رېئاللىقنى «ئىچكى رېئاللىق» ۋە «تاشقى رېئاللىق» دەپ ئىككىگە بۆلگەن. ئۇ: «نۆۋەتتىكى ئىجتىمائىي فورماتسىيىدە ئىچكى رېئاللىق بىلەن تاشقى رېئاللىق زىددىيەتلىك. بىز بۇ زىددىيەتتىن ئىنسانىيەت بەختسىزلىكىنىڭ مەنبەسى ۋە ئىنسان پائالىيىتىنىڭ مەنبەسىنى كۆردۇق. ھەرقانداق شارائىتتا بۇ ئىككىلا رېئاللىققا جىددىي مۇئامىلە قىلىپ... بىر-بىرىگە يېقىن بۇ ئىككى خىل رېئاللىقنى بىر رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش — بىزنىڭ ۋەزىپىمىز» دەپ قارىغان («فۇتۇرىزم، سۇر رېئالىزم ۋە سېھرىي رېئالىزم» ناملىق كىتاب 208-بەت). يەنە بەزى غەرب يازغۇچىلىرى پەقەت ماددىي رېئاللىققا پسىخىك رېئاللىق قوشۇلغاندىلا، ئاندىن ھەقىقىي مۇكەممەل رېئاللىق، يەنى تاشقى رېئاللىق بىلەن ئىچكى رېئاللىق ئۆز ئارا بىرىككەن رېئاللىق بولىدۇ دەپ قارىغان (يۇقىرىقى كىتاب 236-بەت). غەرب يازغۇچىلىرى رېئاللىقنى ئەنە شۇنداق ئىككىگە بۆلۈپ چۈشىنىپ، ئەدەبىيات ئەكس ئەتتۈرىدىغان، ئىپادىلەيدىغان رېئاللىقنى ئىچكى رېئاللىق بولۇشى كېرەك دەپ قارىدى. ئامېرىكىنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى گول. ۋېدار: «پروزا پېرسوناژلارنىڭ ئەڭ يوشۇرۇن، ئەڭ نازۇك ئىچكى دۇنياسىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى، تېلىكامېرالار سۈرەتكە ئالالمايدىغان تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشى لازىم» («ئۆكتەبىر» ژۇرنىلىنىڭ 1981-يىللىق 2-سانىغا قاراڭ) دەپ كۆرسەتتى. فرانسىيىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى ناتالىيە. ساررۇت: «ھازىر قارىغاندا مۇھىمى ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى تىپىك پېرسوناژلارنى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتىش ئەمەس، بەلكى زىددىيەتلىك ھېسسىياتلارنىڭ بىرلىكتە مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادىلەش، شۇنداقلا مۇمكىن قەدەر پسىخىك پائالىيەتلەردىكى موللۇق ۋە مۇرەككەپلىكىنى سۈرەتلەپ بېرىش. يازغۇچىلارغا زۆرۈر بولىۋاتقىنى ئۆز-ئۆزىنى سادىقلىق بىلەن مۇستەسنابىسىز يېزىپ چىقىشتۇر» دېگەن («چەت ئەل ئەدەبىيات-سەنئىتى» نىڭ 1980-يىللىق 6-سانىغا قاراڭ). ئەنگلىيە تەنقىدچىسى رايموند. ۋىللىيام غەربتە «ئىجتىمائىي ھېكايىلار» نىڭ ئورنىغا «پسىخىك ھېكايىلار» دەسسىدى دەپ كۆرسەتكەن («چەت ئەل ئەدەبىيات-سەنئەت پىكىر ئېقىملىرى» 2-توم 159-بەت). بۇلاردىن باشقا يەنە روبېي. گىرلېت: «بىزگە ئايان بولدىكى، كۆپلىگەن ھېكايىلار لايىھىلىگەن پېرسوناژلار ئەمدى بۈگۈنكى پسىخىك رېئاللىقنى ئۆزىگە سىغدۇرۇشقا ئامالسىز قالدى...» («غەرب ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىسىدىكى مەشھۇر ئەسەرلەردىن تاللانما» 3-توم 245-بەت) دەپ كۆرسىتىپ، «پسىخىك رېئاللىق» ئاتالغۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئەدەبىياتنى ئىچكى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشنى، ئەدەبىياتنىڭ ئىپادىلەيدىغىنى «ئىچكى رېئاللىق»، «پسىخىك رېئاللىق» دېگەنلەرنى تەكىتلەشنى 20-ئەسىر غەرب يازغۇچىلىرىنىڭ ئورتاق قارىشى دېيىشكە بولىدۇ.

خوش، ئۇنداق بولسا غەرب يازغۇچىلىرىنىڭ يۇقىرىقى قاراشلىرىغا قانداق قاراش ۋە ئۇلارنىڭ تەشەببۇسلىرىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟

ئالدى بىلەن شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، غەرب يازغۇچىلىرى تەرىپىدىن «ئىچكى رېئاللىق»، «پسىخىك رېئاللىق» دەپ ئاتالغان كىشىلەرنىڭ پسىخىكىسى،

ئاڭ پائالىيەتلىرى، ئىچكى دۇنياسى قاتارلىقلار، تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، ئاڭ كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ نەرسىلەر بولۇپ، ماركسىزملىق ئىنكاس نەزەرىيىسى بويىچە بولغاندا، ئۇلار تاشقى ماددىي دۇنيانىڭ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى ھېسابلىنىدۇ، شۇنداقلا تاشقى ماددىي دۇنيانىڭ بەلگىلىشىدە، تىزگىنلىشىدە بولىدۇ. ناۋادا بىز تاشقى ماددىي دۇنيا ۋە كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىن ئىبارەت تاشقى رېئاللىقنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، ئىچكى رېئاللىق ھېسابلانغان كىشىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسى، ئاڭ پائالىيەتلىرى قاتارلىقلارنىڭ ئۇنىڭ ئىنكاسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمىساق، ئاڭ پائالىيەتلىرىنى، ئىچكى دۇنيانى تاشقى ماددىي دۇنيا ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئورنىغا دەسسەتسەك، ئۇ ھالدا مەۋجۇدىيەت بىلەن ئاڭنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى ماركسىزملىق پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزەردىن چەتنەپ كەتكەن بولىمىز.

رېئاللىقنى پەقەتلا ئىچكى دۇنيا رېئاللىقى، پىسخىك رېئاللىق بىلەن چەكلەپ، ئۇنى ئەدەبىيات ئىپادىلەيدىغان بىردىن بىر رېئاللىق قىلىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تاشقى دۇنيا رېئاللىقىنىڭمۇ مەۋجۇتلۇقىنى، ئۇنىڭمۇ ئەدەبىياتنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكتى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىش، ئەلۋەتتە، ماركسىزمغا يات خاتا قاراش بولىدۇ، بىراق بۇنداق دەپ قويۇش بىلەنلا مەسىلە ھەل بولۇپ كەتمەيدۇ. بۇ پەقەت مەسىلىنىڭ بىرلا تەرىپى.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، رېئاللىق ئۇقۇمىنى كەڭ ھەم تار مەنىدىن ئىبارەت ئىككى خىل مەنىدە چۈشىنىشكە بولىدۇ. رېئاللىقنى تار مەنىدە تاشقى رېئاللىق دەپلا چۈشىنىپ، ئۇنى تاشقى ماددىي دۇنيا، رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇش دەپ قاراشقا بولىدۇ. رېئاللىقنى كەڭ مەنىدە چۈشەنگەندە، ئۇنى تاشقى رېئاللىق بىلەنلا چەكلەپ قويماي، يەنە كىشىلەرنىڭ ئاڭ پائالىيەتلىرى، پىسخىكىسى، ئىچكى دۇنياسىنىمۇ ئۇنىڭ دائىرىسى ئىچىگە كىرگۈزۈپ تۇرۇپ چۈشىنىش كېرەك.

ئۇنداقتا، قانداق شارائىتتا تار مەنىدە، قانداق شارائىتتا كەڭ مەنىدە چۈشىنىش كېرەك؟ ئەدەبىيات بىلەن رېئاللىقنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى ھەققىدە پەلسەپىۋى ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىپ، بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى پەلسەپە نۇقتىسىدا تۇرۇپ شەرھىلىگەن چاغدا رېئاللىقنى تار مەنىدە چۈشىنىپ، ئۇنى دائىرە جەھەتتە تاشقى ماددىي دۇنيا، رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن چەكلەش؛ رېئاللىقنى ئەدەبىياتنىڭ ئىپادىلەش ئوبيېكتى دەپ قارىغان چاغدا، ئۇنى كەڭ مەنىدە چۈشىنىپ، تاشقى دۇنيا، رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇش دېگەن مەنە ئۈستىگە يەنە كىشىلەرنىڭ ئاڭ پائالىيەتلىرى، پىسخىكىسى، ئىچكى دۇنياسى دېگەن مەنىلەرنىمۇ يۈكلەپ چۈشىنىش لازىم.

تاشقى ماددىي دۇنيا، رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى رېئاللىق دەپ چۈشىنىشقۇ ھەممەيلەننىڭ ئىدىيىسىدىن ئۆتىدۇ. ئەمما ئىچكى دۇنيانى، ئاڭ پائالىيەتلىرىنى رېئاللىق دەپ چۈشىنىش ئادەمنى قايىل قىلالامدۇ-يوق؟

ئادەتتە، كىشىلەر ھەمىشە «ئوبيېكتىپ» دېگەن ئۇقۇم بىلەن «رېئاللىق» دېگەن ئۇقۇمنى ئۆزئارا بىرىكتۈرۈپ «ئوبيېكتىپ رېئاللىق» دەپ ئىشلىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا رېئاللىق دېگەن بۇ ئۇقۇمنى كۈندىلىك ئىستېمالدا كىشىلەر ھەقىقىي، چىن، ئەمەلىي مەۋجۇت بولغان نەرسە. ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولغان نەرسە دېگەن

مەنىلەردە چۈشىنىدۇ. بۇلارغا ئاساسەن بىز ئوبيېكتىپ نەرسىلەرنى، ھەقىقىي، ئەمەلىي مەۋجۇت بولغان نەرسىلەرنى رېئاللىق دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ دېيەلەيمىز. لېنىن: «ئوبيېكتىپلىق = بىزدىن تاشقىرىلىق» («پەلسەپە خاتىرىلىرى» 235-بەت) دەپ كۆرسەتكەن. شۇڭا سۇبيېكتتىن تاشقىرى بولغان، سۇبيېكتنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بارلىق نەرسىلەر ئوبيېكتىپ نەرسىلەر بولىدۇ ھەم مۇشۇ سۈپەتتە رېئاللىقنىڭ مەزمۇنىنى تەشكىل قىلالايدۇ. لېنىن يەنە «ئاڭمۇ ئوبيېكتقا ئوخشاشلا ئەمەلىي مەۋجۇت، ئۇ ئوبيېكتنىڭ مېڭىدىكى ئىنكاسى» («ماتېرىيالىزم ۋە تەجرىبە تەنقىدچىلىكى» گە قاراڭ) دەپ كۆرسەتكەن. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، بارلىق ماددىي مەۋجۇدىيەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىنكاسى ھېسابلانغان كىشىلەرنىڭ ئاڭ پائالىيەتلىرى، پسىخىكىسى قاتارلىقلار بىلىش سۇبيېكتى ھېسابلانغان مەلۇم بىر كونكېرت ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلارنى ئوبيېكتىپ رېئاللىق دەپ قاراشقا بولىدۇ. سەنئەت ئەسەرلىرى، جۈملىدىن ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى ئىجادىيەت سۇبيېكتى ھېسابلانغان يازغۇچى-سەنئەتكارلاردىن تاشقىرى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ماددىي دۇنيانى، كىشىلەرنىڭ ئاڭ پائالىيەتلىرى، پسىخىكىسى، ئىچكى دۇنياسى قاتارلىقلارنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا ئەدەبىياتقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەدەبىياتنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈش، ئىپادىلەش ئوبيېكتى بولغان ماددىي دۇنيا، كىشىلەرنىڭ پسىخىكىسى، ئاڭ پائالىيەتلىرى، ئىچكى دۇنياسى قاتارلىقلارنى رېئاللىق دېيىشكە تامامەن بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، پەلسەپەدە دۇنيادىكى ھادىسىلەر (ياكى نەرسىلەر) ماددىي ھادىسىلەر ۋە روھىي ھادىسىلەر دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ دەپ قارىلىدۇ. ماددىي ھادىسىلەرمۇ ئەمەلىي مەۋجۇت، روھىي ھادىسىلەرمۇ ئەمەلىي مەۋجۇت. ئەمەلىي مەۋجۇت بولغان نەرسىلەرنى رېئاللىق دەپ قاراشقا بولغانىكەن، ئۇ ھالدا روھىي ھادىسىلەرمۇ رېئاللىق دائىرىسى ئىچىگە كىرگۈزۈلىشى، ھېچبولمىغاندا، ئەدەبىياتنىڭ ئوبيېكتى ھېسابلانغان رېئاللىقنىڭ دائىرىسى ئىچىگە كىرگۈزۈلىشى كېرەك. مۇبادا رېئاللىقنىڭ دائىرىسى ماددىي ھادىسىلەر بىلەنلا چەكلىنىپ، رېئاللىق تاشقى ماددىي دۇنيا، رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇش دەپلا قارىلىدىكەن، ئۇنداقتا ئۇ رېئاللىق ھەققىدىكى تولۇق بولمىغان، مۇكەممەل بولمىغان قاراش بولۇپ قالىدۇ. بىزدە رېئاللىق ھەققىدىكى ھازىرقى چۈشەنچە دەل ئاشۇنداق تولۇق ھەم مۇكەممەل بولمىغان چۈشەنچە. 20-ئەسىر غەرب يازغۇچىلىرى بىزنىڭ رېئاللىق ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزدىكى ئاشۇ ئاجىزلىقنى تۇتۇۋالغان ئىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا ئەدەبىيات ئادەمشۇناسلىق ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە ئايان. ئادەمنىڭ ھايۋانلاردىن پەرقلىنىدىغان مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى ئادەمدە ئاڭنىڭ بولغانلىقى. ئەدەبىيات ئادەمشۇناسلىق بولغان ئىكەن، ئادەمنى يازغان ئىكەن، ئادەمنىڭ ئاڭ پائالىيەتلىرىنى، ئىچكى دۇنياسىنى يازماسلىق ۋە ئۇنىڭغا سىڭىپ كىرمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس. ئېنگېلس، لېنىن ۋە چېرنىشۋىسكىلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك بايانلىرى بۇ نۇقتىنى نەزەرىيە جەھەتتىن ئىسپاتلىسا، ل. تولستوي ھەم 20-ئەسىر غەرب يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ئەمەلىيەت جەھەتتىن ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئېنگېلس «ديۇرىڭغا قارشى» دېگەن ئەسىرىدە «ئىقتىساد ئىلمىنىڭ ۋەزىپىسى ھازىر ئاشكارىلىنىشقا باشلىغان

www.uyghurkitap.com



ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنىڭ ھازىرقى مەۋجۇت ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش... غەزەپتىن شائىر چىقىدۇ. بۇ ئىللەتلەرنى تەسۋىرلىگەن يا بولمىسا ھۆكۈمران سىنىپلارغا بولۇشۇپ بۇ ئىللەتلەرنى ئىنكار قىلىۋاتقان ياكى گۈزەللەشتۈرۈۋاتقان مۇرەسسەچىلەرنى سۆككەن چاغدا غەزەپلىنىش تامامەن مۇۋاپىق. بىراق غەزەپ يۇقىرىقى بۇ خىل سورۇنغا ئىشلىتىلسە، ئۇنىڭ ئىسپاتلايدىغان نەرسىلىرى شۇنچە ئاز بولىدۇ» دەپ يېزىپ، ئىقتىساد ئىلمىنىڭ مەزمۇنىنىڭ مەنتىقى خۇلاسە ۋە «ئىسپات» ئىكەنلىكىنى، شېئىرنىڭ (ئەدەبىياتنىڭ) مەزمۇنىنىڭ بولسا، «غەزەپ» (ھېسسىيات) ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن. لېنىن ل. تولستوي ھەققىدە توختىلىپ: «(تولستوي) ھازىرقى زامان تۈزۈمى تەرىپىدىن ئېزىلىۋاتقان كەڭ ئاممىنىڭ كەيپىياتىنى ئاجايىپ بىر كۈچ بىلەن ئىپادىلەپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى تەسۋىرلەپ، ئۇلارنىڭ ئىستىخىيلىك قارشىلىق كۆرسىتىشلىرى ۋە غەزەپلىك ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلىگەن» دەپ كۆرسەتكەن. دېمەك لېنىنمۇ ئەدەبىياتنىڭ ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرغان. چېرنىشۋىسكى تولستوي ھەققىدە توختىلىپ: «پسىخىك تەھلىل ئۇنىڭ ئىجادىي تالانتىغا كۈچ بەخش ئەتكەن ئەڭ تۈپكى ئامىل»، تولستوينىڭ «ئەڭ قىزىقىدىغىنى پسىخىك جەريانىنىڭ دەل ئۆزى، پسىخىك جەريانىنىڭ شەكلى، پسىخىك جەريانىنىڭ قانۇنىيىتى، ئېنىق ئاتالغۇ بىلەن ئىپادىلەيدىغان بولساق، بۇ دەل قەلبنىڭ دىئالېكتىكىسى» دەپ يېزىپ، تولستوينىڭ ئادەتتىكى يازغۇچىلاردەك پەقەت پسىخىك پائالىيەتنىڭ بېشى بىلەن ئاخىرىنىلا كۆڭۈل بۆلۈپ، پسىخىك كەچۈرمىشلەرنىڭ نەتىجىسىنىلا ئىپادىلىمەستىن، بەلكى پسىخىك پائالىيەت جەريانىنىڭ دەل ئۆزىنى ئىپادىلەشكە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

شۇنداق قىلىپ، ئەدەبىيات ئىككى خىل رېئاللىققا دۇچ كەلدى، بىرى، بىز ئاللىبۇرۇن ئېتىراپ قىلغان ھەم ئىزچىل تەشەببۇس قىلىپ كېلىۋاتقان تاشقى ماددىي دۇنيا، رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇش، يەنە بىرى، كىشىلەرنىڭ ئاڭ پائالىيەتلىرى، پسىخىكىسى، ئىچكى دۇنياسى. ئالدىنقىسىنى بىرىنچى رېئاللىق، كېيىنكىسىنى ئىككىنچى رېئاللىق دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. نۆۋەتتە كەلگەندە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، بۇ ئىككى خىل رېئاللىقنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدە بىز ئىككىنچى رېئاللىقنىڭ بىرىنچى رېئاللىقتىن مەنبەلىنىدىغانلىقىنى، بىرىنچى رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيمىز. ئىككىنچى رېئاللىقنى بىرىنچى رېئاللىقنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش، ئىككىنچى رېئاللىقنى دەپ بىرىنچى رېئاللىقنى ئىنكار قىلىش، ئىككىنچى رېئاللىقنى ئەدەبىيات ئىپادىلەيدىغان بىردىن-بىر رېئاللىق قىلىۋېلىش خاتا، شۇنىڭدەك بىرىنچى رېئاللىقنى ئەدەبىياتنىڭ ئىپادىلەيدىغان بىردىن-بىر ئوبيېكتى قىلىۋېلىپ، ئىككىنچى رېئاللىق ئەدەبىياتنىڭ ئىپادىلەش ئوبيېكتى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماسلىقمۇ، رېئاللىقنىڭ دائىرىسىنى يالغۇز بىرىنچى رېئاللىق بىلەنلا چەكلەپ قويۇشمۇ ئوخشاشلا خاتا. بۇ ئىككى رېئاللىقنىڭ بىرلىكى ئەدەبىياتنىڭ ئوبيېكتى ھېسابلانغان رېئاللىقنىڭ بىر پۈتۈن مەزمۇنىنى تەشكىل قىلىدۇ.

يەنە شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بىزنىڭ ئەدەبىيات ئەكس ئەتتۈرىدىغان رېئاللىق ئىككى خىل دېگىنىمىز ھەرگىزمۇ ئەدەبىياتنىڭ مەنبەسى مەسىلىسىدە ئىككى مەنبەچىلىكنى تەرغىپ قىلغانلىق ئەمەس. ئەدەبىيات بىرىنچى رېئاللىقتىن — تاشقى ماددىي دۇنيا ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن مەنبەلىنىدۇ. شۇڭا ئەدەبىياتنىڭ بىردىن-بىر

مەنبەسى ئىجتىمائىي تۇرمۇش. ئەدەبىياتنىڭ مەنبەسىنى بىرىنچى رېئاللىق بىلەن، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى بىلەن چەكلەشكە بولىدۇ. ئەمما ئەدەبىياتنىڭ ئوبيېكتىنى بىرىنچى رېئاللىق بىلەنلا چەكلەپ قويۇشقا بولمايدۇ. بۇنداق چەكلەش ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغىمۇ ماس كەلمەيدۇ.

كىشىلەرنىڭ ئاڭ پائالىيەتلىرى، پسىخىكىسى، ئىچكى دۇنياسى قاتارلىقلار ئەدەبىيات ئىپادىلەيدىغان ئىككىنچى رېئاللىق سۈپىتىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ چەكلەنگەن رايون ئەمەس. ئىككىنچى رېئاللىقنىڭ بىرىنچى رېئاللىقتىن مەنبەلىنىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان ئاساستا ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىمۇ ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى يېزىشقا، چوڭقۇر قاتلاملىق ئاڭلىرىنى قېزىشقا تامامەن ھەقلىق. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ بىر قىسمى، شۇنداق ئىكەن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمۇ دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات قەدىمىگە يېتىشىۋېلىشى، دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ئۇيغۇنلىشىشى كېرەك. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، «سوتسىيالىزم ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» تىن ئىبارەت ئومۇمىي مۇقامدىن چەتنەپ كەتمەسلىك شەرتى ئاستىدا يازغۇچىلىرىمىزغا ئىككىنچى رېئاللىقنى يېزىش ھوقۇقىنىمۇ بېرىشىمىز كېرەك. دۇنيا ئەدەبىياتىدا ئاللىقاچان ئىچكى دۇنياغا بۇرۇلۇش دولقۇنى ئەۋجىگە چىققان، 20-ئەسىر ئاخىرلىشاي دېگەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ جۇڭگو ئەدەبىياتى دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ 19-ئەسىردىكى سەۋىيىسىدىن ھالقىپ ئۆتەلمىسە، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە يەنىلا 19-ئەسىردىكى نەزەرىيىلەر يېتەكچىلىك قىلىدۇرۇلسا، ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىدىن سۆز ئاچقىلى بولامدۇ؟!

شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، «ئىچكى رېئاللىق»، «پسىخىك رېئاللىق» ئاتالغۇلىرى غەرب يازغۇچىلىرىنىڭ رېئاللىق ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنىڭ يېڭىلانغانلىقى ھەم چوڭقۇرلاشقانلىقىنىڭ نامايەندىسى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

(بېشى 124-بەتتە)

جەم بولغان بىر يىغىلىش. بىز جەزمەن پارتىيە 14-قۇرۇلتىيىنىڭ روھى ۋە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشى ۋە ئېچىلىش-سايراش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەممىمىز ئىتتىپاقلىشىپ، بىرلىكتە كۈچ چىقىرىپ، بۇ قېتىمقى يىغىننى ياخشى ئېچىش مەقسىتىگە يېتىشىمىز لازىم. ھەرقايسى قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە، كۆپ مىللەتلىك ئاپتونوم رايونىمىز ئەدەبىياتىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىپ تۆھپە قوشۇشىمىز كېرەك، ئىجادىيەتتە يېڭى تارىخىي دەۋردىكى ئەدەبىيات ئىجادىيىتىنىڭ كۆپ قاتلاملىقى، كۆپ خىللىقى ۋە كۆپ ئۇقتىلىقىدىن ئىبارەت سىرىي كۆچىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ھەرمىللەت خەلق ئاممىسى بىلەن قەلبداش-تەقدىرداش ئەسىر كۆرسىتىدىغان ئېسىل ئەسەرلىرىمىز ئارقىلىق بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ ئەھمىيىتى، قىممىتىنى نامايان قىلىشىمىز لازىم.

يىغىنغا مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن.

مەسئۇل مۇھەررىر مەھەممەت شاۋۇدۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇچقۇنجان ئۆمەر

# يۇمۇر ھەققىدە مۇلاھىزە

يۇمۇرلار ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى خەزىنىسىدىكى چاقناپ تۇرغان يۈز مىڭلىغان ئۈنچە-مەرۋايىت كەبى ئۆزىنىڭ ئىستېتىك رولى ئارقىلىق كىتابخانلارنى تەربىيىلەپ كەلمەكتە.

يۇمۇر لاتىنچە «NO MOR» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان. بۇ ئاتالغۇ ئىنگلىزچىدىن رۇس تىلى ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن. ئۇنىڭ ئەسلىدىكى لېكسىكىلىق مەنىسى «قامچىلاش» بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىستېمال مەنىسى ھەجۋىي قىلماق، مەسخىرە قىلماق دېگەندىن ئىبارەت.

يۇمۇر كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ھەممە ئادەم دىققەت قىلىپ كېتەلمەيدىغان نازۇك تۇرمۇش دېتاللىرىنى ئۆزىگە ماتېرىيال ئاساسى قىلىدۇ. تۇرمۇشتىكى ناچار، بولمىغۇر ئىللەتلەرنى كېلىشتۈرۈپ قامچىلاپ، ھايات ۋە تۇرمۇش گۈزەللىكىنى مەدھىيىلەيدۇ. يۇمۇرلارنىڭ تۇرمۇش پۇرىقى قويۇق بولۇپ، دارتما، كىنايە، ياپتا گەپلەردىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ياخشى نىيەتنى چىقىش قىلىپ، ئاچچىق كۈلكە بىلەن ھەرقانداق ئادەمدە تەبئىي، ساپ تەسىرات پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ قاراتمىلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇنىڭدىكى دەللىك ۋە قاراتمىلىق بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ، بىر-بىرىنى شەرت قىلىدۇ. شۇڭا يۇمۇر رېئال تۇرمۇشنىڭ ئەينىكى دەپ قارىلىدۇ. بۇ ئەينەك بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن، كۆپ تەرەپلىملىك رولىنى تېخىمۇ تولۇق جارى قىلدۇرماقتا. ئىجتىمائىي ھاياتقا سىڭىپ كىرىۋاتقان سىياسىي يۇمۇرلار، تۇرمۇش يۇمۇرلىرى، باللار يۇمۇرلىرى قاتارلىقلار كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئەڭ ئىخچام، ئەڭ قىزىقارلىق ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ جانلىق ئۈلگىسى بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇرلار — خۇش خۇي، ئوچۇق، مېھماندوست، ئويۇن-تاماشا، كۈلكە-چاقچاققا ئامراق مىللەت. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ خىل خاراكتېر ئالاھىدىلىكى يۇمۇرلىرىمىزنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىغا سىڭىپ كەتكەن. ئۇيغۇر يۇمۇرلىرى خەلقىمىزنىڭ مىللىي، پسىخىك خاراكتېرىگە ناھايىتى باب كېلىدىغان سەنئەت شەكلى بولۇپ، ئۇ دۇنياغا شانلىق مەدەنىيىتى ئارقىلىق داڭق چىقارغان بىر مىللەتنىڭ مۇنبەت ئەدەبىيات-سەنئەت تۇپرىقىدا يېتىشكەن سەرخىل گۈللىرىنىڭ ئىچىدىكى بىر خىل گۈلتاجىدۇر.

مەھمۇد قەشقەرى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكى، ناۋايى قاتارلىق ئۇلۇغ ئالىم، دانىشمەنلەر ئۆزلىرىنىڭ يېتۈك ئەسەرلىرىدە بىر مۇنچە ماقال-تەمسىل، لەتىپە-يۇمۇرلارنى نەقىل كەلتۈرگەن ئىدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر خەلق

ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدىن «سىيانىپى ئەپسانىلىرى»، «باتۇر تەڭرىقۇت»،
«ئىمىر گۆر ئوغلى»، «ئات بىلەن تۆگىنىڭ ئىپتىشىشى»، «ئەھمەدشا قارىقاش»
قاتارلىق نۇرغۇن ئەسەرلەردە خەلقىمىزنىڭ خۇش چاقچاق، يۇمۇرلۇق خاراكتېرى
جانلىق سۈرەتلەنگەن.

ئازادلىقتىن بۇرۇنقى يۇمۇرلاردا مۇشتۇمزورلارنىڭ زوراۋانلىقى، باي-ئاقسۆڭەكلەرنىڭ
ئاچكۆزلۈكى، بېخىللىقى، ئىشان-سوپىلارنىڭ تەمەخورلۇقى، جاھىللىقى، شۇنداقلا ئىنتايىن
ئاز سانلىقى ئادەملەرنىڭ نەپ دېسە ئۇتىنمۇ يۇۋۇ دېمەي يۇتۇۋېتىدىغان نەپسانىيەتچىلىكى،
قۇۋ-ھىيلىگەرلىكى ئاچچىق كىنايە ئارقىلىق ھەجۋىي قىلىنغان. مەسىلەن، 19-ئەسىردە
ياشىغان موللا مەتيار خەلپىتىم لەتىپە، يۇمۇرلارغا ناھايىتى ئۇستا بىر كىشى ئىكەن.
ئۇ ئېيتقان «گېلىغا ھارام تۇرۇپ قاپتۇ» دېگەن بىر يۇمۇردا مۇنداق دېيىلگەن:

بىر كۈنى موللا مەتيار خەلپىتىم خانىقا يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارسا، ياقا يۇرتتىن
كەلگەن بىر بۇرادىرى ئۇچراپ قېلىپ سوراپتۇ:

— خەلپىتىم، خانىقا ئىچىدىكى بىر توپ كىشىلەر ھە-ھۇ، دەپ قالايمىقان
سەكرىشىۋاتىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ نېمە قىلغىنى؟

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ سوپىلارنىڭ گېلىغا ھارام نەرسىلەر سانجىلىپ قالغان
ئوخشايدۇ. شۇنىڭ ئازابىدا ھە-ھۇ، دەپ جان تالىشىۋېتىپتۇ، — دەپتۇ خەلپىتىم.

بۇ يۇمۇردىكى كىنايە-ھەجۋىي كۈچ نەقەدەر ئۆتكۈر-ھە! قىسقا، ھازىر جاۋاب
بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بۇ يۇمۇردا ئەمگەك قىلماي، تەركىي دۇنياچىلىقنى تەرغىب
قىلىدىغان بىر قىسىم سوپى-ئىشانلار قاتتىق مەسخىرە قىلىنغان. كۆپچىلىككە مەلۇمكى،
بۇ خىل ھەجۋىي يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىمىزدا ئۆتكەن تەجەللىي، شەۋقىي، ناقىس،
روزى قارىم قاتارلىقلارنىڭ لەتىپە-يۇمۇرلىرىدا مەركەزلىك ئەكس ئەتكەن.

ئازادلىقتىن كېيىن ئۇيغۇر يۇمۇرچىلىقى يېڭى مەزمۇن، يېڭى يۈكسەكلىككە ئېرىشتى.
كونا جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك قالاق، ناچار، خۇنۈك ئىللەتلىرى، مەسىلەن، ئوغرى،
قىمارۋازلار، نەشىخورلار، داخان-پېرىخونلار، فېئوداللىق نىكاھ سودىسى بىلەن
شۇغۇللىنىدىغان بېدىكلەر، ئەمگەكتىن قاچىدىغان ھورۇن، بىكار تەلەپلەر، كۆنۈپىي
ھاراق-شاراب ئىچىپ، بالا-چاقىلىرىنى قاقشىتىپ، غەۋغا چىقىرىدىغان ھاراقكەشلەر
يۇمۇر قامچىسى ئاستىغا ئېلىندى. بولۇپمۇ 50-يىللارنىڭ ئاخىرىدىن تارتىپ يۈز بەرگەن
سىنىپىي كۈرەشنى كېڭەيتىۋېتىش، «كوممۇنىزم شامىلى» چىقىرىش، پولات-تۆمۈر
تاۋلاش، چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش، ئىلىم-پەن ۋە زىيالىيلارغا سەل قاراشتەك خاتا
لۇشيەن كەلتۈرۈپ چىقارغان ناچار خاھىش، ناچار ئىللەتلەر يۇمۇر ئارقىلىق
ئاشكارا-يوشۇرۇن پاش قىلىنىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ سەگۈرلىكىنى ئاشۇردى.
«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا تېخىمۇ شۇنداق بولدى. مەسىلەن، ئاقسۇنىڭ
كەلپىن ناھىيىسىدە ياشىغان ئاتاقلىق لەتىپە-يۇمۇرچى ئىسكەندەر ھەققۇلىنىڭ «قارا
تاۋۇز» دېگەن يۇمۇرىدا مۇنداق دېيىلگەن:

ئىسكەندەر ۋېلىسىيىتنىڭ ئارقىسىغا بىر تاۋۇزنى تېڭىپ كېتىپ بارسا، ئۇنى تارتىپ
چىقىرىپ سوراق قىلغانلاردىن بىرى دەپتۇ:

— تاۋۇزۇڭنى يېمەيمىزمۇ؟

— سىلەر قىزىل تاۋۇز يەڭلار، بۇ قارا تاۋۇز، — دەپتۇ ئىسكەندەر.

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭدىن باشقا بىز يەنە قەشقەر پەيزىۋاتنىڭ قىزىلبوي يېزىسىدا ياشىغان، ئۆمۈرىنىڭ ئاخىرىدا غۇلجىدا ۋاپات بولغان ئىشقىيار ئاكىنىڭ «باللار تەرەپتە تۇراي» دېگەن يۇمۇرىغا نەزەر سالايلى:

كېچىدە ئۆيگە كېتىۋاتقان ئىشقىيارنى بىر توپ ئىسيانچىلار تۇتۇۋېلىپ سوراق قىپتۇ:

— كېچىدە نېمە قىلىپ يۈرگەن ئادەمسەن؟

— باللىرىم، مەن ئۆيگە كېتىۋاتقان ئادەم.

— سەن قايسى كۆز قاراشتا؟

— ھە، مەن باللىرىمنى بېقىش كويىدا.

— ھىم، سەن قېرى، ئىسيانچىلار تەرەپتە تۇرماي دۈشمەن تەرەپتە تۇرىدىكەنسەن-دە!

— يوقسۇ باللىرىم، مەن ئۇششاق باللىق بولغاچقا، باللىرىم تەرەپتە تۇراي.

مەدەنىيەت قەھەتچىلىكى تازا ئەۋج ئېلىپ، بارلىق ئۇلتۇرۇپ-قوپۇش، كۆڭۈل ئېچىش چەكلەنگەن ئاشۇ ئېغىر كۈنلەردە بىنورمال سىياسىي-دېموكراتىك تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان بۇ يۇمۇرلار كىشىلەرنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىپ، بىر دەملىك بولسىمۇ تۇرمۇشقا خۇشاللىق، شادلىق بېغىشلىغان ئىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ھەممە كىشىنىڭ ئاغزىدىن چۈشمەي ئېيتىلىپ يۈرگەن ئەھمەد ئۆمەر، ھېسام، بارات زەپەر، موللا باقى، سەلەي توختى قاتارلىقلارنىڭ نۇرغۇن ئۆتكۈر لەتىپە-يۇمۇرلىرى پىكرىمىزنى دەلىللەيدۇ. گەرچە ئىنتايىن سول لۇشيەنىڭ زەھىرى تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بۇ مۇھىم ھەجۋىي ژانىر بىر مەزگىل بوزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ خەلق قەلبىدە ساقلىنىۋەردى. خەلق ئارىسىدا تارقىلىۋەردى. مۇشۇ تارىخنى پاكىتنىڭ ئۆزىلا ئۇيغۇر يۇمۇرچىلىقىنىڭ بۇلاق كۆزىنىڭ ئېتىلىپ قالمىغانلىقىنى، ئۇنى ھېچقانداق بىر كۈچ چەكلەپ قالالمايدىغانلىقىنى، ۋاقتى-سائىتى پىشىپ يېتىشكەندە دېيەلمىگەن يۇمۇرلارنىمۇ كەڭ-كۇشادە دېگىلى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. مانا بۇ ھال سەنئەتنىڭ ھاياتىي كۈچىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولىغا قويۇلغان ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، ئۇيغۇر يۇمۇرچىلىقى گويا يامغۇردىن كېيىنكى تاڭ سەھەردە گۈل-گىياھ ياپراقلىرىدا لىغىلداپ تۇرغان شەبنەم تامچىلىرىدەك قايتىدىن جۇلالىنىپ، گۈللەپ-ياشناش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. ئۇ رېئال تۇرمۇشنى ئاساس قىلىپ ناھايىتى قاملاشتۇرۇپ توقۇلغان بەدىئىي توقۇلمىلار ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئارىسىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان خىلمۇخىل ناچار ئىللەتلەر، ناچار خاھىشلارنى قامچىلىدى. ئۇنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىدا تارىختىن بېرى بىر خىل قېلىپ بويىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تار مەنىدىكى پىكىرلەرگە خاتىمە بېرىلىپ، مەزمۇن چوڭقۇرلۇقى، تېما دائىرىسى كېڭەيدى، دەللىكى ۋە قاراتمىلىقى تېخىمۇ ئاشتى. بۈگۈنكى كۈندە بۇ «قامچا» ئارقىلىق كەڭ جامائەت بيۇروكراتلىق، پارىخورلۇق، چىرىكلىك ۋە خىيانەتچىلىكنى، ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىۋاتقان شەخسىيەتچىلەرنى، جەمئىيەتنىڭ ھۇلىنى كولاپ بۇزۇپ-چېچىپ ئەيش-ئىشرەت قىلىۋاتقان پارازىتلارنى، «ئارقا ئىشىك»تىن مېڭىپ، قانۇن-تۈزۈمنى كۆزگە ئىلماي ۋاتقان يامان ئادەملەرنى، بارلىق ناچار ئىللەت، ناچار خاھىشلارنى ۋە باللار تۇرمۇشىدىكى تۈرلۈك

بولمىغۇر قىلىق، ھەرىكەتلەرنى كېلىشتۈرۈپ ساۋىماقتا. بىز ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش كەڭ يولغا قويۇلغان مۇشۇ يىللاردا ئىجاد قىلىنغان ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە مۇنۇ يۇمۇرنى كۆرەيلى:

ئەرزىمەيدىغان ئىشلارغا مەجلىس ئېچىۋېرىپ، تۆۋەندىكىلەرنى بىزار قىلىۋەتكەن زاۋۇد باشلىقى تېلېفون تروپكىسىنى قۇلىقىغا چىڭ يېقىپ سۆزلىدى:

—ۋەي، باش ئاپپارات، ھەرقايسى سېخ مۇدىرلىرىغا ناممىدىن خەۋەر قىلىڭ، ئالدىنقى كۈنى ئۇلار ماڭا «ھازىر ئېچىلىۋاتقان مەجلىسلەر ھەم جىق، ھەم ئۇزۇن، مۇندىن كېيىن مەجلىسنى ھەم ئاز، ھەم ساز ئاچساق» دەپ پىكىر بېرىشكەن ئىدى. چۈشتىن كېيىن ئىشقا چۈشۈپلا ئىشخانامغا كەلسۇن، بۇ ئىش توغرىسىدا مەجلىس ئاچىمىز، كەچلىك نان، چېيىنى ئالغاچ كەلسۇن. كېچىلەپ مەسلىھەتلىشىمىز.

يەنە بىر يۇمۇردا مۇنداق دېيىلگەن:

—كادىر تاللاشقا بىرەر مەسلىھەت بېرەرمىكىن، دەپ كېلىۋىدىم.

—ئالدى بىلەن ئۆزۈڭگە سادىق شوپۇر تاللا، قالغىنى قوشۇمچە مەسىلە.

—ئۇنىڭ ئۇستىگە، سىياسىي، مەدەنىيەت سەۋىيەمۇ تۆۋەن، قانداق قىلارمەن؟

—بۇنىڭ كارى چاغلىق، خەتنى يوغان-يوغان يازىدىغان كاتىپتىن بىرنى تېپىۋالساڭ بولىدىغۇ؟!

بۇ نەقەدەر دەللىك ۋە قاراتمىلىققا ئىگە يۇمۇرلار-ھە؟!

يۇمۇردىن ئىبارەت بۇ مۇستەقىل ئەدەبىي ژانىر يېقىنقى يىللاردىن بۇيان باللار ئەدەبىياتى ساھەسىگىمۇ سىڭىپ كىرىپ، باللارنىڭ ياخشى دوستىغا ئايلاندى. باللار يۇمۇرلىرىدا ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى، تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنى، شۇنداقلا كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى چۈشىنىش ئىقتىدارى، ئىلىم-پەن ئۆگىنىش، دەرس ئىگىلەش، ئىمتىھان بېرىش، سىنىپ كۆچۈش، يۇقىرى مەكتەپلەرگە چىقىش جەھەتلەردىكى ئوخشاش بولمىغان تەسىرات ۋە كەيپىياتلىرى، تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتە ھەر كۈنى دېگۈدەك يۈز بېرىپ تۇرىۋاتقان تۈرلۈك ھادىسىلەرگە بولغان ھېس-تۇيغۇ، قاراشلىرى، كەلگۈسىگە بولغان غايىۋى ئىنتىلىشى قاتارلىق كۆپ خىل تەرەپلەر ناھايىتى ئوبرازلىق تىل شەكلى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلدى. مەسىلەن، «پۇتى قىسقا» دېگەن يۇمۇردا مۇنداق دېيىلگەن:

بالىسى: دادا، توخۇنىڭ پۇتى نېمە ئۈچۈن مۇنداق قىسقا بولىدۇ؟

دادىسى: ھەي دۆت، ئەگەر توخۇنىڭ پۇتى ئۇزۇن بولسا، تۇخۇم تۇغقاندا تۇخۇمى چېقىلىپ كەتمەمدۇ؟

«شىددەتلىك جەڭ» دېگەن يەنە بىر يۇمۇردا مۇنداق دېيىلگەن:

ئوقۇتقۇچى: «شىددەتلىك جەڭ» ھېكايىسىدىن بىر نەچچىنى سۆزلەپ باقە.

ئوقۇغۇچى: كەچۈرۈڭ مۇئەللىم، ئاپام ماڭا «ئۆيدىكى ئىشلارنى سىرتقا يايما» دېگەنىدى.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بۇ خىل باللار يۇمۇرلىرى باللار تۇرمۇشىنى ئەڭ قىزىقارلىق ئىپادىلەپ، ئۆزگىچە مەنىۋى قۇدرەت ياراتتى.

يۇمۇرلارنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى مۇلاھىزە قىلغاندا، پەرقلەندۈرمىسە بولمايدىغان يەنە مۇنداق بىر نۇقتا بار: دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، توقۇنۇشلارنى

ئەكس ئەتتۈرگەن يۇمۇرلار تۇرمۇش يۇمۇرلىرى ۋە باللار يۇمۇرلىرىغا ئوخشمايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ مەزمۇن ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت خاراكتېرىنى ئالغان يۇمۇرلاردىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. ئۇ، ماھىيەت جەھەتتە سىياسىي يۇمۇر ھېسابلىنىدۇ.

مەسىلەن:

بىر باشلىق:

—مېنىڭ گېپىم گەپ، چۈشەنسەڭلارمۇ ئىجرا قىلىسىلەر، چۈشەنمىسەڭلارمۇ ئىجرا قىلىسىلەر، پىكىرىڭلار بولسا ئىجرا قىلىپ بولۇپ بېرىسىلەر! — دەپتۇ. موللا باقى:

— پەۋ! — دەپ بىر قولىدا بۇرنىنى ئېتىۋاپتۇ.

— نېمە بولدى؟ — دەپتۇ باشلىق.

— پۇراپ كەتتى، — دەپتۇ موللا باقى.

—نېمە پۇراپ كەتتى؟

— ۋىندۇرخاندىكى ھىلقى گۈينىڭ ئۆلۈكى * پۇراپ كەتتى.

بۇنىڭغا ئوخشاش سىياسىي يۇمۇرلار ناھايىتى جەڭگىۋار بولۇپ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن كېيىن لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گورۇھ» نى مەسخىرە قىلىپ توقۇلغان، ئاممە ئارىسىدا تا بۈگۈنگىچە ئېغىزدىن-ئېغىزغا تارقىلىپ يۈرگەن نۇرغۇن يۇمۇرلار ئەنە شۇ پىكرىمىزنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۇيغۇر يۇمۇرلىرىنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە سۆز ئېچىلغاندا، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ھەجمى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا ھېكايە، ئەدەبىي ئاخبارات، نەسىر قاتارلىق ئەسەرلەر ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ ئۇزۇنراق يېزىلىشى مۇمكىن. لېكىن يۇمۇر تامامەن ئۇنىڭ ئەكسىچە. يۇمۇرلار ئادەتتە ئەڭ كۆپ بولغاندا، ئۈن، ئونبەش قۇر، ئەڭ ئاز بولغاندا، ئىككى، ئۈچ قۇر بولىدۇ. ئۇ ناھايىتى ئۇبرازلىق، ئەپچىل يىغىنچاقلانغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ ئاسان ئېسىدە قالىدۇ. ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچىدۇ.

مەسىلەن:

—دادا، بۇ ماقالىنى نەگە ئېۋەتسەم بولار؟

—پۇل كۆپرەك يەرگە.

—ئۇنداقتا خەلق بانكىسىغا ئېۋەتسەم بولامدۇ؟

* * *

ئاپتوبۇستا بىر ئوغرى ياشانغان بىرەيلەننىڭ يانچۇقىغا قول سېلىشىغا، ئۇ كىشى تۇيۇپ قالدى.

— بالام، نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟

— يانچۇقىڭىز تېشىلىپ كېتىپتىكەن...

— خاپا بولماڭ، سىز ئالماقچى بولغان نەرسە ئاشۇ تۆشۈكتىن چۈشۈپ قالغان ئوخشايدۇ. ئۆيگە قايتىپ بېرىپ ياماپ قويىمەن. («يۇمۇرلار». شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى.)

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، مەزمۇنى ئوخشاش بولمىغان بۇ ئىككى خىل يۇمۇر ھەجىم

* چەت ئەلگە قېچىپ ئۆلگەن لىن بياۋ كۆزدە تۇتۇلغان.

جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ ھەمدە يۇقىرىدىكى پىكرىمىزنى ئەستىقلايدۇ.

ئۇيغۇر يۇمۇرلىرى ئۆزى ئەكس ئەتتۈرگەن مەزمۇن ۋە ئومۇمىي ھەجىمگە ئاساسەن، ئىسىملىك يۇمۇر، ئىسىمسىز (ماۋزۇسىز) يۇمۇر، (تېمىسىز دىئالوگ) دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنگەن. ئىسىملىك يۇمۇرلار يۇمۇرلارنىڭ ئاساسى ئېقىمىنى تەشكىل قىلىدۇ. نۆۋەتتە گېزىت-ژۇرنال، مەتبۇئات ئورۇنلىرىدا يازما ھالەتكە كەلتۈرۈپ ئېلان قىلىنىۋاتقان يۇمۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئىسىملىك (ماۋزۇلۇق) يۇمۇرلاردۇر. بۇ يۇمۇرلار گەرچە قىسقا بولسىمۇ، ئۇنىڭدا بىرەر پىكىر، بىرەر قاراش بار. ئىسىمسىز يۇمۇرلار پىكىر ۋە ھەجىم جەھەتتىن ئاددىيراق. پەقەت بىر-ئىككى قۇر دىئالوگدىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭغا تېمىسىز دىئالوگ دەپ ئات قويۇشنىڭ سەۋەبىمۇ ئەنە شۇنىڭدا. ئۇيغۇر يۇمۇرچىلىقىدا بۇ خىل ھالەت ئازراق ئۇچرايدۇ. بۇنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

ئۇيغۇر يۇمۇرلىرىنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيىتى كۆپ تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئۇلارنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

بىرىنچى، يۇمۇرلارنىڭ تىلى جانلىق. دىئالوگلىرى دەل ۋە چۈشىنىشلىك بولىدۇ. مەسىلەن:

ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىنىڭ ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلىش كۈنى يېتىپ كەلگەن ئىدى.

ساقچى: ئەتىگەنلىك تاماقىڭغا نېمە يېيىشنى خالايسەن؟

جىنايەتچى: شاپتۇل يېگۈم بار.

ساقچى: ئۆزۈڭ بىلىسەن، ھازىر قىش پەسلى تۇرسا، شاپتۇلنى نەدىن تاپىمىز؟

جىنايەتچى: ھېچقىسى يوق، مەن شاپتۇل پىشقىچە ساقلاي.

ئىككىنچى، ئوبرازلىق بولىدۇ. رېئاللىق ئاشۇ ئوبرازغا سىڭگەن بولىدۇ. مەسىلەن:

— سەن ماقالە يېزىپ بىزگە ھۇجۇم قىپسەن.

—ماقالە ئەمەس، ئەدەبىي ئەسەر ئىدى.

— كۆتۈرە بۇنداق ئېزىتقۇ گەپلىرىڭنى، ئەسەر دېگەننى بىلمەي قالامدىمەن؟ بىر ئەسەر دېگەن 100 يىلغۇ؟

— ياق...

— ياق دېمە، ئەسلىدە ئۆزۈڭ بىلمىسىز.

ئۈچىنچى، يۇمۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى ھەجىم جەھەتتىن ناھايىتى ئىخچام ۋە يىغىنچاق بولىدۇ.

مەسىلەن:

— قارا بۇرادەر، چەت ئەللىكلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ھەققەتەن ئۈستۈن ئىكەن جۇمۇ!

—بۇنى قانداق بىلدىڭ؟

—ئۇلارنىڭ چوڭىدىن تارتىپ كىچىككىچە ھەممىسى چەت ئەل تىلىدا سۆزلىيەلەيدىكەن ئەمەسمۇ؟

تۆتىنچى، يۇمۇرلارنىڭ تىغى ئۆتكۈر بولىدۇ، يۇمۇرنىڭ يېشىمى بىرەر ھېكمەتلىك سۆز بىلەن تۈگەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەشىنچى، كۆلكىلىك بولىدۇ. بۇ كۆلكە يۇمۇرنىڭ باشتىن ئاخىرىغىچە سىڭگەن بولۇپ، ئوبرازغا يۆكىلىندۇ.
مەسىلەن:
بىر هورۇنغا تەشكىلدە هېچقانداق ئىش يارىماپتۇ.
—ماگىزىنغا كۆزەتچىلىك قىل، — دەپتۇ باشلىق.
—ياق، — دەپتۇ هورۇن، — يۈرىكىم ئاجىز، ئوغرىدىن قورقىمەن.
— ئۇنداقتا هارۋا هەيدە!
— بولمايدۇ، ئات ئەپقېچىپ كەتسە، ئۇششاق بالىلىرىمنى كىم باقىدۇ؟
— ئەمىسە مازارغا قارامسەن-يا؟
— بولمايدۇ، — دەپتۇ هورۇن باش چايقاپ. باشلىق ناهايىتى تېرىكىپتۇ.
— بۇنىڭ نېمىسى بولمايدۇ، ئىككى ئېغىز ئۆي سېلىپ بېرىمىز، كۆچۈپ چىقسەن، ئولتۇرۇپ قارايسەن شۇ!
—قىزىق ئىكەنسىز باشلىق، — دەپتۇ هورۇن باهانە تېپىپ، — مازاردىكىلەرنىڭ هەممىسى ياتسا مەن ئولتۇراتتىممۇ؟
ئالتىنچى، يۇمۇرلاردىكى هەجۋىي ئوبيېكت بىۋاستە ئىپادىلىنىدۇ، بەزىدە ۋاستىلىق ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. مەسىلەن:
بىر نەچچە ئادەم دەم ئېلىشنى قانداق ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقلىرى توغرىسىدا پاراڭ سېلىشىۋاتاتتى، ئارىدىن بىرەيلەن:
— مەن ئەتىگەن سائەت 10غىچە بەھۇزۇر ئارام ئالىمەن، — دېدى.
بۇنى ئاڭلىغان يەنە بىرەيلەن:
— ئۇنداقتا، سائەت 10غىچە ئۇخلايدىكەنسەن-دە، — دېدى.
— ياق، مەن ئۇخلىمايمەن، ئايالىم ئۇخلايدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى هېلىقى ئادەم.
كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، يۇقىرقى يۇمۇرلاردا بولۇشقا تېگىشلىك تۈپ خۇسۇسىيەتلەر ناهايىتى روشەن ئەكس ئەتكەن. مېنىڭچە، يۇمۇرلاردا لەتىپە، چاقچاقلارغا ئوخشاش بىر خىل سېھرىي كۈچ بار. ئۇ بولسىمۇ، كۆلكە ۋە كومىدىيىلىك تۈستىن ئىبارەت. شۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىمكى، يۇمۇرغا كۆلكە، هەجۋىي، چاقچاقنى خۇش ئاۋاز كۆلكە، لەتىپىگە كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان مۇلاھىزە كۆلكىسى ياكى يەكۈن يوشۇرۇنغان. بۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.
كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن كەڭ، يۇمۇرلار تۇرمۇش دېتاللىرىنى ئۆزىنىڭ مول ماتېرىيال ئامبىرى قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئەكس ئەتتۈرگەن پىكىرلەرمۇ هەرخىل بولىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى رولىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. تۇرمۇش خۇشاللىققا، كۆلكە، چاقچاققا مۇهتاج. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، يۇمۇرنىڭ تۇرمۇشتىكى رولىنى هەرگىز كەم چاغلاشقا بولمايدۇ. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ رولىنى مۇنداق بىر نەچچە نۇقتىغا يىغىش مۇمكىن:
بىرىنچى، يۇمۇرلار ئەينەكلىك رول ئوينايدۇ.
تۇرمۇشتا بەزى ئادەملەر تۈرلۈك يارىماس ئىللەت ۋە قىلىقلارنى يۇقتۇرۋالىدۇ. بەزى ناچار خاهىش ۋە ئىللەتلەر تەدرىجى راۋاجلىنىپ، ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى يامان

سۈپەتكە ئايلىنىدۇ. بۇ خىل ناچار ئىللەت، ناچار خۇلقى-مىجەزلىك ئادەملەر يۇمۇردىكى مەسخىرە سادالىرىدىن چۆچۈيدۇ-دە، ئۆز-ئۆزىنى تونۇۋېلىشقا باشلايدۇ.

مەسىلەن، ئۇ ئىشتىن قايتىپ كېلىپ، چىلىق-چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەن كىيىملىرىنى يۆتكەۋاتاتتى، يامغۇرلۇق چاپاننى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىرىپ كەلگەن ئوغلىغا كايىپ كەتتى.

ئوغلى:

— سىنى كىيىۋالسۇن دەپ يامغۇرلۇق چاپاننى ئېلىپ ئىدارەڭگە بارغانىدىم.

—ئۇنداق بولسا، سېنى ئۇ يەردە كۆرمىدىمغۇ؟

— مەن سىنى ئىدارىنىڭ ئارقا ئىشىكىدە ساقلىدىم.

— هوي دۆت، ئىدارىنىڭ چوڭ ئىشىكى ئالدى تەرەپتە تۇرسا، ئارقا ئىشىكتە ساقلىغىنىڭ نېمىسى؟

— مەكتەپتىكى باللار ماڭا: «سېنىڭ داداڭ دائىم ئارقا ئىشىكتىن ماڭىدىكەن» دېگەن ئىدى. شۇڭا...

بۇ يۇمۇر ناهايىتى قىزىقارلىق دىئالوگ ئارقىلىق ئوبراز يارىتىپ، ئاچچىق ھەقىقەتنى ئىسپاتلىغان. دادىسى ئۆز ئوغلىنىڭ گېپى ئارقىلىق تۇرمۇش ئەينىكىدە ئۆز ۋۇجۇدىدىكى يامان ئىللەتنى كۆرەلىگەن.

ئىككىنچى، يۇمۇرلار روھىي ھالەتنى تەكشەش رولىنى ئوينايدۇ.

كۆپچىلىككە مەلۇمكى، ھايات تۈرلۈك زىددىيەت بىلەن تولغان. تۈرلۈك زىددىيەتلەر ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرىۋاتقان ھەرقانداق ئادەمنىڭ روھىي ھالىتى، كەيپىياتىنىڭ بىردەك بولۇشى ناتايىن. ئاممىۋى سورۇن ياكى ئائىلىلەردە قاملاشمىغان، ئوسال ئەھۋال يۈز بېرىپ قالسا، بىرەر مەنىلىك يۇمۇر ئارقىلىق ئەھۋالنى ئوڭشىۋالغىلى بولىدۇ. پەرزەنتلەر ياكى ئەر-خوتۇنلار ئارىسىدا بەزى ئۇششاق گەپ-سۆزلەر، تالاش-تارتىشلار تۈپەيلىدىن كۆڭۈل ئاغرىقلىرى بولۇپ قالىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئېيتىلغان بىرەر يۇمۇرلۇق سۆز يامانلىشىۋاتقان كەيپىياتنى رۇسلايدۇ. مەسىلەن:

خوتۇنى ئېرىگە تاپا-تەنە قىلدى:

— دادىسى، بۇ باللىنىڭ ئايىغى ياراشمىدى. ئۇ تۇغۇلغاندىن بۇيان بىر تولىمۇ سورۇقچىلىق تارتىپ كەتتۇق.

— ھە ئە، ئۇ تۇغۇلغاندا بىزنىڭ بىر كالىمۇ ئۆلۈپ قالدى ئەمەسمۇ؟

بۇنى ئاڭلاپ تۇرغان بالىسى سۆز قىستۇردى:

— دادا، ئانا، ئەگەر مېنىڭ ئايىغىم ياراشمىغان بولسا، ماگىزىنىدىن يېڭى ئاياغ ئېلىپ بەرسەڭلار بولمىدىمۇ؟

بۇ يۇمۇر بىر ئائىلىدىكى پايدىسىز ھالەتنى بىر كۈلكە بىلەنلا ئوڭشىۋەتكەن. ئاتا-ئانىنىڭ كەيپىياتىنى تەكشەپ، نورمال ھالەتكە كەلتۈرگەن. گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە مۇنداق بىر يۇمۇرنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈردەك قىلىدۇ:

قەدىمكى گرېتسىيىنىڭ بىر ئاتاقلىق پەيلاسوپى بىر قېتىم يېقىن دوستلىرى بىلەن گەپلىشىپ ئولتۇرغاندا، خوتۇنى تۇيۇقسىز ئۆيگە ئېتىلىپ كىرىپ، ۋاڭ-چۇڭ كۆتۈرۈپ، بىر داس سۇنى ئۇنىڭغا قارىتىپ چېچىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستى چىلىق-چىلىق سۇ بولۇپ كېتىپتۇ. بۇ ئىشقا پەيلاسوپنىڭ دوستلىرى ھەيران قېلىپ، ئەمدى بىر جەڭ باشلىنىدىغان

بولدى دەپ ئويلاپتۇ، ئەمما پەيلاسوپ قىلچە ئاچچىقلانماي «مەن گۈلدۈرمامىدىن كېيىن دەھشەتلىك يامغۇر ياغىدىغانلىقىنى ئاللىقاچان مۆلچەرلىگەن ئىدىم» دەپ ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋېتىپتۇ. قۇلايسىز ھالەت شۇنىڭ بىلەن ئۆگشىلىپ، پەيلاسوپنىڭ خوتۇنىمۇ خىجىل بولۇپ چىقىپ كېتىپتۇ.

ساغلام روھىي تۇرمۇشنىڭ تەڭشىگۈچىسى بولغان مۇنداق يۇمۇرلارنىڭ نەمۇنىلىرىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يۇمۇر خەزىنىسىدىن تۈركۈم-تۈركۈملەپ تېپىش مۇمكىن.

ئۈچىنچى، يۇمۇر كىشىلەرنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئاچىدۇ.

كىشىلەرنىڭ كاللىسى تۇرمۇش جەريانىدا تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن قاتماللىشىپ قېلىشى مۇمكىن. جىددىي پەيتلەردە بىرەر مۇھىم ئىش، بىرەر مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە، دەرھال كاللا ئىشلەتمەي، گاڭگىراپ قېلىش داۋاملىق ئۇچراپ تۇرىدىغان ئەھۋال. مانا مۇشۇنداق شارائىتتا ئورۇنلۇق ئېيتىلغان بىرەر يۇمۇر ئادەمنى سەگەكلەشتۈرۈپ، شۇ ئىشنىڭ ئېپىنى بىلىۋېلىشقا، كەم تەرەپلىرىنى تونۇۋېلىپ، غەيرىي خۇلقى-مىجەزلىرىنى تۈزىتىپ، ئوبدان ئادەم بولۇشقا يېتەكلەيدۇ.

مەسىلەن: مۇئەللىم بەڭباش بالىلارنى ئالدىدىكى پارتىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويىدىكەن. بىر كۈنى ئارقا پارتىدىكى بويى ئېگىزرەك بىر بالىنى ئالدىغا يۆتكىگەندە، ئۇ نارازى بولۇپ دەپتۇ:

— مۇئەللىم، ئالدىدىكى پارتىدا ئولتۇرسام، بويۇمغا ماس كەلمەيدىكەن.

— ئولتۇرۇۋەر، بويۇڭغا ماس كەلمىگەن بىلەن خۇيۇڭغا ماس كېلىدۇ، — دەپتۇ مۇئەللىم.

مانا بۇ خىلدىكى يۇمۇرلار كىشىنى زېرەكلەشتۈرۈپ، ئەقىل ئىشلىتىشكە چاقىرىدۇ. ياخشى ئادەم بولۇشقا ئۈندەيدۇ.

تۆتىنچى، يۇمۇرلار رېئاللىقنى تونۇتىدۇ، كىشىلەرنى رېئال تۇرمۇشتىكى ھادىسىلەرگە باھا بېرىشكە، ياخشى-يامانني پەرقلەندۈرۈشكە يېتەكلەيدۇ.

مەسىلەن:

— ھازىرقى بەزى ياشلار ياشانغانلارغا قارىغاندا خېلى «كۈچلۈك» كەن جۇمۇ!

— قانداق دەيسىز؟

— ئاپتوبۇسقا چىقىۋاتقاندا، بەزى ياشلارنىڭ ياشانغانلارنى قىستاپ يىقىتىۋاتقانلىقىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟

مانا بۇ يۇمۇردا كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى رېئال ھادىسىلەرگە باھا بېرىلىپ، ئاجىز، مېيىپ، كېسەلمەن، ياشانغانلارنى ئاسرىمايدىغان «نوچى» لارغا ئوبدان بىر «قامچا» سېلىنغان. كىشىلەر ئۆز ئارا كۆيۈنىدىغان ياخشى ئىستىلنى ئەۋج ئالدۇرۇشقا ئۈندەلگەن.

ئومۇمەن ئالغاندا، يۇمۇرلار ئىجتىمائىي تۇرمۇش، ئىجتىمائىي ئالاقە سورۇنلىرىدا ناھايىتى زور ئەمەلىي تەربىيىۋى رولغا، زوقلاندۇرۇش كۈچىگە ئىگە. ئۇ كىشىلەر مۇناسىۋىتىنىڭ تېخىمۇ ئىللىق، تېخىمۇ تەبىئىي، تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق، تېخىمۇ ئىناق بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ۋاسىتىدۇر.

ئۇيغۇر خەلقى ئىلىم-پەنگە، كۈلكە-چاقچاققا ئامراق بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇيغۇرلاردا «ئۆيۈم ھېيتتىكىدەك بولسا، ئېرىم توي كۈنىدىكىدەك بولسا» دېگەن

سىمۇۋللۇق ماقال بار. ئۇيغۇر يۇمۇرلىرىنىڭ مەزمۇن ئالاھىدىلىكى خەلقىمىزنىڭ يۇمۇرلۇق خاراكتېرى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك. خەلقىمىز ئارىسىدا ئۆتكەن نۇرغۇن ئالىم، يازغۇچى، شائىر، سەنئەتكارلار ھەممە داڭلىق ئەربابلار ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن دانىشمەن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاشۇنداق يۇمۇرلۇق خاراكتېرى كۈچلۈك شەخسلەردۇر. ئۇلار يۇمۇرلۇق سۆزلەرنى ئۆزلىرىنىڭ يېتۈك ئەسەرلىرىدە، داستان، قەسىدىلىرىدە، نۇتۇق-ماقاللىرىدا ئىشلىتىپلا قالماستىن، ۋەزىيەتكە، ئەھۋالغا، سورۇنغا قاراپ ئىشلەتتى. ئۇلارنىڭ مۇنداق قىزىقارلىق، يۇمۇرلۇق گەپلەرنى قىلىشى ھەرگىز باشقىلارنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى مىليونلىغان كىشىلەرگە ئىلھام، خۇشاللىق ۋە ئەقىل-پاراسەت ئاتا قىلىش ئۈچۈن ئىدى، ئەجدادلارنىڭ تەۋەرۈك ئەسەرلىرىدىكى نۇرغۇن يۇمۇرلۇق گەپ-سۆزلەر ھېلىغىچە كىشىلەرنىڭ يادىدا. بۇ بىزگە ئۇدۇم بولۇپ كەلدى.

يۇمۇرلۇق خاراكتېر — بىر خىل ئېسىل خىسلەت. ئومۇمەن يۇمۇرلۇق گەپ-سۆز قىلالايدىغان كىشىلەردە ئاز دېگەندە مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئالاھىدىلىك بولۇشى مۇمكىن:

بىرىنچى، بۇ خىل كىشىلەر بىلىمى چوڭقۇر، ناتىق، پىكرى ئۆتكۈر ئادەملەردىن بولۇپ، مول تارىخىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئىگىلىگەن. ئۇلار ئۆزى ۋە جەمئىيەت دۇچ كەلگەن بارلىق شەيئىلەرگە ناھايىتى دىققەت قىلىدۇ. يۇمۇرلۇق گەپ قىلىشقا بولىدىغان سورۇنلارنى ئالدىن بايقىيالايدۇ، سۆزگە ماھىر كېلىدۇ.

ئىككىنچى، بۇ خىل كىشىلەر ئىدىيىۋى جەھەتتىن كۆپ تەربىيىلەنگەن، قارام، تەۋەككۈلچى ئەمەس، ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن دانىشمەن ئەجدادلارنىڭ قايسى يېتۈك ئەسىرى، قايسى ھېكمەتلىرىدە ياكى قايسى سورۇن، قايسى ئۇچرىشىش، سۆھبەتلىرىدە ئىبمىلەر دېگەنلىكىنى بىلىدۇ، ئۇلار چاقچاقنىڭ شەكلى، ئۇسۇلى، ئۇنۇمىگە ناھايىتى دىققەت قىلىدۇ، شۇڭا ئېيتقان يۇمۇرلىرى ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ياقىدۇ. غەشلىك پەيدا قىلمايدۇ، ئىجتىمائىي ئۇنۇمى كۆزلىگەندەك بولىدۇ.

ئۈچىنچى، يۇمۇرلۇق كىشىلەر ئانا تىلغا ئۇستا، ئىپادىلەش سەنئىتى كۈچلۈك، ھېسسىياتچان ئادەملەردۇر. ئۇلار كىشىلەرگە ھەرگىز قوپال مۇئامىلە قىلمايدۇ، ئەستايىدىل، سەۋرچان كېلىدۇ. تىل سەنئىتىدىكى يۈكسەك ماھارىتى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر بۇ خىل يۇمۇرلۇق خاراكتېردىن يېقىنلىق ھېس قىلالايدۇ. ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىكى نۇرغۇن قىزىقچى، يۇمۇرچىلاردا ئاشۇ خىل خاراكتېر بار. ئاتاقلىق شائىر مەرھۇم تېيىپجان ئېلىيېۋ، شائىر، دراماتورگ شۈكۈر يالقىن، شائىر ئەرشىدىن تاتلىق، مۆمىن سەپىرى ۋە ئۇيغۇر سەھنىلىرىنى جانلاندۇرۇۋاتقان ھېسام، ئاكا-ئۇكا ئابدۇرېشىت قۇربان ۋە ئابلىز قۇربان، ئابلىمىت تۇرسۇن، مەمتىمىن نورۇز قاتارلىقلارنىڭ يۇمۇرلىرى ئۇيغۇر يۇمۇرچىلىقىنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىدىن ئوزۇق ئېلىپ، خەلقىمىزگە كۈلكە لەززىتى ئاتا قىلغان نادىر مەنىۋى مەھسۇلاتلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا مۇناسىپ.

مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «ئادەمنىڭ كۆڭلى خۇددى تۈۋسىز دېڭىزغا ئوخشايدۇ، بىلىم بولسا، ئۇنچە-مەرۋايىتقا ئوخشاش ئۇنىڭ ئەڭ ئاستىدا بولىدۇ، سەن بۇ ئۇنچە-مەرۋايىتنى سۈزۈپ چىقىپ كىشىلەرگە بىلدۈرمىسەڭ، ئۇنىڭ سايدىكى تاشتىن پەرقى بولمايدۇ» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. خەلقنىڭ كۆڭلى ھەقىقەتەن

دېڭىزدەك پايانسىز، ئۇنچە-مەرۋايىتقا ئوخشايدىغان يۇمۇرلار ئاشۇ كۆكۈل دېڭىزىنىڭ ئاستىدا چاقناپ تۇرۇپتۇ. بۇ ئۇنچە-مەرۋايىتلارنى سۈزۈپ چىقىپ، ئىنسانىيەتكە بەھرى يەتكۈزۈش ھەممىمىزنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسى.

ئازادلىقتىن بۇيانقى 40 نەچچە يىل جەريانىدا ئۇيغۇر خەلقى سان-ساناقسىز يۇمۇرلارنى ياراتتى. بىراق بۇ ژانىرمۇ چەكتىن ئاشقان سول لۇشيەنىنىڭ ئېغىر زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماي قالمىدى. يۇمۇر ئىجاد قىلغانلار «قارا گەپ تارقاتتى»، «دارىتما گەپ قىلدى» دەپ قارىلىنىپ، رىيازەت چەكتى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئۇيغۇر يۇمۇرچىلىقى خۇددى باھاردىكى چېچەكلەرگە ئوخشاش چېچەكلەپ، تاتلىق، چۈچۈمەل مېۋە بەردى. 1986-يىلى شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ئۇ. ئۆمەر، ئا. ئۆمەرلەر تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «يۇمۇرلار» ناملىق كىتابنى نەشر قىلىپ، كەڭ جامائەتنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. 1989-يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى راخمانجان رۇسۇل، تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم، تۇرسۇنجان ھاشىم، ئەنۋەر مۇھەممەتئىمىنلار توپلاپ رەتلىگەن «تىكەنلىك گۈل» ناملىق يۇمۇرلار توپلىمىنى، 1992-يىلى شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ئابدۇكېرىم ئىبراھىم تۈزگەن «يۇمۇرلار» توپلىمىنى نەشر قىلىپ، ئۇيغۇر يۇمۇرچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈردى. ھازىر ھەر دەرىجىلىك گېزىت-ژۇرناللاردا، بولۇپمۇ «تارىم»، «قەشقەر ئەدەبىياتى»، «ئىلى دەرياسى»، «يېڭى قاشتېشى» قاتارلىقلاردا ئېلان قىلىنىۋاتقان يۇمۇرلار كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىماقتا. بۇ يۇمۇرلار گوياكى تارام-تارام جىلغىلاردا ئاققان سۇ ئەزىم دەريا ئېقىنىنى ھاسىل قىلغاندەك، ئۇيغۇر يۇمۇرلىرىنىڭ كەڭ دېڭىزىنى بەرپا قىلدى. يۇمۇرچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاپتورلار كۆپىيىپ، قۇدرەتلىك ساتىرا-يۇمۇر قوشۇنى بارلىققا كەلدى. توپلاپ رەتلەنگەن يۇمۇرلار ھەرخىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي خاراكتېرىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈردى. بۇ قوشۇن يۇمۇرنىڭ «قامچا»لىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيىتىمىزدىكى بارلىق ناچار ئىستىل، ناچار خاھىش، ناچار قىلمىش-ئىللەتلەرنى قامچىلاپ، كىشىلەرگە كۈچلۈك بەدىئىي زوق بېغىشلىدى.

ئۇيغۇر يۇمۇرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە بىر مۇنچە نەتىجىلەر قولغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن خەلقىنىڭ تەلىپىدىن تېخى يىراق. توپلاپ، رەتلەنگەن يۇمۇرلارنىڭ سان-سۈپىتى ئانچە يۇقىرى ئەمەس، ئەپلەپ-سەپلەپ يېزىلغان، ئەھمىيەتسىز قۇرۇق گەپلەرنىڭ يىغىندىسى بولۇپ قالغان بەزى يۇمۇرلارنىمۇ ئانچە-مۇنچە ئۇچرىتىپ قالىمىز. بەزى يۇمۇرلار لەتىپە، مەسەللەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىلمەكتە. بۇ خىل يېتەرسىزلىكلەرگە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، يۇمۇرلارمۇ سان-سۈپەت، مەزمۇن جەھەتتە تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ، مۇكەممەللىشىدۇ. بۈگۈنكىدەك ياخشى تارىخىي شارائىتتا، بۇ ژانىر ھەققىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، يۇمۇرچىلىقنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ سەۋىيىسىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈش يولىدا تىرىششىمىز لازىم.

مەسئۇل مۇھەررىر ئارسلان

يۈسۈپجان مەھەممەت

## مەرەيدىغاندىن بىرنى...

ئەپەندىم كىچىك ئوغلىغا شوپۇرلۇق كىنىشكىسى ئالماقچى بولۇپ تولا يول مېڭىپ تاپانلىرىمۇ قاپىرىپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى ھۆكۈمەتتىكى ئاغىنىسى ئۇچراپ قېلىپ ئەھۋالنى بىلىپ:

— ھازىر جاھاننىڭ ئىشلىرىنى ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، ياخشىسى باشلىقنى تېپىپ ئوبدانراق رازى قىلساڭ ھەل بولۇپ قالارمىكىن، — دەپ يول كۆرسىتىپتۇ.

ئەپەندىم ئاغىنىسىنىڭ مەسلىھىتى بويىچە باشلىق بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. باشلىق ئەپەندىم بىلەن قىزغىن ئەھۋاللىشىپ، كىنىشكىغا ھەل قىلىپ بېرىشكە ماقۇل بوپتۇ. ئەپەندىم ئۇزاپ ماڭغاندا:

— ئوغلۇمنىڭ تويىنى قىلماقچى ئىدىم، شۇڭا مەرەيدىغاندىن بىرەرى لازىمتى، — دەپ قاپتۇ. ئەپەندىم:

— چاتاق يوق باشلىق، دېگەن ۋاقتىدا چوقۇم ئەكىلىپ بېرىمەن، — دەپتۇ ۋە باشلىقنىڭ دېگەن كۈنى ئەپەندىم قاۋاقتا بېرىپ، ئۆلگۈدەك ئىچىپ تاماشا قىلىپ ئولتۇرۇشقان بەش ئاغىنىسىنى باشلاپ، باشلىقنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ ۋە باشلىققا:

— باشلىق، مانا، سىز سورىغان مەرەيدىغاندىن بىر ئەمەس، بەشنى ئېلىپ كەلدىم، — دەپتۇ.

## جازالاش

ئەپەندىم سودىگەرچىلىك قىلىۋاتقان مەزگىلدە ئىككى خوتۇن ئاپتۇ. بۇ ئىككى خوتۇن تولا ئۇرۇش-جېدەل قىلىپ، ئەپەندىمگە زادىلا ئارام بەرمەي جاندىن جاق تويغۇزۇپتۇ. بىر كۈنى بىر ئوغرى ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە ئوغرىلىققا كىرىپ تۇتۇلۇپ قاپتۇ. ئەپەندىم بۇ ئوغرىنى قازىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ.

— ئوغرى سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە تۇتۇلغاندىكىن، — دەپتۇ قازى، — ئۇنى قانداق جازالاش توغرىسىدا ئۆزىڭىز بىرەر چارە كۆرسىتىڭ.

— ئۇنىڭغىمۇ ئىككى خوتۇن ئالغۇزايلى، — دەپتۇ ئەپەندىم كۆپ ئويلىنىپ تۇرمايلا.

## شىرنى ئوقۇدى دەمسەن

ئەپەندىم ئوغلى بىلەن ئوۋغا چىقىپتۇ. ئۇلار ئوۋ ئىزدەپ كېتىۋاتقاندا، ئالدىغا بىر شىر ئۇچراپتۇ.

— دادا، — دەپتۇ ئوغلى ئەپەندىمگە، — مەن ئوقۇغان يىرتقۇچ ھايۋانلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

توغرىسىدىكى بىر كىتابتا، شىرنىڭ كۆزىگە قادىلىپلا تۇرۇۋالسا شىر كەينىگە يېنىپ كېتىدۇ، دېيىلىپتىكەن.
— جىم يات، — دەپتۇ ئەپەندىم قورقۇپ مۆكۈۋالغان يېرىدىن قوپماي، — ئۇ كىتابنى سەن ئوقۇغان بىلەن شىرنىڭ ئوقۇدى دەمسەن؟

## رەسىمخانىدا

ئەپەندىمنىڭ ئايالى دائىم ئەپەندىمنىڭ يانچۇقىنى ئاختۇرىدىكەن. بىر كۈنى ئىككىسى رەسىمگە چۈشكىلى بېرىپتۇ. رەسىمچى:
— ئەپەندىم، ئايالىڭىز قولىنى مۈرىڭىزگە ئېلىپ تۇرسا، رەسىم تەبىئىي چىقاتتى، — دەپتۇ.
— ياق، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ئايالىم قولىنى يانچۇقۇمغا سېلىپ تۇرسا تېخىمۇ تەبىئىي چىقىدۇ.

تۇردى نىياز

## قانداق چىدايدۇ

ئەپەندىم دادىسىدىن كىچىك قېلىپ، تاغىسىنىڭ قولىدا چوڭ بوپتۇ. تاغىسى ئۇنى مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىپ مال بېقىشقا سالپتۇ. بۇنىڭدىن ئەپەندىم بەك خاپا ئىكەن. بىر كۈنى تاغىسى ئەپەندىمنى جاڭگالدىن ئوتۇن ئەكىلىشكە بۇيرۇپتۇ. ئەپەندىم ئېشەك ھارۋىسىنى قېتىپ ئوتۇنغا بېرىپ قايتىشىدا، قەستەنگە ئېشەكنىڭ جومبۇسىنى ئۆيىنىڭ ئەتراپىدىكى قوناقلىققا تىقىپ قويۇپ، ھارۋىنى ھەيدەپ كەپتۇ. ئەتىسى تاغىسى ھارۋىغا قاتماقچى بولۇپ قارىسا، جومبۇ يوق تۇرغىدەك.
— ھاي نەسىردىن، جومبۇنى نەگە قويدۇڭ؟ — دەپ سوراپتۇ تاغىسى.
— تۈنۈگۈن يولدا چۈشۈپ قاپتۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم.
— نېمە، نېمىشقا چۈشۈپ قالدى؟ — دەپتۇ تاغىسى زەردە بىلەن، — مەن تېخى سېنى پۇتۇمغا پۇت، قولۇمغا قول بولۇۋالىدۇ. ئەمدى بىرەر قور كىيىم ئېلىپ بېرەي دەپ يۈرەتتىم. ئەمدى بۇ نىيىتىمدىنمۇ ياندىم!
— شۇنداق بولمايچۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم، — بىر جومبۇنىڭ يېتكىنىگە چىدىمىغان ئادەم كىيىم ئېلىپ بېرىشكە قانداق چىدايدۇ؟!

## قارىيالمايمەن

ئەپەندىم قايناق بازاردا ۋېلسىپىتلىق كېتىۋېتىپ ئېھتىياتسىزلىقتىن بىرىنى سوقۇۋېتىپتۇ.
— ساراڭمۇ سىز، — دەپتۇ ئۇ كىشى تېرىكىپ، — كۆزىڭىزگە قاراپ ماڭسىڭىز بولمامدۇ؟
— كەچۈرۈڭ، چاتاقنىڭ ھەممىسى مەشەدە، — دەپتۇ ئەپەندىم كۆزىنى شەرەتلەپ، — ئۆزۈمنىڭ كۆزىنى ئۆزۈم كۆرەلمىدىم، بولمىسا سىزگە سوقۇلۇپ كەتمەيتتىم.

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمائىل

# بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز

## شائىر ئابدۇللا سۇلايمان



ئابدۇللا سۇلايمان 1952-يىلى ئاپرېلدا چىرىيە ناھىيىسىنىڭ دامكۇ يېزىسىغا قاراشلىق تاللىق كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1963-يىلغىچە ئۆز يېزىسىدا باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە، 1966-يىلغىچە چىرىيە ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1966-يىلىدىن 1973-يىلغىچە يېزىدا قايتا تەربىيە ئالغان. 1973-يىلىدىن 1976-يىلغىچە قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان ھەمدە ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شۇ مەكتەپتە بىر مەزگىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1979-يىلى خوتەن ئالىي سىفەن مەكتىپىگە يۆتكەلگەن. ئۇ ھازىر ئاشۇ مەكتەپنىڭ تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى ۋە مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئابدۇللا سۇلايمان ئۆسمۈرلۈك يىللىرىدا ھەم دىنىي مەكتەپ، ھەم پەننىي مەكتەپ تەربىيىسىنى ئالغان. ئۇ چۈشتىن ئىلگىرى پەننىي مەكتەپتە ئوقۇسا، چۈشتىن كېيىن دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ، «بالا تالىپ» بولغان. دىنىي مەكتەپتە يادلاش تەلەپ قىلىنىدىغان ناۋايى، سوپى ئاللايار، خوجا ھاپىز قاتارلىق كلاسسىك شائىرلارنىڭ يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن يېزىلغان غەزەل ھەم ساقىنامىلىرى ئۆزگىچە سېھرىي كۈچى بىلەن ئۇنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالغان. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە يېڭى ئەدەبىيات بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان. ئۇ، دەرسلىكلەرگە كىرگۈزۈلگەن لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئەلقەم ئەختەم، تېيىپجان ئېلىيېۋ قاتارلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇپلا قالماستىن، بەلكى لۇشۈن، ماۋدۇن، گومورۇ، ئەي چىڭ، پۇشكىن، لېرمونتوۋ قاتارلىق ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىنىمۇ قىزىقىپ ئوقۇغان. ئۆزگىچە مەپتۇن قىلىش كۈچىگە ئىگە بۇ ئەسەرلەر ئۇنى قاتتىق ھاياجانلاندۇرغان. دەل مۇشۇ ھاياجان ئۇنى قولىغا قەلەم ئېلىشقا ئىلھاملاندۇرغان. ئۇ دەسلەپ خەلق قوشاقلىرىغا تەقلىد قىلىپ، قىسقا-قىسقا قوشاق، بېيىتلارنى يازغان. كېيىنچە مەكتەپ ۋە يېزا تۇرمۇشىنى تېما قىلىپ يېزىشقا كىرىشكەن. ئۇنىڭ «مۇبارەك مېھمان»ناملىق تۇنجى شېئىرى 1964-يىلى «خوتەن گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان.

ئالىي مەكتەپ ھاياتى ئابدۇللا سۇلايماننىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىدە يۈكسىلىشكە تۈرتكە بولغان. ئۇ قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇش ۋە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش جەريانىدا مول نەزەرىيىۋى بىلىم ئىگىلەپلا قالماستىن، جەمئىيەت ۋە كىشىلىك تۇرمۇش ھەققىدىمۇ مۇئەييەن چۈشەنچە، قاراشلارغا ئىگە بولغان. بۇ يىللاردا ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئاكتىپلىقى، ئىجادىيەت قىزغىنلىقى ھەسسىلەپ ئۆسكەن. شائىر شېئىرىي ئىلھامىنىڭ

ئاجايىپ سىرلىق دۇنياسىغا دادىل قەدەم تاشلىغان ئاشۇ ئۇنتۇلماس يىللاردا تۇرمۇشنىڭ شادلىق بىلەن قايغۇ، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك گىرەلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ ھالىتىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەسەرلەرنى ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلدى. ھازىرغىچە ئۇنىڭ «يۈرۈكڭاش ناخشىلىرى»، «ھايات ئۈنچىلىرى»، «بۇ كوچىدىن ئەخمەتجان ئۆتكەن»، «بۇ — مۇھەببەت، بۇ — ياشلىق»، «مۇھەببەتنىڭ كۆزى يوق»، «بىر ئادەم — بىر ئالەم» قاتارلىق شېئىر ۋە داستانلار توپلاملىرى نەشر قىلىندى.

ئابدۇللا سۇلايمان بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ شېئىرىيەت ژانىرىدا مول مېۋە بېرىپلا قالماستىن، ئەدەبىيات نەزەرىيە تەتقىقاتى ۋە ئوقۇتۇش تەتقىقاتى ساھەسىدىمۇ مۇئەييەن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇنىڭ «خەلق قوشاقلىرىدىكى خوتەن دىيالېكتى»، «تىل سەنئىتى ۋە ئىجادىيەت»، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدا رېئالىزمنىڭ شەكىللىنىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشى توغرىسىدا مۇلاھىزە»، «ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە تەبىئىي پەن»، «تەپەككۇر ئۇسۇللىرى ۋە يېزىقچىلىق» قاتارلىق 28 پارچە ئىلمىي-نەزەرىيىۋى ماقالىسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىلمىي ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىندى. «يېزىقچىلىق بىلىملىرى»، «يېزىقچىلىق بىلىملىرىدىن 636 سوئال-جاۋاب»، «يېزىقچىلىق ئاساسلىرىدىن كونسۇلتاتسىيە» قاتارلىق دەرسلىك ۋە پايدىلىنىش كىتابلىرى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ۋە پەن-تېخنىكا، سەھىيە نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، ئالىي مەكتەپلەر ھەمدە چوڭلار ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇشلۇقى قىلىندى.

ئابدۇللا سۇلايماننىڭ قىزىقىش دائىرىسى نىسبەتەن كەڭ، جاپاغا چىداپ ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش روھى كۈچلۈك. ئۇ ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ئەزەربەيجان شائىرى سەمەت ۋۇرغۇننىڭ «يىگىرمە ئالتە»، «ئانا ھەيكىلى»، «كۆيدۈرۈلگەن كىتابلار» قاتارلىق داستان ۋە شېئىرلىرىنى، خەنزۇ يازغۇچىسى لياڭ شياۋشېڭنىڭ «ھاراق تەسىر قىلمايدىغان ئادەم»، ئامېرىكا يازغۇچىسى مارك تېۋىننىڭ «ئوقۇشۇلماسلىق» قاتارلىق ھېكايىلىرىنى تەرجىمە قىلىپ ۋە باشقىلار بىلەن بىرلىكتە ئاتاقلىق تىبابەت مۇتەخەسسىسى ئابدۇراھمان بىننى رەھمەتۇللانىڭ «دەستۇر ئىلاج» ناملىق چوڭ ھەجىملىك تىببىي قامۇسىنى ئۇيغۇر چىغاتاي يېزىقىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئاغدۇرۇپ، كىتابخانلارغا تەقدىم قىلدى. يېقىندا قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى يەنە ئۇ باشقىلار بىلەن بىرلىكتە تۈزگەن «ئۆسۈملۈك ۋە ئىنسانلار» ناملىق كىتابنى نەشر قىلدى.

ئابدۇللا سۇلايمان گۈزەللىك يارىتىدىغان مەنىۋى پائالىيەت — شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغاندا، تۇرمۇشنى تونۇشنى ۋە ئۇنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشنى ئەڭ مۇھىم نۇقتا دەپ قارىدى. تۇرمۇشقا ۋە گۈزەللىككە بولغان مۇشۇ ئەقىدە ئاساسىدا ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتتى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەستايىدىللىق — نەتىجە قازىنىشنىڭ ئاچقۇچى. بەزىلەر ئىلھامنىڭ رولىنى ھەددىدىن ئارتۇق كۆپتۈرۈۋېتىدۇ. ئىلھام ئوي-پىكىردىكى سەكرەشنى شەكىللەندۈرۈپ، يېڭى بىر بەدىئىي مۇھىت يارىتىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىجادىيەتتە زور قوزغىتىش كۈچىگە ئىگە بولىدىغانلىقى شۈبھىسىز، بىراق ئالاھىدە تەپەككۇرلۇق ھادىسە بولغان ئىلھامغا تەلۋىلەرچە چوقۇنۇشنىڭمۇ ھاجىتى يوق. مەن ئىلھامنىڭ تۇغۇت ئانىسى — ئەستايىدىللىق دەپ قارايمەن. پەقەت تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، كونكرېت ئادەم، ۋەقە-ھادىسىلەرنى، تەبىئەت دۇنياسىنى ئەستايىدىل كۆزەتكەندىلا ھەم چوڭقۇر

تەپەككۇر يۈرگۈزگەندىلا، دەۋر، مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئېستېتىك تەلىپىنى قاندۇرالايدىغان، پەلسەپىۋىلىككە باي بولغان يېڭى شېئىرىي پىكىر، يېڭى شېئىرىي ئوبرازلارغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ».

شائىر ئابدۇللا سۇلايماننىڭ «گۈلباغ ناخشىلىرى»، «جەنۇب غەزەللىرى»، «باغۋەنگە مۇھەببەت»، «ئۆتەڭدىكى قوڭغۇراق» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا، «بۇ كوچىدىن ئەخمەتجان ئۆتكەن»، «يۇرتۇمنىڭ كىشىلىرى»، «خىيال قەسىدىسى»، «تەبىئەت سۇرەتلىرى» قاتارلىق شېئىر، داستانلىرى خوتەن ۋىلايىتى بويىچە 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1990-يىلى ئۇنىڭ «يېزىچىلىق بىلىملىرىدىن 636 سوئال-جاۋاب» ناملىق دەرسلىك ۋە پايدىلىنىش كىتابى ئاپتونوم رايونى بويىچە 2-قېتىملىق مۇنەۋۋەر پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن نەتىجىلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مۇكاپاتلاندى. 1993-يىلى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى، دۆلەتلىك گېزىت-ژۇرناللارنى باشقۇرۇش مەھكىمىسى قاتارلىق 4 ئورۇن ئۇيۇشتۇرغان مەملىكەتلىك ياشلار گېزىت-ژۇرناللىرى مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاش-مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە ئۇنىڭ «تەپەككۇر ئۇسۇللىرى ۋە يېزىچىلىق سەنئىتى» ناملىق ماقالىسى 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «بۇ — مۇھەببەت، بۇ — ياشلىق» ناملىق شېئىرلار توپلىمى دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى بىلەن جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان 4-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدىبلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاش-مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە مۇنەۋۋەر شېئىرىي توپلام مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت، ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقات ساھەلىرى بويىچە قازانغان شان-شەرەپلىرىگە ئاساسەن 1985-يىلى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى قاتارلىق 8 ئورۇن تەرىپىدىن ئۇنىڭغا «چېگرا رايون مۇنەۋۋەر پەرزەنتلىرى» مىس مېدالى، 1992-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر پەن-تېخنىكا خادىمى مۇكاپاتى بېرىلدى. «جۇڭگو ھازىرقى زامان مەشھۇر كىشىلىرى لۇغىتى»، «جۇڭگو ھازىرقى زامان مائارىپچىلىرى لۇغىتى»، «خەلقئارا شەرق ئەدەبىيات-سەنئىتى مەشھۇر كىشىلىرى لۇغىتى»، «جۇڭگو ھازىرقى زامان ياش ئەدىبلىرى لۇغىتى» قاتارلىق ئىسىملىك لۇغەتلىرىدە ئۇنىڭ ئىجادىيەت، ئوقۇتۇش ۋە باشقا ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى تونۇشتۇرۇلدى.

ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىدە مۇئەييەن تەسىرگە ئىگە شائىر ئابدۇللا سۇلايمان ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى، جۇڭگو يېزىچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، جۇڭگو ئازسانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى، غەربىي شىمال يېزىچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى ۋە ئون ئىككى مۇقام ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ يېزىچىلىق ئىلمى جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى.

شائىر ئابدۇللا سۇلايمان يېقىندا «ئۆتەڭدىكى قوڭغۇراق» ناملىق شېئىرلار توپلىمى بىلەن «تىل سەنئىتى ۋە ئىجادىيەت» ناملىق ئىلمىي ماقالىلار توپلىمىنى نەشرگە بەردى. بىز ئۇنىڭ ئىجادىيەت، ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقات قەدەملىرىدىن يەنىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەت ھەم شان-شەرەپ كۈتىمىز.

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم تەييارلىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن

ئەبدەنباي باجاي

## شېئىرلار



قازاق شائىرى ئەبدەنباي باجاي 1939 - يىلى ئالتايدا تۇغۇلغان. 1957 - يىلدىن 1959 - يىلغىچە شىنجاڭ تىل ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان.

ئۇنىڭ «تاغ بۇلاقلىرى» ، «غالىپ ئېقىن» ناملىق شېئىر توپلىمى، «ھەقىقەت ئىزدىگەن ئادەم» ناملىق داستانلار توپلىمى، «چىغىر يول» ناملىق رومانى نەشر قىلىندى. ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، «شۇغىلا» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى.

بىز تۆۋەندە ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىنى كىتابخانلارغا تەقدىم قىلدۇق.

مۇھەررىردىن

### غالىپ ئېقىن

يەر - ئاسمان، دەريا - دېڭىز دەۋرەپ كەتكەن،
ئادەملەر، كەچمىشىڭ كۆپ بىزگە يەتكەن.
تارىخ بىر دەتالاشلىق ئوت ئېقىنى،
ھەقىقەت شۇ ئېقىندا يۇيۇلغان تەن.

كۈن - پەرى، تۈن چىملدىق، تاڭ - نىلۇپەر،
چوڭ بولدۇق كۈرەش بىلەن بىز تاۋلىنىپ.
چۆللەرنىڭ داشقازىنى تولدى كۆرمىڭ،
كېتىشتى سانسىز تامچە ھورغا ئايلىنىپ.

ئوي - دېڭىز، خىيال - كېمە، ھادىس مەزمۇت،
ئالتۇۋنغا كىم ئىشىنەر ئۆپكە قىقىپ.
زۇلمەتلىك زامانلارنىڭ قوزغۇنلىرى،
ئادەمنىڭ باشلىرىنى يېدى چېقىپ.

كىم كۆرگەن مەڭگۈ يۈكسەك مۇنارلارنى،
يوق يەردىن يۈكسەك بولماس ئەمدى يەنە.

تىرىكلىك كۈن نۇرىنىڭ تۇغۇندىسى،
كۈن ئۇلۇغ بارچىسىدىن (قىل تەنتەنە)

غايىسىز تار ماڭلايغا قۇت قونمايدۇ،
چوڭغو دەپ چوڭنى ھەرگىز دېمە دادا.
بۇرنىنىڭ ئۇچى ھەتتا ئايلىقچە يول،
نادانغا؛ نەپسىنى دەپ بولغان ئادا.

سۇ نىچۈن ئاقار دۆڭدىن باش تۆۋەنگە،
دۆڭلەرنى تۈزلۈۋەتكەن قايسى قۇدرەت؟
تارىخ ھېچ ئۆز يولىدىن چەتنىمەيدۇ،
ئالەمدە چۈشىنىشلا يېڭىش پەقەت.

تارىخ — ئۇ رەھىمسىزدۇر، ئۇلۇغدۇر ھەم،
تارىختا كېلەلىگەن كىملەر ھەم تەڭ.
ئۆزىچە تاراقلىغان نوچىلارنى
قىلار ئۇ موللا مۇشۇك، رايىش، دىلتەڭ.

ياز — سېخىي ئاياز — خەسىس، كۈز ۋە كۆكلەم،
قىل سىغماس بىر جەريانىدۇر بىر خىلدا ئۆتكەن.
ئەجدادلار ھاياتىنىڭ ھېكايىسى
يوقالماي چۆچەك بولۇپ بىزگە يەتكەن.

ئارمانغا بېرىلمەستە ئادەمزاتىنىڭ
مۇخ باسقان ئورمانلاردا ئىزى قالغان.
ئىدرەكنىڭ دەزلىرىدىن ئاققان نۇرلار
ياسىدى پىكىردىن تاغ، ئويدىن ۋولقان.

سەزگۈلەر ئايان بولدى شۇنداق قىلىپ،
قول چىقتى تۆرگە، پەگا بەككە قىلىپ.
ھەممىگە يارلىق بېرىپ پىچىم پىچقان،
تارىخنى ياراتقان شۇ ھاكىم خەلق.

ئىزگۈلۈك، رەزىللىكلەر ياۋ ئەزەلدىن،
توتۇشساڭ سۆزلەر شەمشەر، قەلەم نەيزە.
دۇنيانى تۈگىتەلمەس يالماپ ھېچكىم،
بولمايدۇ مەڭگۈ خاقان، ئۆلمەس بەندە.

ھەممىسى ئۆتەر سۇدەك ئېقىپ مانا
قۇلغىمۇ، سۇلتانغىمۇ زېمىن ئانا.
بىر مەھەل تۈن قاراڭغۇسى يېپىلسىمۇ،
ئەتىگە كۈن چىقىدۇ كۈلۈپ يانا.

ئامىتى كەتسە باشتىن باتۇر سۇنار،
كاللا — رول، ئادەم دېگەن باشسىز ئەمەس.
قۇيرۇقى يالغانچىنىڭ بىرلا تۇتام،
پاراسەت، بىلىم، مېھنەت مەڭگۈ ئۆلمەس.

ئوي كېرەك زۇلمەتكە ھەم يورۇقلۇققا،
تونۇيدۇ ھېيلىلەرنى ئوي ۋە زىيا.
تۆھمەتخور، رىياكارلار، مۇتتەھەملەر
يۈزىگە سۈرەر تارىخ قارا سىيا.

سىرت ئەمەس، ئىچ قارىسى چىنىدىن قارا،
يەر بىزنى تۇغقان، باققان ئۇلۇغ ئانا.

ئادەملەر — ئۇنىڭ بەدەن تۈكلىرىدۇر
خەلقلا مەڭگۈ ياشار بۇ دۇنيادا.

چاپىدۇ، ئايلىنىدۇ يەر ئوقىدا،
تۇرمايدۇ بىر ئىزىدا خالايىق — ئەل.
كىم ئۇزدى، كىم ئۇزالماي كېيىن قالدى
ۋاقىتتۇر خالىس — ئادىل كېسىمچى دەل.

ئەقىل ۋە ئەسەبىيلىك ئوت بىلەن سۇ،
ھەقىقەت ئۇپرىمايدۇ — پولات چېقىن.
خىيالپەرەس ئارسلان يەر چىشلەيدۇ
دېڭىزلارنىڭ تاشقىنى — غالىپ ئېقىن.

كىمگە كېرەك خام تۇرۇپ — تاراقلىماق،
ئاخىرى يېڭىپ چىقار، تەمكىن، سالماق.
تارىخ دېگەن پىشقەدەم، دانا ئۇستاز،
بىزگە ھارماي — تېرىكمەي بەرگەن ساۋاق.

## ياشلىقىمنىڭ سۈرىتىگە

خىيال قوغلاپ يۈرگىنىڭ سەن تالاي تۈن،
نىچۈن ماڭا بىگانىدەك قارىدىڭ؟
كۆركەم، رەنا، سەرۋىقامەت ئىرۇرسەن،
بەلكىم مېنى بىر ئەبگا دەپ ساندىڭ.

يۇمران ئىدىم، ياش يوپۇرماق، چىڭگىل چاچ،
بۇ ئۆمۈرگە قويغان چەكسىز ئىشتىياق.
گۇناھسىز مەن، ياۋۇزلۇقنىڭ قولىدىن
باشقا تەگدى قارىسى بار بىر تاياق.

سۆزلەپ بەرسەم بىر-بىر ساڭا ناۋادا،
كەچمىشىمنى ئۆتكەزمىدىم بىكارغا.
چېچىڭ بوزغۇن، قورۇلۇپتۇ يۈزۈڭ، دەپ،
سەنمۇ مېنى سۆكەلمەيسەن زادىلا.

ئاشىق ئىدى ئەزەلدىنلا نۇر ماڭا،
ئاشىق ئىدىم مەنمۇ قالتىس بىر ئاڭا.
تاڭ نۇرىغا سۆيدۈردۈڭ دەپ يۈزۈمنى
تاتلاپ ئالدى جىلۋىسىزلىك بايىلا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاشىق ئىدى ئەزەلدىنلا كۆي ماڭا،
بۇ كۆي سىغماس تار ماڭلايلار ھېچ ساڭا.
ئەدىكنى تاپسەن شۇم باش * دەپ،
شۇ ئاقارتتى چاچلىرىمنى، ھەسرىتا.

ئاشىق ئىدى ئەزەلدىنلا گۈل ماڭا،
ئاي ماڭلىيىم تىگىل ئىدى ھەم ئاڭا.
قىزىل گۈلگە سىپپاتىنىڭ دەپ قىزغىنىپ،
قىزىل تىكەن زەھەر چاچتى باغرىمغا.

تېڭىناتتىم تۈزلۈك بىلەن پاكلىققا،
ئۇلار ئەمما ياقماس ئىدى پاسىققا.
ئۇچۇق سۆزسەن، سەممىي سەن، پاكسەن دەپ
تالاي ئىغىز دەرد تۆكۈشتى، دەرىخا!

ئەزىمەت دەپ زامان ماڭا نام بەردى،
پىگىلىقى بۇ زاماننىڭ شان بەردى.
ئېتىكىمگە كۆپ ئورالدى كونىلىق،
بەلكىم شۇنىڭ بار مېنىڭدە سەل دەردى.

قارا دوستۇم، بولسىمۇ تىغ ھېسلىرىڭ،
نەق ئەينىسەن شۇ چاغدىكى ئۆزۈمنىڭ.
چاچلىرىمغا قونسىمۇ قار، قىراۋلار،
ئوتى يانار يۈرىكىمنىڭ، كۆزۈمنىڭ.

بوياقلىرى ئۆڭگەن بىلەن سىرتىمنىڭ
ئالغا باستىم، شىجائەتكە تۇرتۇلدۇم.
قارىغايدەك زىمىستاننى ئۆتكۈزگەن،
قىرىق ياشتا قىلىچ بولۇپ سۇرتۇلدۇم.

ئالتۇن تاج — ئانا تىلىمسەن ئانا تىلىم،
بەلگىسەن قالىدىغان كېلىچەككە.
بەردىڭ سەن ئۈنىمىزگە قۇش سۈرئىتى
ياڭرىغان، جاراڭلىغان، يەتكەن كۆككە.

ئىزىسسەن مىللىتىمنىڭ ئانا تىلىم،
ئىزىسسەن خاسلىقىمنىڭ جۇت ئۇركىگەن.
قازاقتا شېئىر بەردىڭ يانار تاغدەك،
مەڭگۈگە يېنىپ تىنماي ئوت پۈركىگەن.

تارىخنىڭ، ئايغىسەن ئانا تىلىم،
ھەيۋىتىنىڭ، كارامىتىڭ تاغ يارىدۇ.
مۇقەددەس ئانىمىزنىڭ ئاق سۈتىسەن،
شورىسام ئۇسسۇلۇقۇم-باغ قانىدۇ.

شۆھرىتىڭ تارالغىلى قاچان سېنىڭ،
ئەمەسسەن قىر ئاشالماس بىر بۇرىيا.
قازاقنىڭ جېنى سەن ھەم نومۇسى سەن،
بىز ئۆلسەكمۇ سەن ئۆلمە
مەڭگۈ ياشا!

## شائىرلار بىزنىڭ ئاۋۇلدا

### تېپپىچانغا

ئۇپرىمدىنىڭ ئۇسەكتىن،
شېئىر تۆكتۈڭ، ئوت تۆكتۈڭ.
ئاقكۆكۈل ئۇيغۇر شائىرى،
ئەزەلدىن ئەلگە دوست ئۆتتۈڭ.

يىراقتىن كەپسەن ئاتايىن،
ئەل بار دەپ كۆيگە ئاشناجان.
چىققىن قازاق تۆرىگە،
كەڭ يېيىلدى داستىخان.

چىڭگىلنىڭ چەكسىز دالاسى،
سېنىڭ ئۈچۈن توي قىلدى.
بۈندىن بۆلەك نە كېرەك،
ئۆزىگە تارتسا جان ئوغلى.

### تېۋىلغا

(تېپپىچاننىڭ تېۋىلغا دېگەن شېئىرىنى ئوقۇپ)

تېۋىلغا دېگەن بىر چاتقال،
ئوخشىماس قوپال باشلىققا.

* شۇملۇق تىلەيدىغان ئادەم.

سۈنمايدىغان ئېگىلىپ،
ئوخشايدۇ پولات چۆنقا.

بىلسەك دوستۇم ئۇنىڭدا،
ئانا يەرنىڭ جېنى بار.
رەڭگى قوڭۇر قىپقىزىل،
پاك يۈرەكنىڭ قېنى بار.

قۇياش ئۇنى سۆيىدۇ،
تالاينى كۆرگەن ھەم ئۆزى.
غىڭ قىلماي سويلاپ تۇرغىنى،
شائىرنىڭ ئەينەن مىجەزى.

## شائىر روھى

باقمايتتى ئۇششاق-چۈششەككە،
ئەلنىڭ شائىر ئوغلانى.
كەتمەيتتى بىكار كۈي بولماي،
قىمىز-مەينىڭ دەرمانى.

قازاندەك قايناپ تاشماقلىق،
ياراشماس ئاڭا دېمەڭلار.
سەبىيدەك يايراپ كۈلەتتى،
كۆلكە غېمى يېمەڭلار.

شائىرنىڭ ئاتمىش قىرى بار،
رەڭگارەڭ، تۈيۈق سىرى بار.
بولسىمۇ تاغدەك قامىتى،
قىز مىجەز، نازۇك دىلى بار.

## داستىخان


داستىخىنى قازاقنىڭ
سېلىق تۇرار ھەر دائىم.
ئۇ بىر دەريا قۇرىماس
ئېقىپ تۇرغان مۇلايىم.

ئامىن دەيدۇ قول يېيىپ،
ئاقساقال سۆز قوزغايدۇ.
باش بولمىسا تاۋاقتا،
گۆش تۇرغاندەك بولمايدۇ.

دىلدىن دىللار سۇ ئىچسە،
قىرنىڭ پەيزى بىلىڭلار.
بىر دورەمدە تۈگمەس،
باشقا يەنە كېلىڭلار.

1980-يىل 8-ئاي، چىڭگىل

قازاقچىدىن ئو. ساۋۇت تەرجىمىسى



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



توخاشگۈل ئۆمەر

## ئىككى ھېكايە

### يولدا

تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ، بۇ قېتىمقى ساياھەتكە ناھىيىمىزدىن مەن بارىدىغان بولدۇم. كەچ پېشىن چاغ. ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈككىگە گەۋدەمنى تاشلاپ دىمىقىمدا غىڭشىپ ئولتۇرۇپتىمەن. ئەر-ئاياللارنىڭ كۈلكە-پاراڭلىرى ئاپتوبۇس ئىچىنى بىر ئالغان ئىدى. ئاپتوبۇس قوشنا ناھىيىگە يېتىپ كەلدى. مەن بۇ ناھىيىدىن ساياھەتكە كىم ماڭغاندۇ، دېگەن خىيال بىلەن ئىشىككە بويۇنداپ قارىدىم. قاردىم-يۇ، يۈرىكىم جىغىلداپ كەتتى. يۈزلىرى قارا كۆيۈك تاتۇقلىرى بىلەن قاپلانغان بىر قىز ئېغىر سومكىسىنى كۆتەرگىنچە ئاپتوبۇسقا چىقتى. ئىچىمدە بۇ قىزنى ۋەكىل قىلىپ سايلىغانلارغا ئاچچىقىم كەلدى. شەمۇشە يۈرۈپ خەققە سازايى بولسۇن دېدىمىكىن، دەپ ئويلىدىم كۆڭلۈمدە. ئۇ ئەتراپقا بىر قارىۋېتىپ مېنىڭ يېنىمدىكى بوش ئورۇنغا قاراپ كېلىشكە باشلىدى. شۇ ئەسنادا چىرايلىققىنا بىر قىز ئاپتوبۇسقا چىقتى. مەن ئۇنىڭ مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ ئولتۇرۇشىنى ئارزۇ قىلدىم. بىراق بايىقى تاتۇق قىز ئاللىقاچان يېنىمغا ئورۇنلىشىپ بولغان ئىدى. ئۇنىڭ ئەپتىدىن يىرگەنگۈم كېلىپ، دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئولتۇردۇم.

ئاپتوبۇس سايلىققا يېقىنلاشقانچە ھاۋا ئىسسىشقا باشلىدى. سايلىقنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە ئاپتوبۇس تۇيۇقسىزلا توختاپ قالدى. شوپۇر ئاپتوبۇسنىڭ بىر يەرلىرىنى بىرھازا تەكشۈرگەندىن كېيىن، ھەممىمىزنى يەرگە چۈشۈردى. 7-ئاينىڭ چىڭقى چۈش مەزگىلىدىكى بۇ گىياھسىز سايلىق ئوتتەك قىزىپ كەتكەن ئىدى. تاشلىق سايدىن ئادەمنى كۆيدۈرگۈدەك ئىسسىق شامال كېلەتتى. بىز ئىسسىقتىن پاناھلانغۇدەك جاي ئىزدەپ ئەتراپقا قارىشاتتۇق. لېكىن بۇ سايلىقتا بىرەر تۈپ گىياھمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئېلىۋالغان ئۇسسۇلۇقلىرىمىزمۇ تۈگىدى. ئاپتوبۇس ھېچ ئوڭشىلىدىغاندەك ئەمەس. ئىسسىقنىڭ دەستىدىن لەۋلىرىمىز قۇرۇشقا باشلىدى. كىچىك باللار ئىسسىققا چىدىماي ھەدەپ يىغلايتتى. ئاپتوبۇس ئەتراپىدىكىلەر بىر تېمىم سۇغا تەشنا بولغان ھالدا لەۋلىرىمىزنى يالىشىپ، بىر-بىرىمىزگە تىكىلەتتۇق. بىر چاغدا ھېلىقى تاتۇق قىز ئاپتوبۇسقا چىقىپ يوغان بىر تاۋۇزنى كۆتۈرۈپ چۈشتى. - ھەممىمىزنىڭ كۆزلىرى چاقناپ، سولاشقان گىياھتەك بولۇپ قالغان جىسمىمىزغا جان كىردى. قىز تاۋۇزنى تىلىپ، ھەممىمىزنى

تاۋۇز يېيىشكە تەكلىپ قىلدى. تاۋۇزنى يەپ جىنسىمىزدىن ئۆتۈپ كەتكەن ئۇسسۇزلۇق تەشنالىقى قانغاندەك بولدى. ھېلىقى قىز ئەڭ ئاخىرقى بىر تىلىم تاۋۇزنى ئەمدىلا ئاغزىغا ئاپىرىشىغا، قولىدىكى تاۋۇزنى يەپ بولغان كىچىك بىر ئوغۇل بالا يەنە قەغىش قىلىشقا باشلىدى. قىز قولىدىكى تاۋۇزنى بالىنىڭ ئانىسىنىڭ توسقىنىغا قارىماي بالىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. ھەممىسى قىزغا ئۇستى-ئۇستىلەپ رەھمەت ئېيتىپ كېتىشتى. چاڭقىغاندا جانغا ئەسقاتقان بۇ قىزغا مەنمۇ قايىللىق نەزىرىم بىلەن قارىدىم ۋە بايىقى قىلغانلىرىمدىن ئۆزۈمچە خىجىل بولدۇم. بىر پەستىن كېيىن ھاجەت قىلىش ئۈچۈن نېرىقى تەرەپتىكى يوغان دۆڭنىڭ كەينىگە ئۆتتۈم. ئۇ يەردە بايىقى چىرايلىق قىز يالغۇز ئولتۇرۇپ قوغۇن يەۋاتاتتى. ئۇنى كۆرۈپ جايىمدا تۇرۇپلا قالدىم. توۋا، ئادەمنىڭ تېشىغا قارىماي، ئىچىگە قارا، دېگەن گەپ بىكار ئەمەسكەندە، دېدىم-دە، ئاستا كەينىمگە ئۆرۈلدۈم.

## خاتىرە ۋە قىز

ئۇ خاتىرىنى قولىغا ئېلىپلا ئېچىپ قارىدى. بىرىنچى بېتىگە ھۆسن خەت بىلەن بىر قىزنىڭ ئىسىم فامىلىسى يېزىلغان، ئىككىنچى بېتىدىن باشلاپ ئاخىرىغىچە كىتاب ئوقۇش تەسىراتى يېزىلغانىدى. ئۇ بۇ خاتىرىنى باشتىن-ئاخىر ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن قىزنىڭ ئوقۇغان كىتابلىرىنىڭ كۆپلۈكىگە، تەپەككۇر قابىلىيىتىگە ھەيران بولدى. قارىغاندا قىز خېلىلا يۇقىرى سەۋىيىلىك بولسا كېرەك، ئۇنىڭ چوڭقۇر مەزمۇنلۇق پىكىرلىرى ئادەمنى قايىل قىلاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھەر كۈنى بىكار ۋاقىت تاپسىلا خاتىرىنى ۋاراقلاپ، ئۇنىڭدىن ھوزۇرلىنىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالدى. خاتىرە ئىگىسى قانچە تىنىلداۋاتقاندۇ، دەپ ئويلايتتى ئۇ مەرۋايىتتەك تىزىلغان قۇرلارغا ھەر بىر نۆۋەت كۆز يۈگۈرتكىنىدە. ئەمدى ئۇ خاتىرە ئىگىسىنى تېپىپ، خاتىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى، ئۇنى بىر كۆرۈشنى شۇنچە ئارزۇ قىلىدىغان بولدى. بىراق بۇنداق چوڭ شەھەردە ئۇنى قانداقمۇ تاپقىلى بولسۇن؟ بۇنچىلىك بىلىملىك قىز چوقۇم كېلىشكەن، چىرايلىق قىز بولۇشى مۇمكىن. كىم بىلىدۇ، بۇ خاتىرە ئارقىلىق بىر-بىرىمىزگە باغلىنىپ قالامدۇق تېخى، — دەپ ئويلايتتى ئۇ. بۇ ئويلار ئۇنىڭ قىزنى ئىزدەپ تېپىش ئارزۇسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

بىر كۈنى تويۇقسىزلا ئۇ گېزىتتىن قىزنىڭ ئىسمىغا ئوخشايدىغان بىر ئىسىمنى كۆرۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئالدىراپ-تېنەپ خاتىرىنى كۆتۈرۈپ گېزىتخانىغا كەلدى. ئۆزىنىڭ بۇ خاتىرىنى تېپىۋالغانلىقىنى، خاتىرىدىكى ئىسىم بىلەن گېزىتتىكى ئىسىمنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، سۈرۈشتۈرۈپ بېقىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

— ئويمۇ ئوخشاشكەن، — دېدى مۇھەررىر خاتىرىنى يىگىتكە سۇنۇپ، — خاتىرىدىكى پۇچۇركا بىلەن بىزگە ئەۋەتكەن ئەسەر بىر ئادەمنىڭ پۇچۇركىسى ئىكەن. ئۇ قىز ھېلى كەلمەكچى، كۆرۈشمەكچى بولسىڭىز بىردەم ساقلاڭ.

قىز بىلەن ئۇچرىشىشنى ئويلاپ ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەشكە باشلىدى. قىزغا قىلىدىغان گەپلىرىنى ئىچىدە نەچچە رەت تەكرارلىدى. بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن دېرىزىگە يۆلىنىپ تۇرغان مۇھەررىر ئۇنى چاقىردى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— قاراڭ، ئۇ قىز كېلىۋاتىدۇ.
ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزە ئالدىغا كەلدى-دە، لاسسىدە بوشىشىپ كەتتى. 20 ياشلار ئەتراپىدىكى بىر قىز قولتۇق تايىقىغا تايانغىنىچە بۇ تەرەپكە كېلىۋاتاتتى. ئۇڭ پۇتىنىڭ بوش پۇشقىقى لەپەڭلەپ تۇراتتى. يىگىت تېڭىرقىغان ھالدا بىرئاز تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ بارلىق شېرىن خىياللىرى يوققا چىققانىدى. ئۇ قولىدىكى خاتىرىنى ئۇستەلگە قويدى-دە، مۇھەررىرگە تۆيدۇرمايلا ئاستاغىنا ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

**پاشاگۈل ئىسمايىل**

## ئانا

(نەسىر)

ئانا!

ھەرقېتىم بۇ يېقىملىق سۆزنى تىلغا ئالغىنىمدا لەۋلىرىم گويا ياپراقتەك تىترەپ، يۈرىكىم تىنىمسىز تېپىرلايدۇ. ئاشۇ ئۇلۇغ نامىڭ ۋۇجۇدۇمغا كۈچ، قەلبىمگە ئاراملىق، ھاياتىمغا يېڭى مەنە بېرىدۇ. ئالتۇن قۇياش ئۆزىنىڭ سېخىي نۇرلىرىنى يەر يۈزىگە چېچىپ، جىمى مەۋجۇداتنى بەھرىمەن قىلغىنىدەك، سېنىڭ ئاشۇ ئىللىق كۆكسۈڭ چاڭقىغان يۈرىكىم ئۈچۈن تۈگىمەس بىر بۇلاق.

ئىبخ ئانا!

قىراۋدەك ئاپئاق چاچلىرىڭ، يۈزۈڭدىكى سانسىزلىغان قورۇقلار مېنى ھۇزۇر-ھالاۋەتلىك بۆگۈنكى كۈنگە ئېرىشتۈردى، مېھرىبانلىق ھەققىدە گەپ بولغاندا، كۆز ئالدىمغا يېقىملىق ۋە مۇلايىم چېھرىڭ كېلىدۇ. سېنىڭ ئاشۇ ئاجىز، ئورۇق جىسمىڭ ۋاپادارلىق، ئاق كۆڭۈللۈك، چىدام-غەيرەت بىلەن تولغان. مەن سېنى ھەرقانچە خاپا قىلساممۇ سەممىيلىك بىلەن تەربىيە بېرىپ، چېھرىمگە تەبەسسۇم بىلەن باقسەن. تاڭ قۇياشى پارلاش بىلەن پىشانەمنى سۆيۈپ ئويغىتىسەن، ئورنىمدىن تۇرغىنىمدا رەتلىك، پاكىز كىيىملەرنى تەييارلاپ، ئىسسىق تائام بىلەن ھۇزۇرلاندۇرۇپ مەكتەپكە يولغا سالىسەن.

ئىبخ، پۈتۈن جىسمى سۈت بىلەن يۇغۇرۇلغان مېھرىبان ئانا! سەن ماڭا كىشىلىك تۇرمۇش ۋە ھاياتلىق توغرىسىدا تۇنجى دەرس بەرگەن كۆيۈمچان ئوقۇتقۇچۇم. دۇنيادا قانداق ياشاشنى، بەختنى قانداق تونۇش ۋە قانداق قولغا كەلتۈرۈشنى ئۆگىتىپ غۇرۇرلۇق قىلىپ ئۆستۈرگەن تەلەپچان ئوقۇتقۇچىمسەن. ئىنسانلارغا قانداق قاراشنى، ھاياتنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى سېنىڭدىن ئۆگەندىم. ئانا، سەن مېنىڭ تاجۇ-تەختىم، بەخت يۇلتۇزۇم!

كىشىلىك دۇنياسىدا ئانىنىڭ مۇھەببىتىدەك ساپ، پاك مۇھەببەت يوق، ئەسلا يوق.

ئانا، مەن سېنىڭ ھەمىشە مەن ئۈچۈن غەم يەۋاتقانلىقىڭنى، مېنىڭ كۈلكەمگە ۋە يىغامغا تەڭ شېرىك بولۇۋاتقانلىقىڭنى كۆرگىنىمدە تولىمۇ خىجىل بولىمەن، مۇشۇنچىلىك قىلىپ قويغىنىڭمۇ يېتەتتىمۇ؟! ئاھ ئانا، جاپالىق ئەمگەكنى، بەدەلسىز مېھنەتنى مىزان

قىلغان كۆيۈمچان ئانا، مەن شۇ تاپتا تەپەككۇر دولدۇلىغا منىپ جاھاننى كېزىپمۇ سىنىڭ ئېسىل خىسلىتىڭگە باپ كېلىدىغان سۈپەت تاپالمىدىم. كەچۈر قىزىڭنى ئانا!

ئانا، سىنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئازاب-ئوقۇبەتلىك كۈنلىرىڭ كەلمەسكە كەتتى. بۈگۈن سىنىڭ ئازاد بولغىنىڭغا 84يىل بولغان خاسىيەتلىك كۈن. بۇ قۇتلۇق بايرىمىڭغا مۇبارەك بولغاي، مەن سىنىڭ ئەجىرلىرىڭ بەدىلىگە ھەر يىلى قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىم بىلەن جاۋاب بېرىمەن. مېنىڭ قازانغان ھەر بىر ئۇتۇق، غەلبەم، شۆھرىتىم، بەختلىك كۆلكەم ساڭا مەنسۇپ. سالامەت بول، جان ئانا! ساڭا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمەن!!!

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

ئەمەتجان مۇھەممەت

## تۈگمەن

چىغىر يوللارنى ئۇلاپ ئۆز ئارا،
قاسراق تاشلاپ ماڭغان يىلاندەك
جىرالاردىن توپلانغان ئېقىن
جان كىرگۈزەر
ئۇرۇش پوتەيلىرىدەك
زومچەك-زومچەك سۇ تۈگمىنىگە.

قىيسىق ئىشىك ئېچىلىپ ھېلى
يۈتەلگەنچە چىقىدۇ بىر چال
پوستەك بېسىپ كەتكەن تۈگمەندىن،
پۈتلىرىدا قۇتاز مۇڭگۈزى
تېنەپ يۈرگەن ئۇگۇتچىلەرگە
ئۇگۇت، ئۇگۇت دەپ چالىدۇ سىگنال.

ئۇگۇت، ئۇگۇت دەپ ئايلىنىدۇ تاش،
چېقىلدۇرغۇچ ناخشا بىلەن خۇش.
ئۇخلاپ قالار قوناق ئىگىسى
قاردەك ئۇنغا كۆمۈلۈپ بىر پەس.
سىگنال بېرىپ بۇرغا ئاۋازى
ئۇزۇلگىچە شېرىن چۈشلىرى.

ئۇزاپ كېتەر نۇرغۇن ھاجەتمەن
ئېشىكىگە ئارتىپ ئۇننى.
كەكىسنى تۇتۇپ ئىشكتە،
بۇرغىسنى چالار تۈگمەنچى.

قالار يەنە يىلانباغرى يول
مەللەرگە ئۆزىراپ كىرىپ.
غايىب بولار ئېقىن بىر يەردە
ھاجەتمەنلەر بېغىغا سىڭىپ.

چېقىلدۇرغۇچ بىرخىل رىتىمدا
ئۆز تىلىدا ناخشا بىلەن خۇش.
سۇقۇلىدۇ چاقپەلەك سۇغا
يەر شارىنى چۆرۈۋاتقاندەك.
ئېغىر تاشنى ئايلاندۇرىدۇ
داللارنىڭ چۈشىنى بۇزۇپ.

بۇرغىسنى چېلىپ تۈگمەنچى
يۈتەلگەنچە ئىشكتىن چىقىپ
كۈتەر ھېلى ئۇگۇت كېلەر دەپ،
دېگەندەكلا كېلەر ئۇگۇتچى.
چىغىر يول بىلەن
ئېشكىدە ئارتىلغان ئۇگۇت
قولتۇقىدا جىگدە تايىقى.

.........

ئەسىرلەر ئۆتەر
سۇ تۈگمىنىدىن
ئۇزۇلمەيدۇ بۇرغا ئاۋازى،
تۈگەپ كېتەر تاشمۇ ئۇپراپ،

ئۈزۈلمەيدۇ چېقىلدۇرغۇچنىڭ
ئۆز تىلىدا ئېيتقان كۈيلىرى.
ئۈپىرىمايدۇ ئاشۇ چىغىر يول
ئۈپىرىمايدۇ شۇ سۇ تۆگمىنى.
لېكىن

ئاڭقىرالماس كېلىپ كەتكەنلەر
بۇرغىنىڭ،
چېقىلدۇرغۇچنىڭ،
ئېغىر تاشنىڭ ھەم
نېمە دېگىنىنى.

**ئوسمانجان ئابدۇرەھىم**

## سەھرا ئوغلىمەن

مەن سەھرا ئوغلىمەن، سەھرادا ئۆسكەن،
سەھراغا تۆكۈلگەن كىندىكىم قېنى.
ئېخ! سەھرا مەن سېنى بېرىلىپ سۆيگەن،
باغرىڭغا باسقىنسەن بالام دەپ مېنى.

مەن سەھرا ئوغلىمەن، سەھرادا ئۆسكەن،
چېھرىمگە رەڭ بەرگەن سەھرا زىياسى.

ئۇ رەسسام تەگرىنىڭ قولىدا پۈتكەن،
جەننەتنىڭ ئەندازى ھەر بىر گىياسى.

مەن سەھرا ئوغلىمەن، سەھرادا. ئۆسكەن،
كۈيۈمگە كۈي قوشار تورغاي ۋە بۇلبۇل.
ھەر زەررە تۇپرىقىڭ ئىپارلار تۆككەن،
قاناتلىق يەللىرىڭ مىسلى بىر دۇلدۇل.

**خەنگۈل مەخەت**

## ھايات قەدرى

ھايات دېگەن ئۇچقۇر بىر ئېقىن،
كەچمىشلىرىم گويا بىر كاراپ.
ئۆرتمەكتە يۈرەكلىرىمنى
مانا ئەمدى ئاچچىق ئىزتىراپ.

يۇشايماننىڭ ئازابلىرىنى
ئۆكسۈشلىرىم باسالمىدى ھېچ.
ئەقلىم تۇرۇپ سەزگۈم باغرىغا
ئۇردى ئەمدى دەھشەتلىك قىلىچ.

ئەمدى بىلدىم تا بۈگۈنگىچە،
ئاققان سۇدەك ئۆتۈپتۇ ئۆمرۈم.
ئۆزگە ئۈچۈن تەر تۆكمەپتىمەن،
غەشتۇر شۇڭا بۇ ئالتۇن كۆڭلۈم.

ئەمدى بىلدىم ھايات قەدرىنى،
ئەمدى ئەقىل كىرگەندەك ماڭا.
ھېس قىلمەن تۆھپەڭ قايسى دەپ،
بىرى سوئال قويغاندەك ماڭا.

خىسلىتىمدىن يانسا مۆجىزە،
ئۇرۇن ئالسام دىللار تۆرىدىن.
چېچەك ئاچسا ھەردەم-ھەرئەسنا،
كۆلەر ئىدى ئارمان-ئۈمىدىم.

ئۆتكەنلەرگە قويدۇم مەن چېكىت،
يېڭىباشتىن باشلاندى ياشلىق.
ئەيىب ئەمەس يولدا مۆدۈرۈش
ئەيىب ئەمەس سۆيۈملۈك شاشلىق...

**ئابدۇرېشىت مىجىت**

## ئۈجمە

سالام ئېيتىپ كەلدىم ئېرىق بويى قاتار ئۈجمە،
چىنار قەددى كەبى مەزمۇت تېنىڭدە كۈچ-مادار ئۈجمە.

سېخىيلىق بابىدىن ئېيتسام سېنىڭدىن مەرت غەنى بولماس،
مېۋەڭ-ئۇ شىرنە-شەربەتتىن يۈرەك دەرمان تاپار ئۇجمە.

ھېسابسىز خىسلىتىڭ بىلگەچ ھەۋەس قىلدىم ساڭا شۇنچە،
يېپەك كارۋانى نامىدا ئەجەب زور تۆھپىكار ئۇجمە.

ئۇلۇغ تارىخلىرىم بىلسەم بوۋاملار ئوق-ساداق قىلغان،
قەغەز كەشپىمۇ دەسلەپتە سېنىڭدىن باشلىنار ئۇجمە.

بۈيۈك مەرغۇل مۇقامىمنىڭ ئەمەسكەن نازىلى سەنسىز،
چىنار قەددىڭ بىلەن پۈتكەچ دۇتار، تەمبۇر، ساتار ئۇجمە.

ئۇزۇن گەپنى كېسىپ ئېيتسام پۈتۈن تۇرمۇشتا لازىم سەن،
گىلەمچى ھەمدە باپكارغا يارامىلىق دەستگاھ ئۇجمە.

تەقەززا تەرىپى زىنھار تامام ئەتكۈسى مۇمكىنمۇ،
بۈيۈك تۆھپەڭ ھامان تارىخ بېتىدە ساقلىنار ئۇجمە.

ئەبلى ھوشۇر

## نۇر

(بىر يېزا باشلىقى خاتىرىسىگە)

دىللارغا ئاقتى مىسلى نۇر بولۇپ،
داغلارنى ئالدى رەھىمسىز يۇلۇپ.
كۆلىسە گۈللەردەك ئەلنىڭ ئارمىنى،
ئۇچتى ئۇ كۆكتە شادلىققا تولۇپ.

مېۋىلىك دەرەخ ئېگىلگەن قەددى،
تەمكىن يىللار ئۇ — قورۇقلار قاتقان.
يۈرىكى ئۇنىڭ بۇ ئانا سەھرا،
چەكسىز ئۇپۇقنى قۇچاقلاپ ياتقان.

مۇنىياز ئەبلى

## ئىككى رۇبائىي

1

بەرگىنىگە قونمىسۇن چاڭ ۋە توزانلار،
ئەجرىڭدىن ئېچىلغاي تاشتا گۈل-چېچەك.
پاك بولغىن، پاكلارنىڭ گۈلباغلىرىغا
قۇياش نۇر تۆكىدۇ ئېتەك ۋە ئېتەك.

2

باي مەن دەپ تەمەننا قويما ئۆزۈڭگە،
شەيتانلار كۆرسىتەر شەيتان كۆزۈڭگە.
گېدەيسەڭ سۇنسەن ھامان بىر كۈنى،
قۇدرەتمۇ قالمايدۇ ئۆز ۋە سۆزۈڭدە.

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



## غۇلجىدا 6-نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» ۋە 2-قېتىملىق يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

1994-يىلى 7-ئاينىڭ 26-كۈنىدىن 30-كۈنىگىچە غۇلجىدا ئاپتونوم رايون بويىچە 6-نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» ۋە 2-قېتىملىق يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى خەلچەم ئىسلام، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىجىتناسىر، مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ دائىمىي ئەزاسى ساۋدانوپ زاھىر، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى قەييۇم تۇردى، ئىلى قازاق ئوبلاستىنىڭ باشلىقى بېكمۇقامېت مۇسا، ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى زۇنۇن قۇتلۇق، ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى جاڭ گولياڭ ۋە غۇلجا شەھىرىنىڭ باشلىقى پولات ئۆمەر قاتارلىق رەھبەرلەر قاتناشتى. يىغىنغا ئىلى ئوبلاستلىق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەھەممەتجان سادىق رىياسەتچىلىك قىلدى. ئوبلاستلىق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى جۇمەدىل مامان ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى. مىجىت ناسىر، زۇنۇن قۇتلۇق، جاڭ گولياڭ، قەييۇم تۇردى قاتارلىق رەھبەرلەر تەبرىك سۆزى سۆزلىدى.

بۇ قېتىمقى يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى، ئىلى ئوبلاستلىق پارتكوم بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلدى. ئوبلاستلىق، ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى ساھىبخانلىق قىلدى.

بۇ يىغىن ئىلى ۋىلايىتى، غۇلجا شەھىرى، قاراماي شەھىرى، قورغاس، چاپچال، توققۇز تارا ناھىيىلىرى ۋە غۇلجا ناھىيىسىنىڭ دولان دېھقانچىلىق مەيدانى، ئىلى ئوبلاستلىق ئېلېكتر سانائىتى ئىدارىسى، ئىلى ۋىلايەتلىك ئاشلىق باشقارمىسى قاتارلىق 34 ئورۇن ھەمدە شاۋكەت ئابدۇش، تۇرسۇن خېلىل قاتارلىق 17 مەرىپەتپەرۋەر تىجارەتچىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىگە ئېرىشتى.

يىغىندا بېيجىڭ «مىللەتلەر ئەدەبىياتى»، «تارىم» قاتارلىق 10 ئەدەبىي ژۇرنال تەرىپىدىن تەۋسىيە قىلىنغان 68 ئەسەر ئىچىدىن 26 ئەسەر تاللىنىپ، «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى. مۇكاپاتلاشتا ياش ئاپتورلار نۇقتا قىلىنغان.

يىغىندا نۇقتىلىق ھالدا يېڭى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. قۇربان بارات، مەھەممەتجان راشىدىن، ئىمىن تۇرسۇن، قاسىم سىدىق

قاتارلىق ئەدىبلەر يىغىندا ئىلمىي ماقالە ئوقۇپ ياكى مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ يېڭى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئۈستىدىكى قاراشلىرىنى شەرھىلىدى.

يىغىن داۋامىدا شائىر مەھەممەتجان سادىق ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ 42 يىللىقى ۋە ھايات سەپىرىنىڭ 60 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن مەخسۇس مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. يىغىنغا يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەھەممەت شاۋۇدۇن رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى قەييۇم تۇردى شائىرنىڭ ئىجادىيەت يولى ۋە تۆھپىسىنى تونۇشتۇردى. ئابدۇۋەلى كېرىم، ئابلىكىم ئابدۇراخمان، پەرھات جامال قاتارلىقلار ئىلمىي ماقالە ئوقۇپ، شائىر ئىجادىيىتىگە يۇقىرى باھا بەردى. قېيۇم سوپى، تۇرسۇنجان ھاشىم، مامۇت زايىت قاتارلىق ئەدىبلەر شائىرنىڭ شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلدى. يازغۇچى قەييۇم تۇردى بىلەن شائىر جۇمەدىل مامان شائىر مەھەممەتجان سادىققا تون كىيدۈردى. بېيجىڭ «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، «تارىم» ژۇرنىلى، «قەشقەر ئەدەبىياتى» قاتارلىق ژۇرناللار ۋە ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، ئاپتونوم رايونلۇق، ئوبلاستلىق، ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىلىرى، «ئىلى كەچلىك گېزىتى»، «ئىلى گېزىتى» ھەمدە شائىرنىڭ دوست-بۇرادەرلىرى، ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ 30 دىن ئارتۇق كوللېكتىپ ۋە شەخس شائىرغا تۇرلۇك خاتىرە بويۇملىرى تەقدىم قىلدى.

يىغىندا مەھەممەت شاۋدۇن تەھرىرلىك تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ تەربىيىلىنىشى، تەھرىرلىك سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، تەھرىرلىكتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر توغرىسىدا سۆز قىلدى. «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىدىن ئابلىز ھوشۇر ژۇرنال باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ قېتىمقى يىغىندا ژۇرناللار ئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇشنىڭ دەسلەپكى قەدىمى بېسىلدى. يىغىن داۋامىدا پېشقەدەم يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈپ، ئۇنى دەۋر ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇش توغرۇلۇق سۆز قىلىپ، ياش ئاپتورلارنى ئىلھاملاندۇردى.

ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىجىت ناسىر ۋە بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشقان 100 دىن ئارتۇق ئالىم، ئەدىب، جۇملىدىن ھەرقايسى ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىرى، 6-نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ئاپتورلار ئىلى رايونىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىنكى تەرەققىياتىنى كۆردى. ئۇلار ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىنى ۋە چاپچال ناھىيىسىدىكى ئالىم يۈسۈپ سەككاكىنىڭ مازىرىنى زىيارەت قىلدى. چاپچال ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت ئۇلارنى مەنزىرىلىك تاغ سەيلىگاھىدا قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئۇلار يەنە غۇلجا ناھىيىسىنىڭ موللىتوختىيۈزى يېزىسىدىكى سادىر پالۋان قەبرىسىنى زىيارەت قىلدى. غۇلجا ناھىيىسىدىكى سەنئەت خۇمار خەلق مېھمانلارنى باغ سەيلىسى قىلدۇردى. خەلق قىزىقچىسى ھېسام قۇربان ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى لەتىپ، پەرھات، ساللار ئۆزگىچە قىزىق چاقچاقلىرى بىلەن مېھمانلارنىڭ شادلىقىغا شادلىق قوشتى.

يىغىننىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشى بىلەن 7-نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» ۋە 3-قېتىملىق يېڭى دەۋر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنىنى كېلەر يىلى «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى مەسئۇل بولۇپ ئۆتكۈزىدىغان بولدى.

بۇ قېتىمقى يىغىنغا ئاتاقلىق يازغۇچى ۋاڭ مېڭ قاتارلىق شەخسلەر ھەم كۆپلە-گەن ئورۇنلار بېغىشلىما ۋە تەبرىك تېلېگ-راممىلىرى ئەۋەتتى.

يىغىن ئاخىرىدا «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى يىغىن قاتناشچىلىرى بىلەن ئايرىم سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، «تارىم»-نىڭ يېقىندىن بۇيانقى خىزمەت ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى، ژۇرنالنىڭ تەلەپ-ئېھتىياجىنى چۈشەندۈردى، ئاپتورلارنىڭ پىكىر-تەلەپلىرى-نى ئاڭلىدى.

ئۆز خەۋىرىمىز

## 6-نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» پائالىيىتىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر

«مەڭگۈلۈك ياشلىق» (ئەدەبىي ئاخبارات) قەيسەر مىجىت «تارىم» 94. 4-سان

«ئىلھامغا باي كېچىلەر» (شېئىرلار) مۇھەممەت كامال «تارىم» 94. 4-سان

«قىنى سەن قىزىم سەلىمە» (ئوچېرك) دولقۇن ئەلى «مايىۋلاق» 94. 1-سان

«تەمبۇر مەرغۇلى» (شېئىر) تۇرسۇنجان ھاشىم «مايىۋلاق» 94. 2-سان

«ئېھ سەھرا» (ھېكايە) ياسىنجان سادىق «قەشقەر ئەدەبىياتى» 93. 4-سان

«پارىنىڭ گۈلى ناخشىسى» (شېئىر) مەھەممەت سالىم «قەشقەر ئەدەبىياتى» 93. 5-سان

«جاراھەت» (ھېكايە) پەخرىدىن مۇسا «بوستان» 94. 1-سان

«قىسمەت قوڭغۇرىقى» (شېئىرلار) ئەسقەر ياسىن «بوستان» 94. 2-سان

«داۋۇت دازباۋ» (ھېكايە) تۇرسۇنجان ئەمەت «ئىلى دەرياسى» 93. 4-سان

«ئىككى بارماق» (ھېكايە) ماخمۇت مەھەممەت «ئىلى دەرياسى» 93. 5-سان

«نىدا» (باللادا) تۇرسۇنمەھەممەت ئىمىن «ئىلى دەرياسى» 94. 1-سان

«يانئۇار تونى» (شېئىر) پەرھات جامال «ئىلى دەرياسى» 93. 6-سان

«غورا خىياللار» (ئوبزور) ئابدۇبەسىر ئاشۇكىرى «تۇرپان» 94. 1-سان

«غەزەللەر» مەھەممەت خېۋىر (تۇرپان) 94. 2-سان

«ئايال دىرىكتور» (ھېكايە) ھاۋاخان «قۇمۇل ئەدەبىياتى» 94. 2-سان

«سادا» (چاتما شېئىرلار) ئەمەت ناسىر «قۇمۇل ئەدەبىياتى» 94. 1-سان

«قىسقا ھېكايىلەر» ئەركىن نۇر «تەڭرىتاغ» 93. 4-سان

«تۇز قەسىدىسى» (شېئىر) ئابدۇقادىر جالالىدىن «تەڭرىتاغ» 93. 3-سان

«تونۇردا» (ھېكايە) ئايمۇھەممەت ساھىپ «يېڭى قاشتېشى» 93. 6-سان

«خالتا كوچىدىكى چۈشلەر» (شېئىرلار) مەھەممەت چاۋار «يېڭى قاشتېشى» 94. 3-سان

«ئالتۇن چىشلىق ئىت» (ھېكايە تەرجىمىسى) مەتمىن ھوشۇر (سۈيۈنچىك تەرجىمىسى) «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» 94. 2-سان

«چاقچاقچى مىللەت» (شېئىر تەرجىمىسى) مەھەممەت شاۋۇدۇن (ۋاڭ يىجى تەرجىمىسى) «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» 94. 3-سان

«يۇلتۇزسىز كېچە» (شېئىر) ئامانگۈل ئىلى «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» 94. 1-سان

«ئۇششۇگەن ياپراق» (ھېكايە) باھارگۈل ساۋۇت «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» 93. 3-سان




شائىر مەھەممەت-
جان سادىق
ئىجادىيىتى مۇھاكى-
مە يىغىنىدىن
كۆرۈنۈشلەر

يىغىن مەيدانىدىن بىر
كۆرۈنۈش




مەھەممەتجان سادىققا
تون كىيدۈرۈش



مەھەممەتجان سادىق
ياش ئەدىبلەر بىلەن

سۈرەتلەرنى ئادىل ئىسمايىل، مىرزىئەخمەت مەھەممەتلەر تارتقان




《塔里木》文学月刊(维吾尔文) TARIMA MONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

تارىم

编　　辑：«塔里木»编辑部
出　　版：新疆人民出版社
排　　版：«博格达»电子排版中心
印　　刷：乌鲁木齐市印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
国外发行：中国国际图书贸易总公司
订阅、零售：各地邮局所

1994-يىل 11-سان (405-سان)، 44-يىل نەشرى.
تۈزگۈچى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.
ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22-قورۇ، تېلېفون نومۇرى: 416214.
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى، «بوغدا» ئېلېكترونلۇق
مەتبەئە مەركىزىدە تىزىلدى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك باسما زاۋۇتىدا
بېسىلدى. ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ.
جۇڭگو كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ.
مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ.

国际标准刊号：ISSN 1002–9044
国内统一刊号：CN 65–1010/I
国外代号：Q 4462
邮发代号：58–66
定　价：2.20元
邮政编码：830000

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى: ISSN 1002–9044
مەملىكەت بويىچە بىرتۇتاش ژۇرنال نومۇرى: CN 65–1010/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى: Q 4462
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 58-66، باسما تاۋاق: 10، باھاسى: 2.20 يۈەن
پوچتا نومۇرى: 830000

广告许可证：新工商广字010054 19号